XINJIANG YISHU XINJIANG ART

6
1989



AltunOq

# شىنجاڭ سەنئىتى

ئەتلەس توقۇش
(جۇڭگوچە رەسىم)
تۇردى ئىمىن سىزغان.




ھۈنەر
(ماي بوياق رەسىم)
ئىمىنجان ئابدۇرېھىم سىزغان.



# شىنجاڭ سەنئىتى

(قوش ئايلىق سەنئەت ژۇرنىلى)

9-يىل نەشرى

# 6

## 1989

# بۇ ساندا


يېڭى باشلىنىش (ماقالە) .................................... جۇجيېڭ (3)
ئۈجمىزارلىقتا (دراما) ............................ چېن زىدۇ، ياڭ جيەن، جۇشاۋپىڭ،
«ئۈجمىزارلىقتا» دراممىسىنىڭ ھازىرقى زامان دراممىچىلىقىدىكى ئەھمىيىتى (ماقالە) ... (68)
ھۆسن خەت ئەسەرلىرى .............................................. تۇرسۇن ئەكرەم (75)
سەنئەت سېپىدىكى تۆھپىكار ئەرباب (ماقالە) ....................... زىننەت قۇربان (76)
تىياتىرچىلىقتىكى ئورۇنداش سەنئىتىگە دائىر دىئالېكتىكىسى توغرىسىدا (ماقالە)
..................................................................... ھېيتەم ھۇسەيىن (80)
ناخشا تېكىستلىرى ............ ياسىن ئىمىن، مۇھەممەتجان ئوسمان، تۇراپ دايىم،
ئابلىجان ھېيت (86)
شىنجاڭنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى بىناكارلىق سەنئىتى توغرىسىدا (ماقالە)
......................................................................... ھەسەن ئابدۇرېھىم (89)
شان - شۆھرەت تېمىسىز مېھنەتتىن كېلىدۇ (ماقالە) ..................... ھەبىبە نىياز (98)
نەيچىلىكنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى توغرىسىدا (ماقالە) ......... ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم (103)
تالانت ۋە ئىجتىھات (ماقالە) ........................................ تەلئەت ناسىرى (109)
رېژىسسورنىڭ بەدىئىي ئىجادچانلىقىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا (ماقالە)
(ماتېرىيالدىن) (112)
سەنئەت ئۇچۇرلىرى ............................................. (ماتېرىيالدىن) (124)
«شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق ئومۇمىي مۇندەرىجىسى .................. (125)
يۈرەك ياشلىرى (ناخشا) ........................ سۆزى: تېيىپجان ئېلىيوپنىڭ،
مۇزىكىسى: ئەبەيدۇللام ئىبراھىمنىڭ (128)


مۇقاۋىنىڭ 1 - بېتىدە: سەنئەت سېپىدىكى پېشقەدەم ئەرباب — سىراجىدىن زۇپەر
(ماي بوياق رەسىم) سوپاخۇن ئەيسا سىزغان.

2 - بېتىدە: «ئەتلەس تىقۇش» (جۇڭگوچە رەسىم) تۇردى ئىمىن سىزغان.
«ھۇنەر» (ماي بوياق رەسىم) ئىمىنجان ئابدۇرېھىم سىزغان.

3 - بېتىدە: «تۆمۈرچى» كاتۇ (شىبە)فوتوسى، «قوشماقلار» غوپۇر قادىر فوتوسى.

4 - بېتىدە: «سېرىق چاچلىق قىز» (ماي بوياق) رېنور سىزغان.

بۇ ساندىكى قىستۇرما رەسىم ۋە ماۋزۇلارنى تۇرسۇنجان ئابدۇرېھىم ئىشلىگەن.

## 2-نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!

# يېڭى باشلىنىش

### 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى ھەققىدە مۇلاھىزە

**جۇ جيەنگو**

مول ۋە رەڭدار 2 - نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى. سەنئەت بايرىمى جەريانىدا، رايونىمىزدىكى 21 كەسپىي سەنئەت ئۆمىكى 20 مەيداندىن ئويۇن قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە كونسېرت، سېرىك 10 مەيدان، تىياتىر (ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) 10 مەيدان بولدى. گۈزەل، كۆركەم، كۆز چاقنىتىدىغان بۇ كونسېرت، تىياتىرلار بارچە خەلق تەنتەنە قىلىۋاتقان ئالتۇن كۈزدىكى مەرىكە — بايرامغا ھۆسن - رەڭ قوشۇپلا قالماستىن، رايونىمىزدىكى سەنئەت خادىملىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىجاد قىلغان مۇنەۋۋەر سەنئەت نەتىجىلىرىنى مەركەزلىك ھالدا نامايەن قىلدى، شۇ ئارقىلىق بىر - بىرىدىن ئۆگىنىش، ئۆزئارا ئەينەك قىلىش، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئورتاق يۇقىرى كۆتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات - سەنئىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت مەقسەت ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئوينالغان كونسېرت، تىياتىرلاردىن شۇنى روشەن كۆرۈۋېلىش مۇمكىنكى، رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات - سەنئەت خادىملىرى ئۇزۇن مۇددەتلىك سەنئەت ئەمەلىيىتى داۋامىدا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇردى، «خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش» يۆنىلىشىدە ۋە «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا چىڭ تۇردى، بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىۋى ئېقىمى يامراپ كەتكەن چاغلاردىمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە سەنئەت غايىسىدىن تەۋرەنمىدى، ئۆزلىرىنىڭ بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالمىدى، قاتمۇ - قات قىيىنچىلىقلارنى قەيسەرلىك بىلەن يېڭىپ، ئىجاد قىلىپ، مۇئەييەن ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق ۋە بەدىئىي سەۋىيىگە ئىگە بىر تۈركۈم تىياتىر، كونسېرتلارنى تەييارلاپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە سوتسىيالىزمغا مەدھىيە ئوقۇلغان ناخشا - كۈيلەرنى زوقمەنلىك بىلەن جاراڭلاتتى. بايىنغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى ئىجاد قىلغان بەش پەردىلىك ئوپېرا «شەرققە تەلپۈنۈش»تە، ئوپېراغا

AltunOq

خاس لىرىكچانلىق خۇسۇسىيەت جارى قىلدۇرۇلۇپ، بىر جۈپ موڭغۇل، رۇس يىگىت - قىزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى مەركەزلىك تەسۋىرلەش ئارقىلىق تورغوتلارنىڭ جەسۇرلۇق بىلەن ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشتەك باتۇرانە ھەرىكىتى مەلۇم نۇقتىدىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا قورال بىلەن ئادەمنىڭ ئېلىشىشلىرىمۇ، روھ بىلەن تەننىڭ كۈچ سىنىشىشلىرىمۇ، سەلتەنەتلىك مىللىي ئۆرپ - ئادەت، گۈزەل تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرىمۇ، ئادەملەرنىڭ پىسخىك ۋە تۇيغۇ - ھېسسىيات تەسۋىرلىرىمۇ بار. بۇ ئوپېرا مانا شۇنىڭ بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينالدى.

40 يىلدىن بۇيانقى يەر - جاھاننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلغۇدەك ئۆزگىرىشلەر ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىك مۇساپىسى ھەردەم - ھەمىشەم ئىجادكارلارنىڭ كۈچلۈك ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى قوزغاپ، ئىلھام بولىقىغا، سيوژىت بولىقىغا ئايلاندى. كۆرەككە قاتناشتۇرۇلغان كونسېرت، تىياتىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى رېئال تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، ئۇلاردا دەۋر، تۇرمۇش پۇرىقى گۇپۇلداپ تۇرىدۇ. خوتەن، ئالتاي سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ نومۇرلىرىدا ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئېلىپ كەلگەن يېڭى تۇرمۇش، يېڭى قاراش، يېڭى ئۆزگىرىشلەر قىزغىن مەدھىيەلەنگەن، ئۇلار شۇنچە ساغلام، جانلىق، يېڭى، كۆركەم ۋە نەفس بولۇپ ھەر قانداق ئادەمنى جەلپ قىلىپ، يۈرەك تارىنى چېكىدۇ. بىڭتۇەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلى «ئاچقۇچىلار ناخشىسى»نى كۆرگەندە، كىشىنىڭ بىڭتۇەن جەڭچىلىرىنىڭ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىش روھىغا ئاپىرىن ئېيتقۇسى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا، ئىختىيارسىز ھالدا ئېلىمىز بېسىپ ئۆتكەن مۇساپە ۋە باسماقچى بولغان مۇساپە كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. بۇ ئۇسسۇللۇق ناخشىنىڭ ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكرى مۇكەممەل، قۇرۇلمىسى پۇختا بولۇپ، قاتلاملىرىمۇ بىر قەدەر يۇقىرى.

مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ھەرگىزمۇ مىللەتنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىدىن ئايرىلمايدۇ. قەشقەر سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان ناخشا - ئۇسسۇل «ئاماننىساخان ۋە پەنجىگاھ مۇقامى» — ئون ئىككى مۇقامغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە مەيدانغا چىققان چوڭ تىپتىكى ناخشا - ئۇسسۇلدۇر. ئۇنىڭدا يېڭىچە ئاكوردلاشتۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىپ، ئون ئىككى مۇقام مۇزىكىسىنىڭ كۈچ - قۇدرىتى نامايەن قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۇسسۇللىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي سەنئەت خەزىنىسىدىن سۈزۈپ ئېلىپ، تاۋلىنىپ ۋە ئۇنىڭغا يېڭى نەرسىلەرنى قوشۇپ ئۈستۈرۈلگەن بولغاچقا، قويۇق، روشەن مىللىي ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالىغان. ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ھارماي - تالماي تىرىشىش روھى ماختاشقا ئەرزىيدۇ. بۇلاردىن باشقا، خوتەننىڭ «ئۇدۇن ئۇسسۇلى چاڭگەندە» ناملىق ئۇسسۇلى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىنىڭ «ماناستىن پارچە»سى، ئاياللار خورى، ئىلى قازاق ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان ئومۇمىي مۇزىكا، ئىلى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ «قەدىمكى شىبە ئوۋچى» دېگەن ئۇسسۇلى قاتارلىق نومۇرلار مۇنبەت ئەنئەنىۋى سەنئەت تۇپرىقىدا پورەكلەپ ئېچىلغان خۇش پۇراق گۈللەردۇر. بۇ گۈللەر ئۆكتەبىردىكى سەنئەت گۈلزارلىقىغا ئۇنتۇلماس خۇش پۇراق بەخش ئەتتى.

ئەلۋەتتە، ۋارىسلىق قىلىش يېڭىلىق يارىتىش ئۈچۈندۇر. قەدىمكىنى ھەممىدىن ئېسىل چاغلاپ ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرالماسلىق — ئىجادچانلىقنى بوغۇپلا قالماستىن، مىللىي سەنئەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىنىمۇ بوغۇپ، چۈشەپ قويىدۇ. يېڭى تۇرمۇش، يېڭى تونۇش، يېڭى سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە تەقەززا. مۇنداق يېڭى سەنئەت مۇقەررەر سۈرئەتتە مىللىي سەنئەت، مىللىي تۇرمۇش تۇپرىقىدا يىلتىز تارتىدۇ. بۈگۈنكى زامان سەنئىتى — قۇياشتىن نۇر ئېمىۋاتقان، زامانىمىزنىڭ شەربەت - كەۋسىرىدىن تويۇنغان سەنئەت بولۇشى كېرەك. بۇنداق سەنئەت ئېچىۋېتىش روھى، ئالەمدەك كەڭ سىغىمچانلىقى بىلەن مىللىي مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ، بەدىئىي ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇشى كېرەك. ئالتاي ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان ئەڭ چوڭقۇر تەسىراتى شۇكى، ئۇلار ئورۇنلىغان نومۇرلاردا يېڭى مەزمۇن، يېڭى ئىنتىلىش بولۇپ، ئادەتتىكىچە ئەمەس. ئۇلار نوقۇل ھالدىلا مەلۇم خۇشاللىقنى ئىپادىلەش، تۇرمۇش، ئەمگەك جەريانىنى شەكلەن ئىپادىلەشتەك ماھارەت جەھەتتىكى دورامچىلىقلارنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، تۇرمۇشنىڭ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا كۆزگە چېلىقىدىغان مۇئەييەن بۆلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، جىسمانىي ھەرىكەت ۋە شەكىل يارىتىش ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئادەمنىڭ ھېسسىيات ئۆزگىرىشىنى جانلىق ئىپادىلەپ، ھېسسىيات بىلەن شېئىرىي مەنزىرە، گۈزەللىكنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرغان. «قىزىل قىيىنزارلىق» تىكى نەفىسلىك، «بوستان چاچلىق قىز» دىكى گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىش ۋە جەزبىدارلىق، «ئۇۋچىنىڭ مۇھەببىتى» دىكى ھېسسىيات ئۆزگىرىشلىرىنىڭ توغرىلىقى قاتارلىقلار نومۇر ئىجادچىلىرىنىڭ ئاجايىپ تىرىشچانلىقىنى تولۇق نامايەن قىلدى. «كىچىك ئاققۇ» دىكى سەبىيلىك، ئويناقلىق ۋە ئوماقلىق، تارتىمچانلىق نومۇر ئىجادچىسىنىڭ ئاققۇنىڭ ھەرىكەت، قىياپەت، ئادەتلىرىنى ئىنچىكە كۆزەتكەنلىكى، بەدىئىي جەھەتتە پىششىقلاپ ئىشلەشكە ئېتىبار قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە بىر تەرەپتىن ئوبيېكتىپ شەيئىلەر توغرىسىدىكى ھېسسىي بىلىشنىڭ چوڭقۇر ياكى تېيىزلىكىنىڭ بىر ئەسەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىقىش - چىقالماسلىقىدا زور رول ئوينايدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىدىكەن. بىڭتۇەن سەنئەت ئۆمىكى ئورۇنلىغان «قۇملۇق بىلەن يېشىل دولقۇننىڭ ئىناقلىقى» دا جانلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق قۇملۇقنى يېشىل بوستانغا — ئۆزۈمزارغا ئايلاندۇرۇش كۈرىشى ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ كىشى قەلبىنى مەھلىيا قىلىدىغان لىرىك - شېئىرىي مەنزىرە ياراتقان. «تۇرمۇش مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ» دا ئاچقۇچىلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتنى راھەت دەپ بىلىپ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ شۇنچە ئاددىي - ساددا بولۇپ، كىشىگە تولىمۇ يېقىملىق تۇيۇلىدۇ. بۇنىمۇ ياخشى يارىتىلغان ئەسەر دېيىشكە بولىدۇ.

تىياتىر (ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىجادىيىتى بىزدە ئاجىز ھالقا بولۇپ كەلگەنىدى. بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىدا ئوينالغان 10 مەيدان تىياتىر ئىجادكارلارنىڭ چوڭ تىرىشچانلىقى، سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش، تۇرمۇشنى تونۇشتەك غايەت زور قىزغىنلىقىنى نامايەن قىلدى. ئورۇنلاش جەھەتتە 1 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن 6 نومۇر ئىچىدە تىياتىر ئۈچ ساننى ئىگىلىدى. بۇ ھال تىياتىر قوشۇ-

نىنىڭ خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى جانلىق ئىسپاتلاپ بەردى. «قانلىق ئىزلار» ۋە «ئوت» — قومۇل، ئاقسۇ سەنئەت ئۆمەكلىرى بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىغا تەقدىم قىلغان چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىرلار. بۇ تىياتىرلار كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. «قانلىق ئىزلار» نىڭ توپ ئىدىيىسى بىر قەدەر روشەن، ئۇسسۇللىرىنىڭ مىللىيلىكىمۇ ئىنتايىن قويۇق بولۇپ، تىياتىرنىڭ مۇزىكىسىنى مىللىيلاشتۇرۇش، تىياتىرلاشتۇرۇش ۋە خاسلاشتۇرۇش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان. «ئوت» نىڭ ئۇسسۇللىرى خېلىلا يېڭى بولۇپ، بىر قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك. مۇراتنىڭ نىسا قىزنى ساقچى ئەمەلدارىغا ياتلىق قىلىشى ئىپادىلەنگەن ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل، گۈلنىڭ غوجىدارنى مەس قىلىشى ئىپادىلەنگەن ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل ھەمدە داقا - دۇمباق ساداسى ئىچىدە ساقچى ئەمەلدارىنى قەتلى قىلىش ئىپادىلەنگەن كوللېكتىپ ئۇسسۇل قاتارلىقلار ئۆزگىچىلىككە ئىگە. تىياتىردىكى بارلىق ئارتىسلارنىڭ ھەرىكەتلىرى باشتىن - ئاخىر رەتلىك، ئاساسلىق ماھارەتنى ئىگىلىشى پۇختا. مېنىڭچە، بۇ ئىككى تىياتىرنىڭ سيۇژىتى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەمما بۇ سيۇژىتلار كۆڭۈلدىكىدەك ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىڭ ماتېرىيالى ئەمەس. دېھقانلارنىڭ قوزغىلىڭىنى ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئارقىلىق ئىپادىلەشتە، بەدىئىي جەھەتتە ياخشى ھەل قىلىش قىيىن. بۇ ئىككى ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىڭ بەزى جەھەتلەردە بۆسۈشكە ئىگە بولالىشى، ھازىرقىدەك سەۋىيىگە يېتەلىشىدىن ئۇلارنىڭ نەقەدەر جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن.

«يىراقتىكى يېزا» دا پاجىئەلىك جۇدالىق ۋە شادلىق ۋىسال كۈنلىرى ھەققىدە ھېكايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى تولىمۇ ساددا بولۇپ، ئاددىمىگە بەكلا يېقىملىق تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۇنىڭدا نەم تۇپراقنىڭ خۇش ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرىدۇ. ئاددىمىگەرچىلىك، ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكى، ئېسىللىكى چاقناپ تۇرىدۇ. ناھىيىنىڭ سەنئەت ئۆمىكى بولغان قۇتۇبى ناھىيىلىك شىنجاڭ چۈزى تىياتىر ئۆمىكى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان زامانىۋى تىياتىرلارنى ئىجاد قىلىپ ئويناپ، ئۆزىگە خاس يول ئاچتى، قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى جۇغلىدى. شۇڭلاشقا «يىراقتىكى يېزا» نى ئورۇنلاش ئۇلار ئۈچۈن ئوڭاي بولدى. تىياتىرنى ئويناشتا ئۇلار قىلچە بوشاڭلىق قىلمىدى، سەھنە ئىستىلى قاتتىق، تۇرمۇشقا يېقىن بولدى. مۇنداق ئارتۇقچىلىقلارنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ناۋادا، بۇندىن كېيىن ئارتىسلارنىڭ ئاساسلىق ماھارەت جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى كۈچەيتىلمىدىغان، بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاسىتىلىرى تولۇقلانمىدىغان، مۇكەممەللەشتۈرۈلمىدىغانلا بولسا، بۇ بىردىنبىر ناھىيىلىك شىنجاڭ چۈزى تىياتىر ئۆمىكى تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

باشقا تىياتىرلارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرى بار. ئەمما، ئومۇمەن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەمەلىيەت شۇنى كۆرسەتتىكى، تىياتىرلارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش نۆۋەتتىكى ھەممىدىن جىددىي، مۇھىم ۋەزىپىدۇر. مۇناسىۋەتلىك باشقۇرغۇچى ئورۇنلار تىياتىر ئىجادىيىتىنى كۈندىلىك خىزمەتلەر قاتارىدا چىڭ تۇتۇشى، تىياتىر ئىجادىيىتىگە ئىلھام بېرىدىغان بىر يۈرۈش چارە - تەدبىرلەرنى قوللىنىشى كېرەك. تىياتىرنىڭ نېمە بولۇشى بى-

لەن كارى بولمايدىغان، تىياتىرنىڭ ھېچقانداق رولى يوق، دەپ قارايدىغان ھالغا چۈشۈپ قال-ماسلىقى كېرەك.

كىشىلەر شۇنىڭغا دىققەت قىلىدىكى، بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىدا ئىجادىيەت مۇكاپاتى ۋە 1 - دەرىجىلىك ئورۇنلاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەنلەر ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، ناھىيىلىك سەنئەت ئەمەكلىرى بولدى. بىراق قوشۇنى چوڭ، سەرخىل سەنئەت ئۆمەكلىرى بولسا بىرچەتتە بويۇن قىسىپ قالدى. جايلاردىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ مۇنداق بىردىنلا كۆتۈرۈلۈشىدىكى سەۋەب شۇكى، بىرىنچىدىن ئۇلار تەربىيىلىگەن ئارتىسلار ۋە ئىجادىيەت خادىملىرى ئۆسۈپ يېتىلگەن، ۋايىغا يېتىشكە يۈزلەنگەن؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار ئىچكىرىدىن ۋە ئاپتونوم رايوندىن سەنئەتكارلارنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنى ئويۇن تەييارلاشقا ۋە مەشىقلىرىگە يېتەكچىلىك قىلدۇرغان. بۇ ئەھۋال ئاساسىي قاتلامدىكى سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ بەدىئىي سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە مۇھىم رول ئوينىغان.

بۇ نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىدا ئىزدىنىش خاراكتېرىدىكى بەزى تىياتىر، نومۇرلارمۇ ئوينالدى. بۇلار ھەققىدە كىشىلەرنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇ نورمال ئەھۋال. تۇرمۇشى يېڭىچە نۇقتىئىنەزەر، يېڭىچە شەكىل، يېڭىچە ئېقىم، ئۇسلۇب بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە تىرىشىش روھى ئومۇمەن ئالقىشلاشقا ئەرزىيدۇ. ئەمما يېڭىلىققا ئىنتىلىش، ئۆزگىچىلىكنى كۆزلەش ھەرگىزمۇ ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قارىغۇلارچە ئىشلەش بولۇپ قالماستىن ۋە تۇرمۇشتىن يىراقلاشقان ھالدا «مەن»نى بىر تەرەپلىمە ئىپادىلەش بىلەن بولۇپ كەتمەستىن، بەلكى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن يالقۇنلۇق دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، «مەن»نى خەلق ئاممىسى بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش، كۈچلۈك بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىش كېرەك.

2 - نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمى غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى. بىز تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، 3 - نۆۋەتلىك سەنئەت بايرىمىنى تېخىمۇ مول سەنئەت نەتىجىلىرى بىلەن كۈتۈۋالايلى.

خەنزۇچىدىن **ماخمۇتجان ئىسلام** تەرجىمىسى

---

## يۇمۇر

— سىزنىڭ كىتابىڭىزنى ئىشلىتىپتۇ، دەپ ئاڭلايمىز، راستمۇ؟

— راست، مەن ئۆزگەرتىشكە قوشۇلدۇم.

— ھە، ئۆزگەرتىدىغان جايلىرى جىقمىكەن؟

— پەقەت، بېشىغا بىر كىشىنىڭ ئىسمى قوشۇلىدىكەن.

— كىمنىڭ ئىسمىكەنغۇ؟

— كىمنىڭمۇ ئەمەس، شۇنداق ئۆزگەرتكەندىمۇ قەلەم ھەققىنىڭ يېرىمى كېمىيىدۇ - دە.

— ھە؟! ...

**نۇرمەھەممەت زامان**



# ئۆچمەس ئالقىتا



(جۇشاۋپىڭنىڭ شۇ ناملىق ھېكايىسىگە ئاساسەن ئۆزگەرتىلگەن)

**چېن زىدۇ، ياڭ جيەن، جۇشاۋپىڭ**

[ۋاقتى: 1968 — 1969 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە.]

[ئورنى: شەنشىنىڭ سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكى].

**قاتناشقۇچىلار:**

| | |
|---|---|
| لى جىندۇ | ئەترەت باشلىقى، 46 ياشلاردا. |
| شۇسەيفاڭ | لى جىندۇنىڭ تۇل قالغان كېلىنى، 18 ياشلاردا. |
| يۇۋا | گەنسۇلۇق بۇغدايچى، 20 ياشلاردا. |
| لى فۇلىن | لى جىنسەينىڭ چوڭ ئوغلى. «خوتۇن سارىڭى» 28 ياشلاردا. |
| يۈ ۋا | لى فۇلىننىڭ سىڭلىسى، 12 ياشلاردا. |
| چېن چىڭنۇ | لى فۇلىننىڭ خوتۇنى، 17 ياشلاردا. |
| ۋاڭ جىكېي | گۇمانلىق قاتىل، 30 ياشلاردا. |
| ميەن ۋا | ۋاڭ جىكېينىڭ ئوغلى، 8 ياشلاردا. |
| جۇشاۋپىڭ | زىيالى ياش، 17 ياشلاردا. |
| لى جىنمىڭ | ماخوچى، 60 ياشلاردا. |
| ليۇ مۇدىر | گوڭشې كادىرى، 30 ياشلاردا. |
| كەپسەنچى | 40 ياشلاردا. |
| باۋۋا | خەلق ئەسكەرلىرى باشلىقى، 29 ياشلاردا. |
| باۋۋانىڭ ئايالى | 25 ياشلاردا. |
| لى جىنسەي | لى فۇلىن، يۈ ۋانىڭ دادىسى، 50 ياشلاردا. |
| جېن سەيشىن | لى فۇلىن، يۈۋانىڭ ئانىسى، 45 ياشلاردا. |
| ليۇ شېنزى | لى جىنشىڭنىڭ ئايالى، دەللال، 50 ياشلاردا. |
| لى فۇلىڭ | لى فۇلىننىڭ ئىنىسى، 16 ياشلاردا. |

AltunOq

| | |
|---|---|
| لى جىنشېڭ | كەمبەغەللەر ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى، 50 ياشلاردا. |
| لى جىنشېڭ | ياچېيكا سېكرېتارى، 50 ياشلاردا. |
| لى فۇچۈەن | بوغالتىر، 25 ياشلاردا. |
| لى جىنفا | كۆكشىپ ئەزاسى، 50 ياشلاردا. |
| سۈي پىڭيەڭگە | 23 ياشلاردا. |
| لى فۇگۈي | سۈي پىڭنىڭ ئېرى، 28 ياشلاردا. |
| لىۇچاڭگۈي | ئەترەت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى، 50 ياشلاردا. |
| چىڭنىيۇنياڭ | مەۋھۇم پېرسوناژ، 50 ياشلاردا. |
| لى فۇمىيەن | ۋاڭ جىكېنىڭ ئايالى، 24 ياشلاردا. |

مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىرلار، بۇغدايچىلار، ئۇجمىزارلىق كەنتىدىكى ئاھالىلار، بىكار تەلەت يىگىتلەر، خەلق ئەسكەرلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى، قېرى كالا «خۇزى». قوشنا كەنت خەلقى، بۇغداي بازىرىدىكى خوجايىنلار قاتارلىقلار.

[**سەھنە تۈزۈلۈشى:** سەھنىنىڭ ئالدى تەرىپى ياڭپايلى كەتكەن سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك. ناۋادا ئۇزاق يىللاردىن بېرى بۇ سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكنىڭ باغرىدىغا ∽ شەكىللىك ئىزلار قالدۇرۇلمىغان، تارىخ ئۇنىڭ سول ئارقا تەرىپىگە دۆۋىلىگەن ئاشۇ زۇمچەك - زۇمچەك قەدىمىي تاش ھەيكەللەر بولمىغان بولسا، بۇ سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك تېخىمۇ يىراقلارغا سوزۇلغان بولار ئىدى. ئەمما ئۇ تېخى ئۇنچە يىراقلارغا سوزۇلغىنى يوق. ئۇ بەدەشقانلىرىنى قۇرۇپ، جىمجىتلىقنا ئولتۇرۇپ ئىستىقامەت قىلىۋاتقان سۇرلۇك تەيجى پالچىسىغا ئوخشايدۇ. سەھنىنىڭ ئالدى ئوڭ تەرىپىدە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىن مىراس قالغان كونا قۇدۇق بىر خىل سىرلىق تەرىزدە سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك بىلەن يىراقتىن ئۇدۇلمۇ - ئۇدۇل كۆرۈنىدۇ.

سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكنىڭ ئارقا تەرىپى — سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى چىغىر يول شەكىللىك يانتۇ كەتكەن كىچىككىنە تۆپىلىكتە قاپقاراڭغۇ كېمىر ئۆيلەر بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە قىرلار بىلەن تاش ھەيكەللەرنىڭ خارابىسى جايلاشقان، سەھنىنىڭ سول تەرىپىدە مال قوتىنى، يەم - خەشەك قويىدىغان ئۆي بار. ئۆينىڭ ئىشىك كېشەكلىرىنى ئىرماش - چىرماش قارىغاي ۋە ئارچا يىلتىزلىرى قاپلاپ كەتكەن. ئويۇن باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئايلانما سەھنىنىڭ ئوڭ يۈزىدىكى ياڭپايلى سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك تاماشىبىنلارغا يۈزلىنىپ تۇرىدۇ. قارا تاۋادا تىكىلگەن ئوتتۇرا ۋە يان پەردىلەرگە ئورالغان سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك تېخىمۇ سۇرلۇك، تېخىمۇ قەدىمىي، تېخىمۇ قاقاس، تېخىمۇ خاراب كۆرۈنىدۇ. پەقەت سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن چۈشكەن غۇۋا نۇر ئارقىلىقلا قەدىمىي تاش ھەيكەللەر غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بىر خىل رىتىمدە غۇۋا ئاڭلىنىۋاتقان قوڭغۇراق ساداسى ئىچىدە سەھنە بارا - بارا قاراڭغۇلىشىدۇ.]

## مۇقەددىمە

[يىراقتىن ئادەمنى بىزار قىلىدىغان گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. لى جىنىدۇ دۇمباق چالغىنىچە يىراقتىن ۋارقىراپ ـ جارقىراپ يېتىپ كېلىدۇ. چىراغ بارا ـ بارا يورۇيدۇ.]

لى جىندۇ: يۇرتداشلار! يامغۇر ياغمىغاندەك تۇرىدۇ، بۇغداي كاردىن چىقىدىغان بولدى. تېزراق ناله قىلايلى!

(ئۇجمىزارلىقلار داقا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىشىپ ھەيۋەت بىلەن يېتىپ كېلىدۇ، ئۇلار دەملىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بويۇنلىرىنى ئاسمانغا سوزۇپ بىر ـ بىرلەپ ۋارقىرايدۇ.)

ئۇجمىزارلىقلار: قارا ئەجدەرھا ئۆتسەڭچۇ،
جەنۇب تامان كۆچسەڭچۇ.

[بىرسى دۇمباقنى سۇتۇققا (رىتىمغا) چىرشۇرۇپ چالسا، قالغانلىرى سۇتۇققا ئەگىشىپ ناله قىلىدۇ.]

ئۇجمىزارلىقلار: (ۋارقىرايدۇ) قارا ئەجدەرھا ئۆتسەڭچۇ (داڭ، داڭ ...)
جەنۇپ تامان كۆچسەڭچۇ (داڭ، داڭ ...)

[چىجىيا يۈەنلىكلەرمۇ داقا ـ دۇمباقلىرىنى چېلىپ، ئالمان ـ تالمان يېتىپ كېلىشىدۇ. ئۇلار ئۇجمىزارلىقلارنى قارا نىيەتلەر دەپ تىللىغانچە ھەممەيلەن تەڭ ۋارقىرايدۇ.]

قوشنا كەنتتىكىلەر: (جاۋابەن ناله قىلىدۇ)
قارا ئەجدەرھا ئويۇپ ئۆت،
شىمالغا راسا قويۇپ ئۆت.

[ئۇجمىزار كەنتىدىكىلەر ئاۋۋالقىدەكلا ۋارقىراشنى داۋاملاشتۇرىدۇ:]
قارا ئەجدەرھا ئۆتسەڭچۇ (داڭ ... داڭ ...)
جەنۇب تامان كۆچسەڭچۇ (داڭ ... داڭ)

[ئۇجمىزارلىقلار تىت ـ تىت بولۇشۇپ قوشنا كەنتتىكىلەرنى تىللايدۇ.]

ئۇجمىزاركەنتىدىكىلەر: قارا نىيەت ئىتنىڭ بالىلىرى، يامغۇرنى توختاپ ئۆت دېيىشمىنا تېخى!

قوشنا كەنتتىكىلەر: بەد نىيەت ئېشەكلەر، يامغۇرنى بىز تەرەپكە قوغلىشىۋاتىسىنا!

ئۇجمىزارلىقتىكى ياشلار: بۇ ياققا كېلىشىپ باقە، ئانا ـ ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ قويىمىز.

قوشنا كەنت ياشلىرى: يۇ ياققا ئۆتۈشۈپ باقە، تېرەڭنى تەتۈر سويىمىز.

ئۇجمىزارلىقتىكى ئاياللار: ئەر خۇمارلار ... شاپاقچىلار!

قوشنا كەنتتىكى ئاياللار: يوتقان يىغدى رەسۋالار!

[ئىككى تەرەپ ئاغزىغا كەلگىنىچە تىللىشىدۇ. شۇ ئەسنادا بىرسى دۇمباقنى سۇ-تۇقتا كەلتۈرۈپ چالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ۋارقىراش - جارقىراشلارمۇ رىتىمغا چۈشىدۇ.]

ئۆچمىزالىقلار: چىچىيايۋەنلىكنىڭ ئانىسىنى...

قوشنا كەنتتىكىلەر: ئۆچمىزالىقلارنىڭ ئىككىچە - سىڭلىسىنى ...

[دەھشەتلىك گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ، يامغۇر چىلەكلەپ قۇيۇۋېتىدۇ. تىللىشىۋاتقانلار بىردىنلا تەرەپ - تەرەپكە قېچىشىدۇ.
مۇزىكا ساداسى ئىچىدە چىراغ نۇرى ئاستا - ئاستا ئۆزگىرىدۇ. ناخشا باشلىنىدۇ. ھازىرقى زامان فورمىسىدا كىيىنگەن خور ئۆمىكى ناخشا ئېيتىپ سەھنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە يېقىنلىپ كېلىشىدۇ.]

خورچىلار: (ناخشا):

بەشىنچى ئاينىڭ بەشىدە كاتتا بىر ئايەم،
بوغداي پىشار ئېتىزلاردا تازا ساغىرىپ.
ئوخشاپ كېتەر توقاچ نانلار ئورماچېقىمدا،
كېلىن كىرەرجىلۋىگاھقا ئايدەك ئاقىرىپ.

[زامانىۋاپ ئىگىن كىيگەن خور ئۆمىكى خور ئېيتقاچ سەھنىنىڭ قاپ ئوتتۇرى-دىن چىقىپ كېلىدۇ.]

(خور ئېيتىلىدۇ):

سېرىق تۇپراق زېمىندە جۇڭخۇا كەلگەن ئالەمگە،
بۇ زېمىندە ئايىنىغان ئەجدىھانىڭ ئەۋلادى.
توپان تىيغان دايۇۋنىڭ ئىزى قالغان بۇ يەردە،
بۇ يەربولغان ۋۇۋاڭنىڭ سەلتەنەتلىك جەڭگاھى.

بەنت قىلغان قەدىمدىن قاتار - قاتار چوققىنى،
تېشىپ ئۆتتى ھايالسىز بەش مىڭ يىلنىڭ ئەرۋاھى.
تارىخ سوئال قويىدۇ ھامان بىزگە مۇنداق دەپ،
قاچانغىچە ئوخلايدۇ بۇ ئەجدىھا دەرگاھى.

ئالدىمىدا بولسىمۇ تار يول تايغاچ كېچىكلەر،
تۇرسىمۇ گەر چوققىلار كۆككە ئېتىلغان ئوق بىز دەپ.
ھامان سوئال سورايمىز ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز،
ھامان جاپا چېكىمىز تېپىرچىلاپ يوق ئىز دەپ.

[ناخشا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن خور ئۆمىكى بىر - بىرلەپ ئەتراپقا تارقاپ كې-تىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ چىراغ نۇرىمۇ ئۆزگىرىدۇ.]

# I

## 1

[ئۈجمىزارلىق سىرتىدىكى بىر تۆپىلىك. هاراق بىلەن تاماققا هۆ قىلغۇچە تۈيغان بىر قانچە مەهسۇلات مۆلچەرلىگۈچى گۇگشىپ كادىرلىرى چىشلىرىنى كولاشقىنىچە يىراقتىن چىقىپ كېلىشىدۇ.]

ليۇ مۇدىر: جىندۇ! جىندۇ!

مەهسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىرلار: جىن - دۇ!

[يېقىن ئەتراپتىن ئېشەكنىڭ هاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.]

لى جىندۇ: مانا ...

[لى جىندۇ زىيالى ياش جۇشياۋپىڭنى سۆرىگىنىچە يىراقتىن يېتىپ كېلىدۇ.]

لى جىندۇ: مۇدىر، كېلىڭ، كېلىڭ، بۇ بىزنىڭ دۈيدىكىلەرنىڭ كىچىككىنە كۆڭلى.

[لى جىندۇ بىلەن جۇشياۋپىڭ مۇدىر ۋە مەهسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىرلارغا تاماكا ۋە چاي تۇتىدۇ.]

ليۇ مۇدىر: (تەكەللۇپ بىلەن) بۇ نېمە قىلغىنىڭلار، بۇنېمە قىلغىنىڭلار.

مەهسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىرلار: جىندۇ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ.

لى جىندۇ: هەر قايسىڭلار شۇنچە يىراقتىن كەلگەن تۇرساڭلار، بىز ئازراق خىزمەت قىلمىساق كۆڭلىمىز قانداقمۇ ئۇنايدۇ؟ مۇدىر تاماق خېلى ئىسسىق باسقاندۇ؟

ليۇ مۇدىر: شىنداق، شۇنداق، ئېتىزلىقتا بېرىپ بۇغدايلارنى كۆرۈپ كېلەيلى.

[ليۇ مۇدىر ۋە مەهسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىرلار بۇغدايلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ئۈچۈن ئېتىزلىقتا قاراپ ماڭىدۇ.]

جۇشياۋپىڭ: دۈيجاڭ، باشقا ئىش بولمىسا مەن قايتاي.

لى جىندۇ: هوي بالىخان، سەن كەتسەڭ بولمايدۇ.

جۇشياۋپىڭ: يەنە نېمە ئىش بار؟

لى جىندۇ: مەهسۇلاتنى مۆلچەرلەش كەنتىمىزنىڭ مۇهىم ئىشى، (شىۋىرلاپ) تۆۋەنرەك مۆلچەرلەنسە بىر نەچچە جىڭ بولسىمۇ كۆپرەك يۇلۇپ قالىمىز. ئەگەر يۇقىرى مۆلچەرلىنىپ كەتسە، بىر يىل تارتقان جاپايىمىز بىكارغا كېتىدۇ. سەن شەهەردە ئوقۇدۇڭ، بىلىمىڭ يۇقىرى، كاللاڭ سەگەك، هە - هۇ دېيىشىپ ماڭا ئەقىل كۆرسىتىشىڭ كېرەكتە ...

جۇشياۋپىڭ: مەن هە - هۇ دېيىشكە يارارمەنمۇ؟

لى جىندۇ: يارايسەن، ئەلۋەتتە يارايسەن، ماڭا ئەگىشىپ ئازراق بىر نەرسە ئۆگەن. بۇ يەردە بىلىم دېگەن ساماندەك.

ليۇ مۇدىر: (ۋارقىرايدۇ) جىندۇ، يولداش جىندۇ.

لى جىندۇ: مانا - مانا! (ئېتىزلىقتىن كېلىۋاتقان مۇدىر باشلىق مەهسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىرلارنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ.)

ليۇ مۇدىر: يولداش جىندۇ، سىزنى تەبرىكلەيمەن، ئۇچمىزلارنىڭ بۇ يىلقى بۇغداي مەھسۇ-لاتى يامان ئەمەسكەن.

لى جىندۇ: شۇنداق، شۇنداق. قەدىر ئەھۋال، يەنە ...

مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىر A: قەدىر ئەھۋال دېگىنىڭىز نېمىسى، قاراڭا بۇ بۇغدايلارغا! ھەممىسى تولۇق دان تۇتۇپتۇ، بۇغدايلارنىڭ قويۇقلۇقىدىن ئېتىزغا كىرگىلىمۇ بولمايدۇ. بىر مو يەردىن ئاز دېگەندە ... بۇغداي ئالغىلى بولىدۇ ...

ليۇ مۇدىر: ئىككى يۈز بىر جىڭ.

لى جىندۇ: ۋاي ئاتامەي، ئۇنچىلىك چىقمايدۇ.

ليۇ مۇدىر: نېمىشقا؟

لى جىندۇ: (كۈلۈپ تۇرۇپ) بىر مو يەردىن ئىككى يۈز بىر جىڭ بۇغداي ئالغىلى بولىدىغان بولسا، مەن ئۇنى ھاپىلا قىپ يۇتۇۋېتىمەن.

مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچى D: ئەمىسە، سىزچە قانچىلىك ئالغىلى بولار؟

لى جىندۇ: مېنىڭچە ئارتۇق ھېسابلىغاندىمۇ، 140 — 150 جىڭدىن ئاشمايدۇ.

ليۇ مۇدىر: 140 — 150 جىڭ؟ تۈفى! 140 — 150 جىڭ چىقمىسا مەنمۇ ھاپىلا قىپ يۇتۇۋېتەي، بولامدۇ؟

[بىردىنلا ئەتراپتىن ئېشەكنىڭ ھاڭرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.]

لى جىندۇ: (ئېشەك ھاڭرىغان تەرەپكە قاراپ) ھۇ ئۆلمەيدىغان تاپ! قورسىقى تويسا ئالا-تاغىل ھاڭرىغىنى ھاڭرىغان، نېرى كەتسە بولمامدىغاندۇ؟ (ليۇ مۇدىرگە بۇرۇلۇپ) ۋاي خۇدايىم بەرگەن مۇدىر، بىزنىڭ بۇنداق غىلچ سايلىقتىن قاچانمۇ مو بېشىغا 200 جىڭ ھوسۇل چىقىپ باققان. سىزمۇ دېھقانچىلىق قىلىپ باققانغۇ، بۇ يەردىكى ئېتىزلار تارقاق، خاماندا بىر مونچىسى زايا بولىدۇ. ھاۋامۇ ئۆزگىرىشچان. 200 جىڭ ھوسۇل ئېلىش نەدە تۇرۇپتۇ، دەيسىز؟

ليۇ مۇدىر: كۆپ گەپ قىلمايلى. 200 جىڭ دېگەندەكىن 200 جىڭ بولسۇن، ماڭايلى.

لى جىندۇ: ۋاي مۇدىر ئالدىرىماڭ، گەپ بولسا چىرايلىقچە دېيىشەيلى. يەنە بىر مۆلچەر-لەپ باقساق قانداق.

ليۇ مۇدىر: (تاقەتسىزلىك بىلەن) ھەي، لى جىندۇ، ھەر يىلى مەھسۇلات مۆلچەرلىگەندە سەن دائىم مۇشۇنداق كۆكەملىك قىلىسەن. بىر تال بۇغداينىڭ ئۈستىدە دىڭ تۇرىسەن، باھا تالىشىدىغانغا سەن بىلەن بىز بازاردا سودا قىلىۋاتمايمىزغۇ. ھەممىمىز شۇ يۇقىرىغا خىزمەت كۆرسىتىشنىڭ كويىدا.

لى جىندۇ: ليۇ مۇدىر توختاڭ، گېپىمگە قولاق سېلىڭ!

مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىر B: ھەي لى جىندۇ، ئويلاپ باقمامسەن، مەن مۇشۇ ناھىيە-دە خىزمەت قىلىۋاتقىلى ئون نەچچە يىل بولدى. مۇشۇ ئون نەچچە يىل ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ دەۋا قىلمىغان چېغىڭ بارمۇ؟ ئارتۇقچان زىيىنىڭمۇ ئاز ئەمەس. 20 يىللىق كادىر بولغاندىكىن، سەندىمۇ ئاز-تولا ئاڭ بولۇشى كېرەكتە. ئاشۇ ئۇش-شاق دېھقان ئېڭىدا تۇرۇۋېرەمسەن.

AltunOq

لى جىندۇ: (ۋارقىراپ) ئۇششاق دېھقان ئېگى دېگەن نېمە ئۇ؟ ھەر يىلى مەھسۇلاتنى مۇشۇنداق يۇقىرى مۆلچەرلەۋەرساڭلار، بىز گۇڭشې ئەزالىرى قانداق قىلىمىز.

ليۇ مۇدىر: لى جىندۇ، ئاغزىڭغا بېقىپراق سۆزلە، ھازىر ۋەزىيەتنىڭ قانداقلىقىنى كۆرمەيۋاتامسەن.

لى جىندۇ: ۋەزىيەت ياخشى. پۈتۈن مەملىكەت قىزىللىقتا يۈرۈكەندى.

ليۇ مۇدىر: ۋەزىيەت ياخشى بولۇپلا قالماي، بەلكى چوڭ ياخشى. شۇڭا بىز كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار تېخىمۇ كۆپ تۆھپە قوشۇشىمىز لازىم.

لى جىندۇ: تۆھپە قوشىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن قىزىل قەلب تاپشۇرۇشىمىز كېرەك.

ليۇ مۇدىر: ئۇنىڭغا قىل سىغمايدۇ.

لى جىندۇ: تەقسىر رەھبەرلىرىم، قاراپ بېقىڭلار. بۇ يىللاردا، يىللىق مۆلچەرنىڭ كېيىنى چىقمىش بىلەن تەڭ ھە دېسىلا بىرىنچىلىك، ئىككى - ئۈچيۈز جىڭ دېگەنلەر ئېغىزدىن چۈشمەيدۇ. بۇغداينى يىغىپ بولغاندىن كېيىن يەنە «ساداقەت ئاشلىقى»، «قىزىل قەلب ئاشلىقى» دېگەندەك بانا - سەۋەبلەر دەستىدىن دېھقانلارغا ھېچنېمە قالمايدۇ. (سۆزلىگەنسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ.) بالا - چاقا ئاش يەيدۇ، چوڭلار ئىشلەيدۇ. بۇ يىللاردا ۋەزىيەت ياخشىلاندىيۇ، لېكىن كەنتىمىزدىكى دېھقانلار يىل بويى جاپا چېكىپمۇ يەنىلا زاغرىدىن قۇتۇلالمايدۇ. زادى دېھقانلارغا كۆڭ كۆرسىتەمسىلەر - يوق؟

[كۆپچىلىك ھەيران قېلىشىدۇ.]

ليۇ مۇدىر: (قاتتىق ۋارقىرايدۇ) لى جىندۇ!

[ليۇ مۇدىر قولىدىكى چاينى لى جىندۇنىڭ يۈزىگە چاچىدۇ.]

مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىرلار: جىندۇ، سېنىڭ يۈرىكىڭ نېمانچىلا يوغىناپ كەتتى.

[لى جىندۇ داڭ قېتىپ قالىدۇ.]

ليۇ مۇدىر: (ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ) دۆلىتىمىز چوڭ، ئادەم كۆپ. يالغۇز سېنىڭلا قىيىنچىلىقىڭ بارمىدى، باشقىلارنىڭ قىيىنچىلىقى يوقمىكەن! ئالغان ئاشلىقىڭ ئېغىزغا تەگمەي تۇرۇپ نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن.

لى جىندۇ: يوقسۇ، مەن جۆيلۈگىنىم يوق. بىزنىڭ كەنتتىكىلەر ئۇنچىلا قارامىلاردىن ئەمەس. چىرايلىقچە سۆزلەشمەيمىزمۇ.

[لى جىندۇ سۆزلىگەچ ليۇ مۇدىرنىڭ قولىدىن پىيالىنى ئېلىپ جۇشياۋپىڭغا قاراپ ماڭىدۇ.]

ليۇ مۇدىر: چىرايلىقچە؟ تۇفى، قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق چىرايلىقچە. بىر نەچچە مىڭ ئادەمى بار كىچىك بىر گۇڭشېگە يۇقىرىنىڭ قانچىلىك ئارتۇق ئاشلىق ۋەزىپىسى چۈشۈرگىنىنى بىلەمسەن؟

جۇشياۋپىڭ: نېمە؟ بۇغداينى تېخى يىغماي تۇرۇپلا ئالىدىغان ئارتۇقچە ئاشلىقنى بەلگىلەپ بوپتۇما؟

ليۇ مۇدىر: سەن سولتەك نېمىنى بىلەتتىڭ، يوقال!

[لى جىندۇ تىت - تىت بولغىنىدىن ئېتىلىپ بېرىپ، ليۇ مۇدىرنىڭ يېڭىدىن تۇ-تۇۋېلىپ، زارلىنىپ يالۋۇرىدۇ.]

لى جىندۇ: قاراڭ مۇدىر، بىزنىڭ ئۇچىمىزلىقتىن قاچانمۇ بىر مو يەردىن 200 جىڭ بۇغداي چىقىپ باققان. يەنە بىر مۆلچەرلەپ باقسىڭىز. ھەممىمىز يۇرتداشلارغۇ. سىزمۇ بىر شېھرىڭ تاپمامسىز.

ليۇ مۇدىر: مېنى شېھرىڭ تارتىپ نېمە قىلىسەن. مېنى ئۆزەڭگە قوشۇۋالماقچىمۇ؟

[ليۇمۇدىر لىجىندۇنى ئىتتىرىشكە تەمشەلگەندە لى جىندۇ ئۇنىڭ قولىنى قىسىۋا-لىدۇ. ئاغرىقتىن جېنى قاقشىغان ليۇ مۇدىر قولىنى تارتىۋېلىپ، لى جىندۇنى بىر شاپىلاق سالىدۇ. كىشىلەر ئۇلارنى ئۇرىدۇۋالىدۇ. لى جىندۇ ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىدۇ. مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىرلار بولسا ليۇ مۇدىر بىلەن بىللە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.]

مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىرلار: جىندۇ، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

ليۇ مۇدىر: ھەر يىلى مەھسۇلات مۆلچەرلىگەن چاغدا، ئۇچىمىزلىقلار مۇشۇنداق كىچىكلىك قىلىدۇ! ماڭايلى.

[لى جىندۇ يىغلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ تېزلىكتە ليۇ مۇدىرنىڭ ئالدىنى توسىدۇ.]

لى جىندۇ: ئوبدان مۇدىر، تاماق يەپ ماڭسىلا، (جۇشياۋپىڭغا بۇرۇلۇپ) شياۋپىڭ، مۇدىر ما-ڭىدىغان بولدى. بېرىپ ئېر يەڭگەڭگە ئېيتقىن، مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچىلەرگە دەر-ھال تاماق تەييارلىسۇن.

جۇشياۋپىڭ: (غەزەپ بىلەن) ئۇلارغا بېرىدىغانغا ئىتنىڭ گۆشىمۇ يوق. (مەھسۇلات مۆلچەر-لىگۈچىلەرگە قاراپ) توختاش! كەپنى ئوچۇق ئېيتىش. نېمىشقا خالىغانچە ئادەم ئۇرۇشىسەن؟

[ليۇ مۇدىر قاتارلىقلار ھەيران قالىدۇ.]

لى جىندۇ: (جۇ شياۋپىڭغا قاراپ) بولدى، بولدى، بىز دېھقانلار قانچىلىك ئادەم ئىدۇق. ئۇرسا ئۇرمامدۇ.

جۇ شياۋپىڭ: بىكاردىن بىكار ئادەم ئۇرامدىكەن (ليۇ مۇدىرغا) سەن بىزنىڭ سېكرې-تارىمىزدىن ئەپۇ سورىشىڭ كېرەك.

ليۇ مۇدىر: نېمە قىلىدىغان سولتەك ماۋۇ؟

مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىر A: شەھەردىن كەلگەن زىيالى ياش.

ليۇ مۇدىر: ئوھوي! ئىسيانكار دېگىنە. سەن بىزنىڭ بۇ يەرگە كېلىپ ئىسيان كۆتۈرۈپ ئەلەم كۆرىشى قوزغىماقچىمۇ؟

جۇشياۋپىڭ: ئەلەم كۆرىشى، پەلەم كۆرىشى دېگىنىڭ نېمە ئۇ، ئەمدى مېنى بىر ئۇرۇپ باقە.

ليۇ مۇدىر: ئۇرسام نېمە قىلالايسەن.

جۇ شياۋپىڭ: ئۇرغان ئۇرغاننىڭ بولۇپ كېتەمدىكەن؟

ليۇ مۇدىر: ئۇنى گۇگۈشېگە ئاپىرىڭلار، مەن دەل يازلىق يىغىمغا بۇزغۇنچىلىق قىلغان تىپىك بۇزغۇنچىدىن بىرەرنى تاپالماي يۈرەتتىم.

[جۇشياۋپىڭ كەينىگە بۇرۇلۇپلا يېنىدىكى بىر سىنىڭ قولىدىن ئەپكەشنى تارتىۋېلىپ، ليۇمۇدىرغا ئېتىلىدۇ. بىر نەچچە مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىر ئېتىلىپ بېرىپ جۇشياۋپىڭنى تۇتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، جۇشياۋپىڭدىن ئەدىبىنى يەپ كەينىگە يانىدۇ.]

لى جىندۇ: ۋاي جېنىم بالام، بىر نەچچە جىڭ بۇغدايىنى دەپ، ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىشاڭ تېخىمۇ بالاغا قالىمىز. سېنىڭ ئارقا تېرىكىڭ، يۆلەنچۈكۈڭ بار. ئەمما بىز قانداق قىلىمىز؟

جۇشياۋپىڭ: سەن كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنى ئانىي تېپىپ، كۆپ يەپ، كۆپ ئىگىلىدىڭ، قۇلىقىڭ بولسا ئاڭلاپ باقمامسەن، مېنىڭ دادام نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىكەن؟

[شۇ سەيفاڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى قالايمىقان هالدا توپ ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىقىدۇ.]

شۇسەيفاڭ: ئۇنىڭ دادىسى ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتتا چوڭ ئەمەلدار.

[مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىرلار هاڭ - تاڭ قېلىشىدۇ.]

ليۇ مۇدىر: ئۇنىڭ دادىسى نېمە ئىش قىلىدۇ؟

[لى جىندۇ شۇسەيفاڭنى يېنىغا تارتىدۇ.]

لى جىندۇ: ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئەمىلى چوڭ. ئىنقىلابىي كومىتېتتىكى باشلىقلارمۇ ئۇنى كۆرسە يول بېرىشىدۇ.

ليۇ مۇدىر: (ئاغرىنغان هالدا) هۇ ئاناڭنى!... نېمىشقا بالدۇرراق دېمەيسەن. (جۇشاۋپىڭغا قاراپ) يىگىت! (ئالدىغا بېرىپ جۇشياۋپىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى بولىدۇ.)

جۇشياۋپىڭ: (بىر قولى بىلەن ليۇ مۇدىرنىڭ ياقىسىدىن ئالىدۇ) ئەگەر سەن بىزنىڭ دۈيجاڭدىن ئەپۇ سورىمىساڭ، سەن بىلەن ئېلىشقىنىم ئېلىشقان.

ليۇ مۇدىر: جىندۇ، گەپ قىل ئۇنىڭغا، مېنى قويىۋەتسۇن.

[لى جىندۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇلارنى ئاجراتماقچى بولۇپ سۇلهى - سالا قىلىدۇ.]

لى جىندۇ: شياۋپىڭ قويىۋەتكىن، مۆلچەرلەنگەن مەھسۇلاتنىڭ سانىنى مۇدىر تېخى بېكىتكىنى يوققۇ؟

ليۇ مۇدىر: شۇنداق ئەمەسمۇ. مەھسۇلات مۆلچەرلەش ئىشىنى سىياسەت بويىچە قايتا مەسلىھەتلەشسەك بولىدىغۇ!

لى جىندۇ: (ئاكتىپلىق بىلەن) شياۋپىڭ قويىۋەتكىن.

جۇشياۋپىڭ: (جاھىللىق بىلەن) ياق.

لى جىندۇ: شياۋپىڭ كەنتىمىزدىكى قېرىلار بىلەن ياشلارنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ قويىۋەتسەڭچۇ.

جۇشياۋپىڭ: (تازا بىر تىللىۋېتىپ ئاندىن قولىنى بوشىتىدۇ.)

ليۇمۇدىر: تازىمۇ قاملاشمىغان ئىش بولدىغۇ بۇ.

لى جىندۇ: مۇدىر، قاراڭ بىزنىڭ دۆي...

ليۇ مۇدىر: لى جىندۇ، قايتىپ بېرىپ، بۇلارغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيت، مۇشۇنداق ئىش يەنە يۈز بېرىپ قالغۇدەك بولسا، مېنى 170 جىڭ قىلىپ بېكىتىپ بېرەمەدىكىن، دەپ خىيال قىلما. (مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىرلارغا بۇرۇلۇپ) ماڭايلى.

مەھسۇلات مۆلچەرلىگۈچى كادىرلار: (لى جىندۇغا بۇرۇلۇپ)ھۇ، خۇمپەرلەر! (ليۇ مۇدىرنى ئۇتتۇرىغا ئالغىنىچە چىقىپ كېتىدۇ.)

[ئۇچمىزارلىقلار ئۆزلىرىگە ئانچە ئىشەنچ قىلالمىغان ھالدا لى جىندۇنى ئورىۋالىدۇ.]

كەنت خەلقى: قانچە جىڭ بولدى؟... قانچە جىڭ بولدى؟

لى جىندۇ: (ھاياجانلانغان ھالدا) 170 جىڭ... 170 جىڭ، ئىش پۈتتى. ئاخىر ئىش پۈتتى.

[كەنت خەلقى جىم بولۇشۇپ، ھەسرەت بىلەن بېشىنى تۆۋەن سېلىشىدۇ.]

جىن سەيشېن: ئەمدى بولدى. بەلگىلەنگەن بۇغداينى تاپشۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەنە بىر مو يەردىن 8 — 10 جىڭ بۇغداي ئېشىنىمىز. ھەرنېمە بولسا كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئاچ قالمايدىغان بولدۇق.

[ئامىمىنىڭ بەزىلىرى ئۈن سېلىپ يىغلىشىدۇ. ۋاڭ جىكې بىر تال لىمنى كۆتۈرۈپ يىراقتىن ئاستا مېڭىپ كىرىپ كېلىدۇ.]

لى جىندۇ: خۇشال بولماقتا يوق، يىغلاۋاتامسىلەر تېخى. (سۆزلىگەچ ئۆزىمۇ يېشىنى ئېرتىدۇ) يۇرتداشلار، مەن ئالدىنقى ئاخشىملا ئېيتقانىدىم. مەن ئۇچمىزارلىقلارنىڭ بۇ يىلقى ئاشلىقنى دەپ يۈزۈمنى پەش قىلىپ يۇرۇپ مىڭبىر بالادا كۆپچىلىكنىڭ ئۈچۈن مېھرى - شەپقەت تىلىدىم. ئەمدى ئەمەلگە ئاشتى. بۇ شەپقەت ھەممىدىن ياخشى بولدى، بۇ يىل دۆيىمىزنىڭ ئاساسىي ئاشلىق نورمىسى يۇقىرى ئۆرلەپ...

[باۋۋا بىر چەتتە ئۈندىمەي تۇرغان ۋاڭ جىكېنى كۆرىدۇ.]

باۋۋا: ۋاڭ جىكې، سەن ئىشىڭنى قىلماي، بۇ يەرگە نېمە بار دەپ كەلدىڭ؟

[ۋاڭ جىكې باۋۋاغا غەزەپ بىلەن بىر ئالىيىدۇ - دە، مۇرىسىدىكى ياغاچنى يەرگە غەزەپ بىلەن تاشلىۋېتىدۇ.]

باۋۋا: ھۇ، قاتىل، سەن تېخى ئۆزگەرتىشنى قوبۇل قىلمىغىدەك بوپقالدىڭمۇ؟

كەنت خەلقى: ماڭايلى، ماڭايلى.

لى جىندۇ: (ۋارقىرايدۇ) باۋۋا (ۋاڭ جىكېغا قاراپ) جىكې بۈگۈنچە ئارام ئالغىن!

[ۋاڭ جىكې ياغاچنى كۆتۈرۈپ جىملە بولغىنىچە چىقىپ كېتىدۇ.]

كەنت خەلقى: نورما ئاشلىقىمىز قانچىلىك بولدى؟ قانچىلىك بولدى؟

لى جىندۇ: بۇ يىل دۆيىدىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ ئاساسلىق ئاشلىق نورمىسى 395 جىڭغا يەتتى. 16 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ نورمىسى 200 جىڭ.

[كىشىلەر خۇشاللىقىدىن سەكرىشىپ كېتىدۇ... «خوتۇن سارىڭى» لى فۇلىن كىشىلەر ئارىسىدا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ: «فۇلىن خوتۇن، ئالىدىغان بولدى» — دەپ ۋار-

قىرايدۇ. يۈۋا ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلايدۇ.]

لى جىندۇ: يۇرتداشلار! بۈگۈنكى بۇ ئىشتا يەنە ئوقۇغۇچىلارغىمۇ رەھمەت ئېيتىش كېرەك. فۇچۇەن؟

لى فۇچۇەن: مانا مەن تاغا.

لى جىندۇ: ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا ئىككى كۈنلۈك ئىش ھەققى يېزىپ بەر!

ئايال لار: سىزگىچۇ؟

لى جىندۇ: ماڭا يازماڭلار.

ئاما: نېمىشقا؟

لى جىندۇ: (ئۆز - ئۆزىنى مەسخىرە قىلىپ) بۈگۈن قىلغىنىم بولمىدى، ئىشنى بۇزۇپ قويۇ-
غىلى تاسلا قالدىم.
[ئاما كۈلۈشىدۇ.]

لى جىندۇ: (شۇ سەيفاڭغا قاراپ) يەنە نېمىگە بۇتتەك قاراپ تۇرىسەن، ئوقۇغۇچىلارغا تۇ-
خۇم پىشۇرۇپ بەرسەڭ بولمامدۇ؟

شۇ سەيفاڭ: شياۋ پىڭ بىردەمدىن كېيىن تۇخۇمنى مەندىن ئال.

لى جىندۇ: كۆپچىلىك دەرھال بېرىپ تەييارلىق قىلىڭلار. ئەتە ئورمىچىلارنى چاقىرىپ، ئور-
منى باشلايمىز.
[ئاما خۇشال ھالدا تارقىلىدۇ. جۇشياۋپىڭ پەسكە چۈشمەكچى بولۇپ بۇرۇلۇشى-
غا بىر چەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىۋاتقان لى جېنمىڭنى كۆرىدۇ.]

جۇشياۋپىڭ: جېنمىڭ تاغا، سىز نېمىشقا كەتمەيسىز. ئۇلاقلارغا يەم بېرىدىغان ۋاقىت بو-
لۇپ قالدىغۇ!

لى جېنمىڭ: ئۇبدان يىگىت، سەن بۈگۈن كەتمىز ئۈچۈن چوڭ ئىش قىلىپ بەردىڭ. (ئور-
نىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولىدۇ) لى جىندۇنىڭمۇ پەمى بار. ساڭا ئوخشاش
ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان بىر بالىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ قويۇپ ئىشنى پۈت-
تۈردى. ئەگەر سەن بولمىغان بولساڭ؟

جۇشياۋپىڭ:...

لى جېنمىڭ: (ناخشا ئېيتىدۇ):

| | |
|---|---|
| مەشۇق سۆزىنى ئاڭلايدۇ ئاشىق، | قىلىدۇ بۇ دۇنيا تۇغۇلغىنىڭنى، |
| سېلىپ بەك قۇلاق. | بۇرنىڭدىن بۇلاق. |

(تاغ ناخشىسىنى غىڭشىغىنىچە چۈشۈپ كېتىدۇ.)
[ئايلانما سەھنە مۇزىكا سادasى ئىچىدە ئاستا - ئاستا سولغا قاراپ ئايلىنىدۇ.
جۇشياۋپىڭ خىيالچان ھالدا ئايلانما سەھنىگە ئەگىشىپ بارا - بارا يوقاپ
كېتىدۇ.]

AltunOq

## 2

[خوور باشلىنىدۇ. ئورمىچىلار، مۇزىكا ساداسى ئىچىدە سەھنىگە چىقىپ، ئايلانىما سەھنىنىڭ تۆت تەرىپىگە تارايدۇ. ناخشا باشلىنىدۇ]:

كۆيىمىز ئاپتاپتا بىز، ئۆتكەن مۇشۇ تەرىقە،
پۈتىمىز ئالماس ئارام. ئېشىمىز بولماس هارام.

تارتىمىزچاپا - مۇشەققەت، رىسقىمىزغا كۆز ئالايتقان،
گال ئۈچۈن بولۇپ قارام. ياش تۆككەي ئارام - ئارام،

[خور داۋاملىشىدۇ. ئورمىچىلار ناخشا ئېيتقاچ ئۇسسۇل ئويناپ، سەھنىنىڭ قارشى تەرىپىگە مېڭىپ ئايلىنىدۇ. غىجىكنى مۇرىسىگە قويۇۋالغان يۈۋا شوخلۇق قىلغىنىچە شاختىكى قۇشقاچلار بىلەن ئوينىشىپ ماڭىدۇ. ناخشا توختاش بىلەن تەڭ ئايلانما سەھنىمۇ ئايلىنىشتىن توختايدۇ.

ئورمىچىلار بازىرى. سەھەر. بىر نەچچە خوجايىن ئورمىچى چاقىرىپ ۋارقىرىشىدۇ. ئورمىچىلار باشلىقى خورچىلار ئارىسىدىن چىقىدۇ.]

ئورمىچىلار باشلىقى: گەپ مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن، بولمايدۇ دېگەندەكىن بولمايدۇ، 3 كوي 2 مودىن بەرمىسەڭلار ھەرگىزمۇ ئورىمايمىز!

[خوجايىن پەس ئاۋازدا بىر نېمىنى ئۆز ئىچىدە ھېسابلاپ بىر تەرەپكە ماڭىدۇ. لى جىندۇ بىلەن جۇشياۋپىڭ ئالدىراپ يېتىپ كېلىدۇ.]

لى جىندۇ: چۇش پېشىن بولۇپ قالدى، سودىنى تېخىچە باشلىماپسىلەرغۇ؟

خوجايىنلار: جىندۇ كەلدى، جىندۇ كەلدى.

[خوجايىنلار لى جىندۇنى ئورىۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پەس ئاۋازدا مەسلىھەتلەشىدۇ.]

خوجايىنB: بولىدۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولسۇن.

[لى جىندۇ ئاستا قەدەم بىلەن سەھنە ئوتتۇرىسىغا كېلىدۇ.]

لى جىندۇ: ئەمىسە سودىنى باشلايلى!

[ئورمىچىلار گۇرۇندە قوزغىلىدۇ.]

لى جىندۇ: ئالدى بىلەن بىز ئۇجمىزارلىقلار باھا توغرىسىدا گەپ ئاچايلى. بىزنىڭ كەنتكە 20 نەپەر ئورمىچى كېرەك. تۈزلەڭلىكتىكى بۇغداينىڭ موسىغا بىر كوي 5 مو، تۆپىلىكتىكى بۇغداينىڭ موسىغا بىر كوي 6 مو.

[ئورمىچىلار بۇ گەپتىن لاسىدە بولۇشۇپ، ئورۇنلىرىغا قايتىشىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرىشىدۇ.]

ئورمىچىA: ئالەمنى ماڭەم قىلىدىغان رۇستىمى داستاندىن بېرى چىقامدىكىن دېسەم، چۆچە ئالالماس سادىن بىرى چىقتىمۇ، دەيمەن!

ئورمىچى B: ئىنجىقلاپ كۆچەۋېرىپ ئىشتىنىڭنى بۇلغىۋالما يەنە.

[ئورمىچىلار قاقاقلىشىپ كۈلۈشىدۇ.]

لى جىندۇ: بۇسودىدا قۇرۇق گەپ ساتمايلى. ئادەمنىڭ زېتىغا تېگىدىغان گەپنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ. بىز نېمىنى كۆرمىگەن؟ بۇ يىلقى باھا مۇشۇ، ئورساڭلار بېرىڭلار، ئورمىساڭلار كېتىڭلار!

[ئورمىچىلار باشلىقى ئاستا - ئاستا لى جىندۇغا يېقىنلىشىدۇ.]

ئورمىچىلار باشلىقى: باش بۇرنىمىزدىلا باھا قويغىنىڭىزغا قارىغاندا قالتىس ئادەمدەك قىلىسىزغۇ، غوجا ئاكا!

لى جىندۇ: شۇنداق بولمايچۇ؟

[ئورمىچىلار باشلىقى ئاستا - ئاستا لى جىندۇغا يېقىنلىشىدۇ.]

ئورمىچىلار باشلىقى: شۇغىنىسى باھادا چىڭلىق قىلىۋاتىسىز. بۇ يىل بۇغداي ئوخشىدى، تۈزلەڭلىكتىكى بۇغدايلار تولىمۇ بولۇق، ياڭپايلىدىكى باغداينى ئورۇۋاقمۇ تەس، 3 كوي 5 مو بەرسىڭىزمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ.

لى جىندۇ: 3 يېرىم كوي؟ ۋاي خۇدايىمەي. نېمە دەيدىغانسەن، ئۇنداق قىلغاندىن كۆرە بوينىمىزغا سىرتماق سېلىپ قويساڭلار بولمامدۇ. كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرگىلى قويماسىلەر، قانداق؟

ئورمىچىلار باشلىقى: ئاكا، 3 يېرىم كوي ئارتۇق ئەمەس. بىزنىڭ يۇقىرىقى تەرەپتىكى كەنتلەردىمۇ مۇشۇ باھا بويىچە ئورۇۋاتىدۇ.

لى جىندۇ: يۇقىرى تەرەپ، تۆۋەن تەرەپ دېگىنىڭ بىلەن كارىم يوق. بىزنىڭ بۇ يەردە مۇشۇ باھا. ئۇنىمىساڭ 3 يېرىم كوي بېرىدىغان يەرگە بار. (شۇنداق دەپلا زوڭزىيىپ، ئىچى پۇشقان ھالدا تاماكا چېكىشكە باشلايدۇ.)

ئورمىچىلار باشلىقى: (باشقا خوجايىنلارغا) يۇرتداشلار، بىز باھانى مۇشۇنچىلىك قويۇپ باقتۇق، سىلەرمۇ قېنى بىر نېمە دەپ باقمامسىلەر؟

خوجايىن A: ئۇ سېنىڭ باھايىڭغا ئۇنىمىغان يەردە، بىزنىڭ باھايىمىزغا ئۇناتتىمۇ؟

خوجايىنلار: توغرا، توغرا.

ئورمىچىلار باشلىقى: نېمە دېگىنىڭ بۇ، بازار دېگەندە تالاش - تارتىش بولىدۇ. بۈگۈن قانداقسىگە ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن بولىدىكەن؟

لى جىندۇ: (كۆرەڭلىگەن ھالدا) لاپ ئەمەس، بىز قويغان بۇ باھانى باشقا دۆيدىكىلەر قويالمايدۇ.

ئورمىچىلار باشلىقى: بىز ئۇنداق چۈپەي ئادەملەردىن ئەمەس، بوپتۇ مەن يول قوياي. 3 كوي 2 مو بولسۇن!

لى جىندۇ: ئېيتتىمغۇ، ئەڭ جىق بولغاندا بىر كوي 6 مو دەپ!

[ئورمىچىلار بىر يەرگە يىغىلىپ غۇلغۇلا قىلىشىدۇ.]

ئورمىچى A: قىزىق ئىش - دە، نېمىشقا باھا تالىشىدىغان ئادەم يوق؟

ئورمىچى C: ئۇلار بىزنى باھانى ئۆزلىرى چۈشەرسۇن دەپ، يۇقىرىلاتماسلىققا كېلىشىۋاپتۇ - دە!

ئورمىچىB: (ئاستاغىنە) مېنىڭچە بۇ باھا قويۇۋاتقان تازا بىر داردىن قاچقان بىر نېمە دەك قىلىدۇ.

ئورمىچىلار باشلىقى: بولدى بەس، بىز جىنىمىزنى تىكتۇق، 3 كوي بولسۇن!

لى جىندۇ:...

ئورمىچىلار باشلىقى: ئاناڭنى بىز ئاخىرقى قېتىم يەنە بىر يول قويايلى، 2 كوي 8 مو. مۇشۇ باھاغا ئۇنىساڭلار ئورۇيمىز. ئۇنىمىساڭلار باشقا يەرگە بارىمىز.

ئورمىچىلار: (كۆڭۈلسىگەن ھالدا) قانداق؟

[لى جىندۇ لام - جىم دېمەي تاماكىسىنى شوراپ ئولتۇرىدۇ. ئورمىچىلار باشلىقى ئىلاجىسىز قالىدۇ. تومۇزغىلار چىرىلدىشىدۇ. پەژغىرىم ئاپتاپتا ئورمىچىلار ئالاقزادە بولۇشقا باشلايدۇ.]

ئورمىچىA: جىمىپ كېتىشتىڭغۇ، گەپ قىلىشمامسەن؟

[بىر نەچچە ئورمىچى بىر يەرگە كېلىپ بىر ھازا كېڭەشكەندىن كېيىن، تويۇقسىزلا لى جىندۇنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ ئۇنى يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ئېلىپ، سۆزلەشكە مەجبۇر قىلماقچى بولۇشىدۇ.]

ئورمىچىلار باشلىقى: (كەيپى ئۇچقان ھالدا) ئاكا، ئۇنايمىزمۇ، ئۇنىمايمىزمۇ سەن بىر نەرسە دېمەمسەن؟ بازار قائىدىسىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن. ئۆزلىكىدىن باھانى تۆۋەنلىتىدىغان كىم بار؟

لى جىندۇ: ئالدىرىماي مەسلىھەتلىشەيلى، ئالدىرىماي مەسلىھەتلىشەيلى. سەۋرى قىلايلى، ئورمىچى دېگەن سامانىدەك، سەن ئورمىساڭ باشقىلار ئورۇيدۇ.

[ئورمىچىلار غەزەپ بىلەن لى جىندۇنى يەرگە تاشلايدۇ.]

ئورمىچىلار باشلىقى: (ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ)سەن!... (بىر يوغان تۇلۇق تاشنىڭ ئالدىغا سەكرەپ بارىدۇ - دە، تۇلۇق تاشنى يەردىن دەس كۆتۈرىدۇ.)

لى جىندۇ: ياپىرىم! مۇشۇنداق كۈچ - قۇدرىتىڭ تۇرۇقلۇق پۇل تاپالمىساڭ، سەندىكى بۇ ساغلاملىقنىڭ كۆزى ئوچۇق كېتىدۇ - دە.

[ئورمىچىلار باشلىقى ئىلاجىسىز ھالدا تاشنى يەرگە قويىدۇ.]

لى جىندۇ: ئۇكام، مۇساپىر دېگەن قارامliq قىلمايدىغان. راست گەپنى قىلسام بۇغداي ئورمىساق نېمە يەيمىز؟ بىز يىلدا ئورما ئورىغاندا سىلەردەك ئورمىچىلارغا تايىنىمىز. بۇغداينى ئورمىساڭلار، سىلەر نېمە يەيسىلەر؟ مەھەللىلەردە بىر نەچچە تەڭگىگە تېپىپلا كۆرەڭلەپ، جاھانغا پاتماي كەتمەڭلار، سىلەرنىڭ ئۇ تەرەپنى كىم بىلمەيدۇ. بۇ يەردىكى پۇلنى تاشلىساڭلار، ئۆز مەھەللەڭلەرگە بارغاندا بىر يۇتۇم سوغۇق سۇغىمۇ زار بولىسىلەر تېخى. شۇنداق تۇرۇپ سىلەر يەنە نېمىگە قارامliq قىلماقچى؟

ئورمىچىلار باشلىقى: (غەزەپ بىلەن) سەن ئەبلەخ ھېمىشەم ئادەم بوزەك قىلىسەن. يۈر، خامانىنىڭ سىرتىغا چىقىپ سۆزلىشىمىز.

لى جىندۇ: (تىترىگەن هالدا) ماڭساق ماڭدۇق. سەندىن نېمە قورقۇش! (ماڭغاچ كىيىملىرىنى يەشكەندەك قىلىپ كۆرەڭلەيدۇ. ھەم ئورمىچىلار باشلىقى بىلەن سىنىشىپ بېقىش ئۈچۈن ۋارقىرىشىپ سىرتقا ماڭىدۇ ۋە تۇيۇقسىزلا ئۇ ئورمىچىلار باشلىقىنى توختىتىۋالىدۇ) توختا!... (توساتتىن) سىلەر ئاكا - ئۇكا قانچەيلەن؟

ئورمىچىلار باشلىقى: (تۇرۇپلا قالىدۇ) مەن يالغۇز، قانداق؟

لى جىندۇ: پالان نېمەمگە ھېساب، مەن ساڭا ئوخشاش يالغۇزەكلەر بىلەن ئېلىشىپ ئولتۇرمايمەن.

ئورمىچىلار باشلىقى: نېمىشقا؟

لى جىندۇ: مەن لى جىندۇ، بۇنداق ئۇرۇغ - ئەۋلادىنى قۇرۇتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن. بول، بول! باشقا بىر قېرىندىشىڭنى چاقىرىپ كەل.

ئورمىچىلار باشلىقى: سەن...

[بىر ئورمىچى ئۇلار تەرەپكە كېلىدۇ.]

ياشانغان ئورمىچى: بولدى، بولدى. ھازىر شەرقىي مەھەللىگە تەڭ كەلگىلى بولمايدۇ.

لى جىندۇ: (تېخىمۇ كۆچەپ) مۇشۇ باھامۇ جايىدا. مۇنداق بولسۇن، بىزمۇ چىڭ تۇرۇۋالمايلى. ئەڭ يۇقىرى باھا بويىچە بېرەي: تۈزلەڭ يەردىكى بۇغدايىنىڭ موسى 1 كوي 7 مو، ياڭپايلى ئېتىزدىكى بۇغدايىنىڭ موسى 1 كوي 8 مو بولسۇن. ئۇنساڭلار ھازىرلا مېڭىڭلار. باياتىن بېرى ئورىغان بولساڭلارمۇ بەش كوي تاپاتتىڭلار.

[ئورمىچىلار بىر - بىرىگە قارىشىدۇ.]

يۇۋا: (ۋاتىلداپ) بۇ يىل بۇغداي ئوخشىغان تۇرۇپمۇ يەنە مۇشۇ باھادا پۇل بېرەمسىز دەۋاتىسىلەر، بۇلتۇر بۇغداي ئوخشىمىغاندىمۇ موبېشىغا 2 كويدىن پۇل بەرگەنغۇ!

لى جىندۇ: (تېقىمىغا شاپىلاقلاپ) ھەببەللى! ئورمىچىلار بازىرىدا ئېغىزدىن چىققان گەپتىن تېنىۋالغىلى بولمايدۇ، ماۋۇ جانىۋار 2 كوي باھا قويىدى. بىزمۇ خوپ كۆردۇق، 2 كوي بولسۇن.

يۇۋا: ۋاي - ۋۇي! بىز تېخى باھا قويغىنىمىز يوققۇ؟

[ئورمىچىلار يۇۋانى بىر چەتكە تارتىپ ئۇنىڭغا تاپا - تەنە قىلغىلى تۇرىدۇ.]

پېشقەدەم ئورمىچى: ۋاي بالام، ئورمىچىلار بازىرىدا ئالدىراپ - سالدىراپ باھا قويغىلى بولمايدۇ. ئەمدى ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن بۇ باھادىن تېنىۋالغىلى بولمايدۇ - دە.

لى جىندۇ: بولدى، بىزمۇ چىڭ تۇرىۋالمايلى. سىلەر بىر مۇنچە ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزۈۋەتتىڭلار، مەن يەنە بىرمو قوشاي. 2 كوي 1 مو بولسۇن، قانداق؟

[ئورمىچىلار گەپ قىلىشمايدۇ.]

پېشقەدەم ئورمىچى: مېنىڭچە بۇ باھامۇ جايىدا بولدى. ماقۇل دەيلى. كۆپرەك كىچ چىقىرىپ بىر نەچچە مو بۇغدايىنى ئارتۇقراق ئورۇساق، كەم بولغان يېرىنى تولدۇرۇپ ئالىمىز.

ئورمىچىلار باشلىقى: (ئىلاجىسىز) ئەمسە، شۇنداق قىلايلى!

لى جىندۇ: بولىدۇ، مۇشۇنداق بېكىتىلدى ئەمسە.

[ئورمىچىلار تارقىلىدۇ. لى جىندۇ ۋە جۇشياۋپىڭ كىشىلەر ئارىسىدىن ئورمىچى تاللايدۇ. تاللانغان ئورمىچىلار بىر چەتكە چىقىپ تۇرىدۇ. يۇۋا تاللانغانلار تەرەپ-كە قىستىلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغاندا، لى جىندۇ ئۇنى توسۇۋالىدۇ.]

لى جىندۇ: ئورمىچى شاكىچىك، بۇ پۇلنى سېنىڭدىن قىزغىنىۋاتقىنىم يوق، سەن بەك كىچىك ئىكەنسەن، ئىش جاپالىق، يۇمران تۇرۇپ چېقىلىپ كەتسەڭ، بىر ئۆمۈر تۈگەش-كىنىڭ شۇ.

[يۇۋا رەنجىگەن ھالدا بىر تەرەپكە بېرىپ تۇرىدۇ. ئورمىچىلار باشلىقى بىر تۇۋ-لاپلا يەردىن تۇرۇپ كېتىدۇ.]

ئورمىچىلار باشلىقى: سەن خەقنى نېمانچە ئانسي تاپىسەن؟ باياتىن بېرى خالايىقنى كولدۇرلىتىپ يۈرۈپ بازارنى ئالقىنىڭغا ئېلىۋالدىڭ، ئەمدى يەنە تاللىغىلى تۇردۇڭ. ئېيتىپ قويايكى، ئۇنى ئالمىساڭ بىزمۇ بارمايمىز. (ئورمىچىلار ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشىدۇ. جۇشياۋپىڭ ئالدىراپ - تېنەپ لى جىندۇنى بىر تەرەپكە تارتىدۇ.)

جۇشياۋپىڭ: دۇيجاڭ، ئۇمۇ بارسۇن!

لى جىندۇ: بولمايدۇ. مەن ئادەمنى تاللاپ ئىشلىتىمەن. مەن بۇ شاكىچىكنى تەكچىگە تىزىپ قويغىلى ئالمايمەن - دە!

پېشقەدەم ئورمىچى: يۇرتداش، سەن بۈگۈن ھەددىڭدىن بەكمۇ ئېشىپ كەتتىڭ. مۇشۇنداقمۇ قىلغان بارمۇ؟ مەن مۇشۇ يېشىمغىچە ئورمىچىلىق قىلىپ سەندەك ئادەمنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن. ھەممە ئادەم قورساقنى دەپ ئىش قىلىدۇ. ھەممە ئادەم جاپا تارتىدۇ. چىڭ قىلتاققا چۈشكەندە توشقانمۇ ئادەم چىشلەيدۇ.

لى جىندۇ: بولدى، بولدى. گەپنى قويايلى. سىزنىڭچە بولغاندا ئاقساق، چولاق، قارىغۇ - مايماقلارنىمۇ تاللىمىساق بولىدىكەندە. (بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولىدۇ.)

پېشقەدەم ئورمىچى: توختاڭ! (ئورمىچىلار باشلىقىنى كۆرسىتىپ) ئۇچۇ؟

لى جىندۇ: (ئۇنىڭغا بىر ئالىيىۋېتىپ) تۆزلەڭلىكتىكىسى بىر كوي 5 مو، ياڭپايلى ئېتىزدىكى بىر كوي 6 مو. بارىمەن دېسە مۇشۇ باھا!

[ئورمىچىلار باشلىقى ئاچچىقلىنىپ بىر تەرەپكە بېرىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرىدۇ.]

پېشقەدەم ئورمىچى: ئۇكام بارغىن، بارمىساڭ بۈگۈن نېمە يەيسەن؟

ئورمىچىلار باشلىقى: (ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ) ماقۇل.

ئورمىچىC: ماڭدۇق ئەمىسە.

ئورمىچىلار: ماڭدۇق ئەمىسە.

[شاد-خۇراملىق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە كىشىلەر تېزلىكتە ئايلانما سەھنىنىڭ تۆت تەرىپىگە تارقىلىدۇ. ئايلانما سەھنە ئاستا - ئاستا ئوڭغا ئايلىنىدۇ. خور ئوقۇلىدۇ. ئورمىچىلار مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئايلانما سەھنىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارشى تەرەپكە قاراپ مېڭىشىدۇ.]

AltunOq

## 3

[ئۈجمىزارلىق كەنتىنىڭ باش تەرىپى. جۇشياۋپىڭ ئالدىراپ - تېنەپ قىر بېشىغا بېرىپ كەنتتىكىلەرگە ۋارقىرايدۇ.]

جۇشياۋپىڭ: ئورمىچىلار... يېتىپ... كەلدى!...

[ئايلانما سەھنىنىڭ ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، خۇشاللىقىدىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان بىر توپ قىز - چوكانلار مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئۆي ۋە گەمىلىرىدىن بەس - بەس بىلەن يۈگرۈپ چىقىشىدۇ، ئۇلار ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىپ كەنت بېشىغا يۈگۈرەيدۇ. چاچلىرى پاخپايغان، كىيىملىرى رەتسىز شۇسەيفاڭمۇ كىشىلەر توپىغا ئەگىشىپ كەنت بېشىغا يۈگرەيدۇ. ئايلانما سەھنە ئايلىنىشتىن توختايدۇ.

كەنت بېشى — ئورمىلىق. ئورمىچىلار ئۈجمىزارلىقتىن ئىبارەت بۇ چەتياقا كەنتتىكە ھاياتى كۈچ ۋە جانلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ. ئەزەلدىن بېكىنمە ھالەتتىكى بۇ خىلۋەت كەنت قاينام - تاشقىنلىققا چۆمىدۇ.

ئورمىچىلار ۋە كەنت خەلقى خۇشال - خۇرام ئۇسسۇل ئوينىشىدۇ. شۇ سەيفاڭ ۋە بىر نەچچە قىز - چوكان يۈۋا دىققەتسىزلىكتىن چۈشۈرۈپ قويغان ئاپئاق ياغلىقنى ئېلىۋالىدۇ - دە ئۇنى چۆگىلەپ ئۇسسۇلغا ماسلاشتۇرۇپ، قىزىقچىلىق قىلىدۇ.]

لى جىندۇ: ئورمىنى باشلىدۇق ئەمىسە.

[ئورمىچىلار ۋە كەنت خەلقى مۇزىكا ساداسى ئىچىدە بىردىنلا شەكىل ئۆزگەرتىدۇ، بىرى قوپسا بىرى ئولتۇرۇپ، بۇغداي ئورىۋاتقان كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەسلى ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنگەن يۈۋا ئەمدىلىكتە خۇددى بىر چاققان، ئۇستا ئورمىچىدەك قىياپەتتە كۆرۈنىدۇ. ئۇ ئورغاقنى ئوينىتىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ، قەددىنى رۇسلاپ، ناخشا ياڭرىتىدۇ.]

يۈۋا: (ناخشا)

ئالدىمدىكى ئورمان تال، ئۇ مېنىڭ تېنىمدىكى،
تومۇردىكى قېنىمدۇر. تېپىرلىغان جېنىمدۇر.

[ئايلانما سەھنە ناخشا ئاۋازىغا ئەگىشىپ، ئاستا - ئاستا ئوڭغا ئايلىنىدۇ. يۈۋا ۋە بۇغداي ئورىۋاتقانلار بارا - بارا غايىب بولىدۇ.

شۇ سەيفاڭ قىرنىڭ بىر تەرىپىگە مۆكۈۋېلىپ، يۈۋانىڭ جەلپكار ناخشىسىنى خۇپپىيانە ئاڭلاۋاتقاندا، لى جىندۇ تۇيۇقسىزدىن ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يېتىپ كېلىپ نېرى - بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا شۇسەيفاڭنى سۆرەپ ماڭىدۇ.

بارا - بارا پەسلەۋاتقان ناخشا ساداسى ئىچىدە چىراغ نۇرى ئالمىشىدۇ.]

4

[كەنت بېشىدىكى چوڭ يول. باۋۋانىڭ كەمە ئۆيىنىڭ ئالدى. لى جىندۇ شۇ-
سەيفاڭنى ئىللىغىنىچە باۋۋانىڭ ئۆيىگە ھەيدەپ ئېلىپ كېلىدۇ.]

لى جىندۇ: ماڭ، ماڭ دەيمەن. ئۆلۈمتۈك خوتۇن! ئۆزۈڭ بارچە بالانى تېرىپ قويۇپ نېمە ماڭمايسەن؟ تەختىراۋانغا سېلىپ ئاپارسۇن دەۋاتامسەن يا؟
[شۇسەيفاڭ يەردە ئولتۇرۇۋېلىپ زادىلا ماڭغىلى ئۇنىمايدۇ.]

لى جىندۇ: ۋۇ پەسەندى! ئېرىڭ ئۆلگىلى بىر نەچچە كۈن بولا - بولمايلا مۇنچىۋالا دىغىراپ كەتتىڭمۇ، گۇڭشېنىڭ تراكتورچىسىنى بۇزغىنىڭنى دېمەيلا قوياي، گۇڭشېنىڭ كاتىباشلىرىغىمۇ قاش - كۆزۈڭنى ئوينىتىشقا پېتىندىڭ. خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى كىشىلەر قوشنا - قولۇملارنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ دەرد تۆكۈپ تىللىغىنى تىللىغان! داداڭ يۈزىنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرۈيدۇ زادى؟

شۇسەيفاڭ: (تەن بەرمەي) بۇنىڭدا مېنىڭ ئەيىبىم يوق، بۇ خەقلەر ماڭا چاپلىغان بوھتان!

لى جىندۇ: (تېخىمۇ ئاچچىقلاپ) ئاناڭنىڭ قېشىدا شۇنداق گەپ بارمۇ؟ ئالدىنقى يىلى ئورمىدا سىرتتىن كەلگەن ھېلىقى لاتا پۇرۇچ سودىگەر بىلەن ئوينىغىنىڭمۇ خەقلەرنىڭ ساڭا چاپلىغان بوھتانىمۇ؟

شۇسەيفاڭ: ...

لى جىندۇ: ماڭ، بويۇنتاۋلىق قىلما. ئەگەر بۈگۈن باۋۋاغا ناماقۇل بولمىساڭ، ساق قالىمەن دەپ ئويلىما.

شۇسەيفاڭ: نېمىشقا ئۇنىڭغا ناماقۇل بولغۇدەكمەن؟ ئۇ مېنى ئۇرغان، ماڭا تۈكۈرگەن تۇرسا، مەن پەقەت بىر ئېغىزلا گەپ ياندۇرغىنىم ئۈچۈن ئۇنىڭغا ناماقۇل بولامدىمەن؟

لى جىندۇ: (زەردە بىلەن) بۈگۈن چۈشتىن كېيىن سەن ئۇنىڭ ئايالىنى دەي - دەيگە سېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقا سالمىغان بولساڭ، ئۇ ئىشىككە كېلىپ شالىنى چاچرىتىپ، ئادەم تىللامتى؟ (كەشىنى سېلىپ ئۇرماقچى بولىدۇ.) بارمىساڭ يەنە تاياق يەيسەن! (شۇ سەيفاڭ خۇرسىنىپ يىغلاپ كېتىدۇ.)

لى جىندۇ: نېمىگە يىغلايسەن؟ يەنە ماڭمىساڭ، مەن ...
[لى جىندۇ ئايىغىنى كۆتۈرىدۇ. شۇسەيفاڭ باۋۋانىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ قېچىپ كېتىدۇ.]

لى جىندۇ: ھۇ، ئۆلۈمتۈك خوتۇن. مانا ئەمدى تۈزگىمىدىمۇ. (بۇرۇلۇپ كەمىگە قاراپ ۋارقىرايدۇ) باۋۋا ... باۋۋا ... ئۇقۇمىسا قىمىرلىمايدىغانغا كالا يېلىقمۇسەن؟
[باۋۋا ئۆيدە تۇرۇپ جاۋاب بېرىدۇ.]

لى جىندۇ: (شۇسەيفاڭغا) ئەدىبىڭنى كېيىن بەرمىسەم ... (ئاستا - ئاستا چۈشۈپ كېتىدۇ.)
[باۋۋا قولىنى ئۇۋۇلاپ كەمە ئۆيدىن چىقىدۇ.]

باۋۋا: (تۆت ئەتراپقا قاراپ) كىم؟ مېنى چاقىرغان كىم؟

شۇ سەيفاك: (يەردىن غاچچىدە تۇرىدۇ) مەن، مەن قىچقارغان.

باۋۋا: (قورقۇپ كېتىدۇ) سەن ... بايا داداڭنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلىۋېدىمغۇ.

شۇ سەيفاك: (ئەلەم بىلەن) سىزنى ئۇزۇن مەزگىل باققاچقا ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلىقىڭىزغا سىڭىپ قالغان چېغى.

باۋۋا: (كىرىپ كەتمەكچى بولىدۇ) ... بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

شۇ سەيفاك: ھېچنېمە دېگىنىم ئەمەس. سىزنىڭ گېپىڭىزگە جاۋاب بەردىم.

باۋۋا: سېنىڭ گېپىڭگە جاۋاب بەردىم؟ بۇ مېنى قاراپ تۇرۇپلا ھايۋان دەپ تىللىغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ ھۇ، ۋات - ۋات رەسۋا!

شۇ سەيفاك: (ئاچچىق بىلەن) ئەمدى بىز رەسۋا بولۇپ قاپتۇقمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن بىر پاك، ئىنسابلىق ئەر، كەنتتىكى خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ باشلىقى، ئەزەلدىن ئاياللارغا گەپ قىلمايسەن، ھەتتا كېچىسىمۇ ئايالىڭ بىلەن بىللە بولمايسەن شۇنداقمۇ!

باۋۋا: (غەزەپ بىلەن) ھۇ پەسەندە، سەن زادى نېمە قىلغىلى كەلدىڭ؟

شۇ سەيفاك: ئىشىك ئالدىمىزغا توقماق كۆتۈرۈپ كېلىۋېرىپ، ئايىغىڭنىڭ چەمى ئۇپراپ كەتمەسۇن دەپ ئويلاپ، ئەمدى تايىقىڭنى يېگىلى ئىشىكىڭگە ئۆزۈم كەلدىم.

باۋۋا: (ئايىغىنى سالىدۇ) ۋۇ قانجۇق، ئاغزى - بۇرنۇڭنى تۈزلىۋەتمىسەم قاراپ تۇر!

[يىراقتىن باۋۋانىڭ ئايالىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ: باۋۋا! باۋۋا! تېز كەل!]

باۋۋا: مانا ھازىر.

[باۋۋانىڭ ئايالى بىر باغلام ئوتۇننى يۈدۈپ تۆپىلىكتىن ھاسىراپ چۈشۈپ كېلىدۇ.]

باۋۋانىڭ ئايالى: (ناخشا ئېيتىدۇ):

ئاينىمۇ، يۇلتۇزنىمۇ كۈتمەكتىمىز،
ئىنتىزار كۈتكىنىمىز پەقەت قۇياش!

[باۋۋا ئايىغىنى كىيىپ ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، بىر تەرەپكە مۆكۈنىۋالغان شۇ سەيفاك تۇيۇقسىزدىن كىيىمىنى سېلىپ تاشلايدۇ - دە، مەيدىسىنى يېرىم ئوچۇق قويغان پېتى ئارقىدىن كېلىپ باۋۋانىڭ ئاغزىنى قولى بىلەن ئېتىۋالىدۇ. باۋۋا ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا شۇ سەيفاك ئۇنى قۇچاقلىغانچە گەمە ئۆينىڭ ئالدىغا سۆرەپ كېلىدۇ.]

باۋۋانىڭ ئايالى: (ئۆز - ئۆزىگە) باۋۋا، نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟

[شۇ سەيفاك باۋۋانىڭ ئايالىنى كۆرۈپ، باۋۋانى دەرھال ئىتتىرىۋېتىدۇ.]

شۇ سەيفاك: (كىيىمىنى يەردىن ئېلىپ، باۋۋانى قەستەن ئەيىبلەيدۇ) قارا سېنىڭ ھولولۇپلىقىڭنى، ئادەمنى سۆيسەڭمۇ بىرەر دالدا يەرنى تېپىپ سۆيمەي ...

باۋۋانىڭ ئايالى: ...

باۋۋا: (نېمە دېيىشىنى بىلمەي) سەن، ... ھېلى ئۇ مېنى ... ياق ... مەن ئۇنى قوچاقـلىۋالدىم، ياق، ياق ... ئۇ، مەن ... مەن ئۇنى قوچاقلىۋالدىم، ھەي!

[باۋۋانىڭ ئايالى باۋۋا ۋە شۇسەيفاڭغا غەزەپ بىلەن قارايدۇ. دۇمبىسىدىكى ئوتۇننى تۆيۈقسىزلا باۋۋاغا ئاتىدۇ.]

باۋۋانىڭ ئايالى: ۋاي مەن ئۆلەي، ۋاي مەن ئۆلەي! ھۇ شەرمەندە باۋۋا، كۈپ - كۈندۈزدە مۇشۇنداق ئىشنى قىلدىڭمۇ؟ سەن ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق ئىشىم يوق دەۋاتاتتىڭغۇ، بۈگۈن مانا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈمغۇ. ئەمدى بۇ دۇنياغا ھارام!

[باۋۋا چېچىلغان ئوتۇنلارنى تېرىۋاتقاندا، ئايالى ئۇنى ئىتتىرىپ ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىدۇ. ۋەھشىلىكى تۇتقان باۋۋا يوغان بىر چوماقنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.]

باۋۋا: ھۇ ئۆلگۈر، ئۇرۇپ ۋايجانىڭنى چىقارمىغىنىمنى كۆر!

باۋۋانىڭ ئايالى: سەن ئەشۇنداق بىر شاپاقچى بىلەن ئوينىدىڭمۇ! ئەمدى مەن ئۆلىۋالىمەن! ...

[باۋۋا ئايالىنى بىر ئىتتىرىپلا ئۆيگە كىرگۈزۈۋېتىدۇ. ئۆيدىن بىر پەس جېدەل-ماجىرا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.]

شۇسەيفاڭ: (خۇشال بولۇپ) ئۇر، تازا قاتتىق ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەت. خوتۇنۇڭ ئۆلسە، مەن ساڭا خوتۇن بولىمەن!

[باۋۋا بىردىنلا چوماقنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ.]

باۋۋا: سەن رەسۋا نېمىشقا ماڭا قارا چاپلايسەن، ئىت كاللىڭنى مىجىۋەتمەيدىغان بولسام ...

شۇسەيفاڭ: (قىلچە قورقماستىن) ئۇرۇۋېپباقە، تاڭ قىلىپ چېكىدىغان بولساڭ، ئايالىڭلارنى ئاياغ - ئاستى قىلدى، دەپ ناھىيىگە بېرىپ ئەرز قىلىمەن.

باۋۋا: سەن ...

شۇسەيفاڭ: خوتۇنۇڭمۇ مانا تۇرۇپتۇ، ئۈچ يىلغىچە ئۆيۈڭگە كىرەلمەس قىلىۋەتمىگىنىمنى كۆرۈپتۇر، مېنىڭ سەن بىلەن ھېچبىر ئاداۋىتىم يوق ئىدى. بىراق سەن ئۆزۈڭ بىر نەچچە قېتىم دادام ۋە ساڭۋاغا يەل بېرىپ مېنىڭ ئەدىپىمنى بەرگۈزدۈڭ. مانا ئەمدى بۈگۈن سەنمۇ بىر زىيانكەشلىكنىڭ تەمىنى تېتىپ باققىنە. سەنلەرنىڭ خەقلەرنى يەنە بوزەك قىلغىنىڭلارنى بىر كۆرۈپ باقاي!

[باۋۋا زۇۋان سۈرەلمەي بىر ھازا ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن گەمىگە كىرىپ كېتىدۇ. قىرغاقتىن باللار ۋە ئاياللارنىڭ تىللىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ]:

رەسۋا - بۇزۇق شەرمەندە رەپ - رەپ،
ئەرنى كۆرسە ياتىدۇ ئەپلەپ.
ئازغۇن قىلغان روھ بىلەن تەننى،
ئايال ئاپەت ئالەمدە دەسلەپ.

[شۇسەيفاڭ قىلچە باش ئەگمەستىن ئاياللارۋە بالىلار بىلەن تىللىشىدۇ. ئۆزىنى غالىب قىياپەتتە كۆرسەتمەكچى بولۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلايدۇ.]

شۇ سەيفاڭ: (ناخشا ئېيتىدۇ):

كۈن چىقىش شامىلى ئىسەر، ناغرىدا نەدە،
هازىرقى دۇنيادا قورقار كىم ـ كىمدىن.
خەلقتىن قورقىدۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكى
خەلق قورقمايدۇ ئامېرىكا جاھانگىرلىكىدىن.

[ئۇ ئەلەمگە چىدىيالماي يىغلىۋېتىدۇ. ئايالنىما سەھنە ئوڭغا ئايلىنىدۇ. شۇ سەيفاڭ ئېسەدىگىنىچە سول تەرەپكە سوزۇلغان چىغىر يولغا قاراپ مېڭىپ كېتىدۇ.]

5

[تاڭ دەۋرىگە تەۋە قۇدۇقنىڭ يېنى. يۇۋا قۇدۇق يېنىدا بەنخۇ چېلىپ ئولتۇرىدۇ. شۇ سەيفاڭ يىراقتىن كېلىۋېتىپ، مۇزىكىغا مەپتۇن بولىدۇ. «خوتۇن سارىڭى» لى فۇلىن بىر دانە چاپچىنى كۆتۈرگىنىچە باشقا بىر تەرەپتىن يېتىپ كېلىدۇ، ئۇ يۈۋاغا بارغانسېرى يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ قولىدىكى بەنخۇغا تىكىلىپ قاراپلا قالىدۇ.]

يۈۋا: (لى فۇلىنغا قاراپ كۈلۈپ) چاي ئىچەمسەن؟

لى فۇلىن: (ئورنىدىن مىدىرلىماي تۇرۇپ) هى ... هى ...

[لى فۇلىن ئۇشتۇمتۇتلا ئاۋازىنى تازا قويۇۋېتىپ، ناخشا توۋلاشقا باشلايدۇ.]

لى فۇلىن: (ناخشا ئېيتىدۇ):

ئاكام ئون سەككىزدە كېتىپ گەنجۇغا،
ئېلىپ كەلدى شۇشۇ ئاتلىق بەرنا چوكاننى.
شۇشۇ بۇ يىل ئاران ئون ئالتە ياشتا،
تاپالمايسەن سەتەڭلىكتە ئۇندىن ئوبدانىنى.

[شۇ سەيفاڭ يېقىملىق قىياپەتتە لى فۇلىننىڭ يېنىغا كېلىدۇ.]

شۇ سەيفاڭ: (نەسىھەت قىلىپ) فۇلىن، ساراڭلىق قىلماي دەرھال ئۆيۈڭگە قايتىپ كەت!

لى فۇلىن: (مەستانىلارچە قاراپ دورايدۇ) ئۆيگە تېز قايتىڭ. هى ... هى ... (توساتتىنلا شۇ سەيفاڭغا ئېتىلىپ بېرىپ، ساراڭلارچە ۋارقىراشقا باشلايدۇ.)

لى فۇلىن: (ساراڭلارچە) ئاداش ئوينايمەن، ئاداش ئوينايمەن!

شۇ سەيفاڭ (توسۇپ) فۇلىن ساراڭلىق قىلما.

لى فۇلىن: (دوراپ) فۇلىن ساراڭلىق قىلما. (سۆزلىگەچ بېرىپ شۇ سەيفاڭغا ئېسىلىدۇ. شۇ سەيفاڭ داجىغىنىچە قورقۇپ ۋارقىراپ كېتىدۇ.)

شۇ سەيفاڭ: يۈۋا، يۈۋا!

AltunOq

[يۈۋا ئالدىغا بېرىپ توسماقچى بولىدۇ. لېكىن لى فۇلىن ئۇنى بىر تەرەپكە ئىتتىرىۋېتىدۇ. ئۇلار تۇتىشىپ تۇرغاندا يۈۋا بۇ يەردىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ئاڭلاپ يېتىپ كېلىدۇ.]

يۈۋا: (توسۇپ) ئاكا، ئاكا، شۇ سەيفاڭ سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئەمەس.

لى فۇلىن: مېنىڭ خوتۇنۇم. ئاكاڭ ئاداش ئوينايدۇ! (يۈۋانىمۇ ئىتتىرىۋېتىپ يەنە سىلاڭلىقنى قىلىدۇ.]

[لى فۇلىن ئۆزىچىلا تۇرغان ئورنىدا قاققان قوزۇقتەك جىم تۇرۇپ قالىدۇ. يۈۋا بۇنىڭدىن ئازابلىنىپ، بېشىنى بۇراپ يىغلامسىرايدۇ.]

لى فۇلىن: (نېمە قىلىشىنى بىلمەي) سىڭلىم، سىڭلىم، مەن ئەمدى ئاداش ئوينىمايمەن. ئەمدى يىغلىما.

[لى فۇلىن بويىندىكى ياغاچ شۆپۈكىدىن ياسالغان ئويۇنچۇقنى ئالىدۇ. يۈۋانى ئالدىغا تارتىپ ئويۇنچۇقنى ئۇنىڭغا تەڭلەيدۇ. لېكىن يۈۋا يىغلاۋېرىدۇ. لى فۇلىن تىت - تىت بولۇپ كېتىدۇ.]

لى فۇلىن: سىڭلىم يىغلىما. مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئۇراي. مەن ئۆمۈر بويى خوتۇن ئالمايمەن. (ئۆزىنى ئۆزى قاتتىق ئۇرۇپ كېتىدۇ.)

يۈۋا: ئاكا، ساراڭلىق قىلما. سەن خوتۇن ئالىدىغان بولساڭ، دادام بىلەن ئاپام ساڭا ئېلىپ بېرىدۇ. سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭشايمىز دەپ دادام بىلەن ئاپامنىڭ جېنى ئاز قالدى. ئۇلار بىز ئاچ - يالىڭاچ قالساقمۇ قۇلىنىغا جەزمەن خوتۇن ئېلىپ بېرىمىز دەۋاتىدۇ.

[لى فۇلىن مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇپ ئاڭلايدۇ.]

يۈۋا: ئاكا قايتايلى.

[لى فۇلىن يەنە چاپچىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بېرىچە ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپ كېتىدۇ.]

يۈۋا: (زېرەكلىك بىلەن) سەيفاڭ ئاچا، قورقامسىز؟

شۇسەيفاڭ: ياق. سىز قايتىپ كېتىۋېرىڭ.

يۈۋا: بولىدۇ. (ئالدىراپ - تېنەپ قايتىپ كېتىدۇ.)

شۇ سەيفاڭ: ئورمىچى شاكىچىك!

يۈۋا: ھە!

شۇ سەيفاڭ رەھمەت سىزگە، بايا كۆپ ئاۋارە بولدىڭىز.

يۈۋا: بۇ قانچىلىك ئىشتى، تېخى سىزگە رەھمەت دېسەم بولىدۇ. خان ئاچا، سىز ھېچ-نېمە بولمىغانسىز. (شۇسەيفاڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ.)

يۈۋا: نېمىگە كۈلىسىز؟

شۇ سەيفاڭ: قانچە ياشقا كىردىڭىز دەپ سورىماپلا، خان ئاچا دېگىنىڭىزگە كۈلىۋاتىمەن.

[يۈۋا ئوڭايسىزلىنىپ بېشىنى تۆۋەنگە سالىدۇ.]

شۇ سەيفاڭ: ئورمىچى شاكىچىك، چۈشتىن كېيىن تۈزلەڭلىكتىكى ئېتىزلىقتا ئۇنىڭىزنىڭ بېرىچە ناخشا ئېيتقان سىزمۇ؟

يۈۋا: (سەل خىجىل بولۇپ، بېشىنى لىڭشىتىدۇ) ياخشى ئېيتالمىدىم.

شۇ سەيفاڭ: (ساددىلىق بىلەن) ياخشى ئېيتتىڭىز، كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنى ياخشى ئېيتتى، دېيىشىۋاتىدىغۇ.

يۈۋا: ...

شۇ سەيفاڭ: ئورمىچى شاكىچىك، ئىسمىڭىز نېمە؟

يۈۋا: ئىسمىم يۈۋا، «يۈشۇ» دېگەن خەتتىكى «يۈ».

شۇ سەيفاڭ: يۈ ... ۋا

يۈۋا: ... بايىقى يىگىت نېمە بولدى؟

شۇ سەيفاڭ: ئۇنىڭ ئىسمى فۇلىن. كەنتتىكىلەر ئۇنى «خوتۇن سارىڭى» دېيىشىدۇ.

يۈۋا: «خوتۇن سارىڭى؟»

شۇ سەيفاڭ: ھەئە، بۇ ئاشىقلىق كېسىلى دېگەن گەپ. ئەسلىدە ئۇ يۈۋاش - يۇمشاق، ئىنسابلىق بىر يىگىت بولۇپ، قوۋى قىسقا بولغاچقا، يېشى 30 غا ئۇلاشقىچىمۇ خوتۇن ئالالمىدى. بۇنى ئىچىگە ئەپ كېتىپ كېسەل بولۇپ كەتتى. كېسىلى تۇتۇپ قالغاندا خوتۇن زاتىنى كۆرسىلا قوغلاپ كېتىدۇ ... ھەي ئۇ بىچارىنىڭ ھالىغا ۋاي! ...
ئورمىچى شاكىچىك، قاراڭ مەن نېمىش قىلىۋاتىمەن؟

يۈۋا: (دەرھال ئېسىنى يىغىپ) ھېچنېمە، ھېچنېمە قىلمايۋاتىسىزغۇ.

شۇ سەيفاڭ: ئورمىچى شاكىچىك، ھە راست يۈۋا، قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

يۈۋا: 20 ياشقا كىردىم.

شۇ سەيفاڭ: ئۆيىڭىز نەدە؟

يۈۋا: پىڭلياڭدا.

شۇ سەيفاڭ: (بىر نېمە ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ) پىڭلياڭ؟ (تۇيۇقسىزلا) سىلەرنىڭ ئۇ يەردە تاغ بارمۇ؟

يۈۋا: تاغ يوق، بىزنىڭ ئۇ يەر شۇنداق بىر تۈپتۈز كەتكەن يەر.

شۇ سەيفاڭ: (چەكسىز ئىنتىلىش بىلەن) راستمۇ؟ (قۇدۇقنىڭ يېنىغا بېرىپ، قۇدۇقنىڭ ئارغامچىسىنى ئويناشقا باشلايدۇ.) ئۆيىڭىز بارمۇ؟

يۈۋا: (ئويلانمايلا) بار.

شۇ سەيفاڭ: (ھەيران بولۇپ) نېمە؟ ئۆيۈم بار دەمسىز؟

يۈۋا: ھەئە، ئۆيدە دادام - ئاپام، ئۇكا - سىڭىللىرىم بار. (بىردىنلا ئەس - ھوشىنى يىغىپ) سىز قايسى ئۆينى دەۋاتىسىز؟

شۇ سەيفاڭ: مەن ... سىزنىڭ ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىنى دەۋاتىمەن.

[يۈۋا بېشىنى ئاستاغىنە چايقايدۇ.]

شۇ سەيفاڭ: ئەمىسە نېمىشقا ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولمىدىڭىز؟

يۈۋا: ئائىلىمىز كەمبەغەل. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاپامنىڭ كۆزى كۆرمەيدۇ.

[لى جىنمىڭ ناخشا ئېيتقاچ يىراقتىن يېتىپ كېلىدۇ.]

لى جىنمىڭ: (ناخشا):

پاتتى كۈن كەتتى يىراق،
ئاپتاپ قولۇمدىن،
سەن يارنى ئويلاۋېرىپ،
ئازدىم يولۇمدىن.

[شۇ سەيفاڭ ئادەم ئاۋازىنى ئاڭلاپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچىدۇ.]

يۈۋا: تاغا سۇ ئالامسىز؟

لى جىنمىڭ: ھەئە.

[يۈۋا لى جىنمىڭنىڭ قولىدىن چېلەكنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قۇدۇقتىن سۇ ئېلىپ بېرىدۇ.]

لى جىنمىڭ: تاپاۋەت قىلغىلى كەلگەن ئوخشىمامسەن؟

يۈۋا: ھەئە.

لى جىنمىڭ: ياخشى.

يۈۋا: تاغا، بايىقى ئايال كىم بولىدۇ؟

لى جىنمىڭ: ئۇنىڭ ئىسمى شۇ سەيفاڭ. جىندۇنىڭ چوڭ كېلىنى. ئۇ 12 ياش چېغىدا، جىندۇ يىراق جايدىن بۇ يەرگە سېتىۋېلىپ كەلگەن. ئۇ ئاتاقتا لى جىندۇنىڭ قىزى. ئەمەلىيەتتە بولسا ئاسراندى كېلىن. ئۇ، مىڭبىر مۇشەققەتتە چوڭ بولۇپ 17 ياشقا كىرىپ مىيەنۋا بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشقانىدى، يېرىم يىل ئۆتە - ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ ئېرى مىيەنۋا خەندەككە چۈشۈپ كېتىپ ...

يۈۋا: بۇ گەپچە، ئۇ تۇل خوتۇن ئىكەن - دە.

لى جىنمىڭ: ھەئە. لى جىندۇ ئۇنىڭ پاك ئولتۇرالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى شەخسىي چاكار قىلىۋالدى.

يۈۋا: بۇ نېمە قىلغىنى؟

لى جىنمىڭ: نېمە قىلغىنى بولاتتى، لى جىندۇ دېگەن قېرى تۈلكىنى كىم بىلمەيدۇ. ئۇ سەيفاڭنى ئىككىنچى ئوغلى ساڭۋا بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ قويۇپ، تارتىدىغان توي چىقىمىنى تېجەپ قالماقچى بولىۋاتىدۇ.

يۈۋا: سەيفاڭنى ئىككىنچى ئوغلى ساڭۋا بىلەن ئەپلەشتۈرۈپ ...

لى جىنمىڭ: ساڭۋا پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ھاسىغا چۈشۈپ قالغان. تاماقتا كارغا كەلگەن بىلەن ئىشقا كارغا كەلمەيدۇ. ئاغىنە دېگەن يەپ - ئىچكىچە، ئەر - خوتۇن دېگەن ئۆلگىچە دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

يۈۋا: ئۇنداق بولسا، شۇ سەيفاڭ نېمىشقا قېچىپ كەتمەيدۇ؟

لى جىنمىڭ: نىمىشقا قېچىپ كەتمەيدۇ، دەمسەن؟ قاچسا ئۇرمايدۇ، ئۇرمىسا قاچمايدۇ. ئۇرمىچى شاكىچىك، سەن بۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟

يۇۋا: ھېچنېمە قىلمايمەن. تاغا سىلەرنىڭ بۇ قۇدۇق بەكمۇ چوڭقۇر ئىكەن، جۇمۇ!

لى جىنمىڭ: پەقەت چوڭقۇرلىمىكەن؟ بۇ قۇدۇققا نەچچە زامان بولدى، بۇ تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى لى شىمىن قالدۇرۇپ كەتكەن قۇدۇق بولۇپ، مىڭچۈەن قۇدۇقى دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆتكەن يىلى «تۆت كونىنى بۇزۇش» مەزگىلىدە ئۆلكىدىن ئادەم كېلىپ بۇ قۇدۇققا ئۇيان قاراپ، بۇيان قاراپ ئاخىرى بۇ قۇدۇقنى «ۋەيران قىلغىلى بولمايدىغان بىباھا يادىكارلىق» ئىكەن دېيىشتى، ئۇلار قايتىدىغان چاغدا، بۇ قۇدۇققا ياخشىراق قاراپ قويۇڭلار، دەپ بىزگە تاپىلىدى. قارىغاندا بۇ «تاڭ قۇدۇقى» ...

[لى جىنمىڭ يۇۋانىڭ شۇ سەيفاڭ كەتكەن تەرەپكە قاراپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقانلىقىنى بايقاپ، كۈلۈمسىرەپ قويىدۇ - دە شۇئانلا چېلەكنى كۆتۈرۈپ كېتىپ قالىدۇ.]

يۇۋا: ...

[يىراقتىن لى جىنمىڭنىڭ بارغانسېرى يىراقلىشىۋاتقان ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ]:

ئېگىز - ئېگىز تۆپىلىكتە بىر قۇدۇق باردۇر،
ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا يادىكار قالغان!
سورىساڭلار قانچىلىك دەپ تىرەنلىكىنى،
تېگى يوقتۇر ئۇنىڭ تەھقىق ئۆلچىگەن بىكار.

[چىراغ نۇرى بارا - بارا خىرەلىشىدۇ.]

6

[ئۈجمىزارلىق كەنتىنىڭ باقمىچىلىق ئېغىلىنىڭ ئالدىدىكى ئۈستى ئوچۇق مەيدان. بارغانسېرى قىزغىن چېلىنىۋاتقان دۇمباق ساداسى ئىچىدە چىراغ يورۇيدۇ.

قاراڭغۇ چۈشەي دېگەن بولسىمۇ، گاز لامپىسى ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەن. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئۈستەل قويۇلغان. ئۈستەلنىڭ ئارقا تەرىپىدە دۇمباقچىلار بىلەن سازەندىلەر ئىككى قاتار بولۇپ ئولتۇرۇشقان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا بىر خىل «تاش كۆزەينەك» تارتىۋېلىشقان بولۇپ ئاجايىپ - غارايىپ كۆرۈنىدۇ. ئۈستەلنىڭ ئالدى - كەينىدە كەنتتىكى قېرى - ياش، ئەر - ئاياللار توپلىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

باۋۋا بىلەن لى فۇگۈي يەڭلىرىنى شىمايلىشىپ، باشلىنىش دۇمبىقىنى راسا بىر چالغاندىن كېيىن توختىشىدۇ، بۇ چاغدا لى جىندۇ غاڭزىسىنى چىشلىگىنىچە خاماننىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان چاسا ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختايدۇ.]

لى جىندۇ: يۇرتداشلار، كەنتىمىزدىكى بۇغداي ئورمىسى بۈگۈن ئاخىرلاشتى. بابا ئىگىنى يىغىدىغان چاغدا بىر نەچچە ياش ماڭا ئانچە - مۇنچە نەغمە قىلىشساق دېيىشتى، بۇ يىلقى مول ھوسۇل ئۈچۈن بولسىمۇ تازا بىر ئوينىماي بولمايدۇ. بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئىنقىلاب قىلىمىز دەپ، بۇ «تۆت كونا» ھېسابلانغان خۇراپىي ئويۇنىمىزنىمۇ تاشلاپ قويدۇق..

لېكىن بۈگۈن ئاخشام بۇ يىلقى ھوسۇلنىڭ ئىلھامى بىلەن بۇ «تۆت كونا» دەپ ھېسابلانغان ئويۇنىمىزنى يەنە بىر قېتىم ئوينىۋالايلى. كۆپچىلىك قايتىپ بارغاندىن كېيىن كاللىسىنى راۋرۇس يۇيۇۋەتسىلا ئىش پۈتىدۇ. ھازىر بىز «فۇنۇ قىسسىسى»نى ئويۇنلايمىز. مەن تاۋفۇ خېنىمنىڭ رولىنى ئالىمەن.

لى جېندۇ: (ناخشا):

[دۇمباقچىلار زوق - شوق بىلەن دۇمباقلىرىنى راسا ياڭرىتىدۇ. لى جىندۇ چاكچىلەكەش ئايالنىڭ رولىنى ئېلىپ خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىدۇ.]

تاغ باغرىدا گۈل - چېچەكلەر چاچىدۇ ئىپار،
يۇمران نوتا ۋۇجۇدۇمدا قوزغىتىپ باھار.

كەنتلىكلەر: (قالايمىقان ۋارقىرايدۇ) لى جىندۇ ئالا - تاغىل جاقىرماي، سەھنىدىن چۈش، باشقا بىرسى ئېيتسۇن!

لى جىندۇ: باشلىنا - باشلانمايلا نېمە ۋالاقلىشىسەن! (سازەندىلەرگە قاراپ) ئۇ نېمىلەر بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، چېلىۋېرىڭلار.

[بىر نەچچە نەپەر تەنتەك يىگىتلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ، لى جىندۇنى ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ.]

كەنتلىكلەر: ئورمىچى شاكىچىك، سەن يىگىتنىڭ ناخشىسىنى ئېيتقىنە.

يۈۋا: بولىدۇ، مەن يىگىتنىڭ ناخشىسىنى ئېيتسام، قىزنىڭ رولىنى كىم ئالىدۇ؟

شۇ سەيفاڭ: (دادىللىق بىلەن) مانا مەن ئالىمەن!

[كەنتلىكلەر بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ، جىملىنىپ قالىدۇ.]

يۈۋا: (ناخشا ئېيتىدۇ):

ئىزگۈ ئىش ئېسىل ماكان بىھېساب ئالەم ئارا،
ئەلمىساقتىن تابۈگۈن ئەييامىغىچە سەپسال قارا.
مول ئىرۇر ئالەمدە ئۈزلۈك كەتمىگەي زايە بولۇپ،
تۆت پەسىل بىكار ئۆتۈپ سالمىغاي دىلغا يارا.

ئۆچمىگەي ئەخلاق - دىيانەت، مۇرۇۋۋەت زىنھار ئەبەد،
بار ئىرۇر سادىق ئوغۇل ھەم رەزىل كۆڭلى قارا.
ئېيتىلار غەزەلدە بۇ تۈن گۈلدەك بېزەلگەن سەھنىدە،
غەم - ئەلەم شادلىق - خۇشاللىق ھىجران - ۋىسال ماتەمسارا.

[يۈۋا مۇزىكا ساداسى ئىچىدە چاكچىلە ئارتىسلىرىغا ئوخشاش ماڭغىنىچە سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىدۇ.]

يۈۋا: (ناخشا):

چىقتىما شەرقىي راۋاقتا قاشتېشى نەينى ئېلىپ،
پەردىسىن تۈزدۈم رۇجەكنىڭ ھەممىدىن ئېگىز قىلىپ.

AltunOq

(مونولوگ) بۇ نېمىدېگەن چىرايلىق چاھارباغ ھە؟ ئاشۇ قىپقىزىل ئانار گۈللىرى-
نىڭ ئاستىدىن، زۇمرەت تاللار ئارىسىدىن نىلۇپەر لىباسلىق ساھىبجامال بىر قىز
بەرباپنى قۇچاقلىغان پېتى، گۈل - چېچەكلەرنى ئارىلاپ، مەجنۇن تاللارنى قايى-
رىپ كەلمەكتە. بۇ تاۋ فۇنۇ ئاغىچا خېنىم بولمىغاندا، يەنە كىم بولسۇن؟ (كۆر-
سەتمىگە قارايدۇ) ئايھاي! سۈنئىي تاغ كەينىدىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ بۇياققا
كەلدى. (ناخشا):

ئۇ كېلەر بەرباب چېلىپ مەرغۇللىتىپ،

[شۇسەيفاڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈش ھەرىكىتىنى قىلىدۇ.]

شۇسەيفاڭ: (ناخشا):

ئىشىق ئوتى تۇتتى يۈرەكتىن كۈيىمنەي بەرباب چېلىپ،
يوشۇرۇن ئۇتتى سوراقتىن ئىلكىمدە جۇپ ئەسپۇر قېلىپ.
دەسسەم كۆۋرۈككە مەن تۇيغۇلار تۇتتى مېنى،
جان سىرىمنى سۇغا ئېيتتىم سازىمغا شوخ زىلتار سېلىپ.

يۈۋا: (ناخشا):

ئۇ ئېيتقان ناخشىدا باردۇر نادامەت،
نەي چېلىپ جۆر بولاي قىلىپ كارامەت.

شۇسەيفاڭ: بەربابقا نەي چېلىپ جۆر بولغان نەدە باركەن؟
[«فۇنۇ» قىز ھاياجانلىنىپ بېشىنى كۆتۈرۈشىگە شۈي شۇنىڭ كۆزلىرى بىلەن
ئۇچرىشىپ قالىدۇ. يۈۋا بىلەن شۇسەيفاڭ بىر - بىرىگە قادىلىپ قارىشىدۇ. كۆز-
لىرىدىن ئاجايىپ بىر خىل نۇرلار چاقناپ كېتىدۇ.
چىراغ نۇرى مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئاستا - ئاستا يۆتكىلىدۇ.
شۇ سەيفاڭ بىلەن يۈۋا ئۇنىڭغا ئايلىنىۋاتقان ئايلانما سەھنە يۆنىلىشىگە قارشى
ئاستا ماڭىدۇ. ئۇلار خىيال دېڭىزىغا غەرق بولۇشىدۇ.]

شۇسەيفاڭ: يۈۋا! مېنى ئېلىپلا كەتكىنە زادى، يىراقلارغا ئېلىپ كەت!
يۈۋا: (ھاياجان بىلەن) ياق، سەيفاڭ، مەن سېنى ئېلىپ كېتەلمەيمەن. مەن سېنى
ئەمرىمگە ئالالمايمەن.
شۇسەيفاڭ: سەن مېنى ئەمرىڭگە ئالساڭمۇ ئالمىساڭمۇ، مەيلى. مەن زادى سەن بىلەن
بىللە كېتىمەن!

يۈۋا: مەن ... مەن خوتۇن باقالمايمەن!...
شۇسەيفاڭ: يۈۋا، ياخشىراق ئويلىنىپ باق، مەن كىچىككىمدىن تارتىپلا جاپا - مۇشەققەتتە
چوڭ بولدۇم. ئانامدىن تۇغۇلغاندىن بۇيان بىر كۈنمۇ خۇشلۇق كۆرگىنىم يوق.

مەن جاپادىن، كەمبەغەللىكتىن قۇرقمايمەن. سەن مېنى پەقەت ئادەم قاتارىدا كۆرسەڭلا، مەن سەن بىلەن كۆلاھۇ - جەندە كىيىپ تىلەمچىلىك قىلىشقا رازى مەن. شۇنىڭ ئۆزى مەن ئۈچۈن راھەت!

يۇۋا: سەيفاڭ، ئورما تۈگىمەكەندە ئىككىمىز پىگلىياڭغا كېتەيلى.

شۇسەيفاڭ: يۇۋا! ...

[ئىشقى - مۇھەببەتنىڭ رەمزى بولمىش بىر جۈپ قىز - يىگىت، شۇسەيفاڭ بىلەن يۇۋانىڭ كەينىدىكى مەلۇم نۇر دائىرىسى ئىچىدە ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىشىدۇ]:

چىرمىشىپ بىلەكلەر كۆتۈرۈلەر قول،
ئايلانغاچ گەۋدىلەر جۈپلىشەر لەۋ ھەم.
ھاڭغىرقاي ئوچاقتا كۆيىدۇ ئوتۇن،
كۆيگەنچە ھىملىشەر تەنلەر مۇستەھكەم.

[ناخشا ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭ ئۇسسۇلچىلار كىرىپ كېتىدۇ. شۇسەيفاڭ بىلەن يۇۋانىڭ ئەتراپىدا تۇيۇقسىز ۋالىلداپ يېنىۋاتقان ئوت يالقۇنى پەيدا بولىدۇ. چىراغ نۇرى ئالمىشىدۇ. چاقناپ تۇرغان ئوت يالقۇنى بىردىنلا ئۇچمىزارلىقلارنىڭ غەزەپ مەشئىلىگە ئايلىنىدۇ. ئۇچمىزارلىقلار يۇۋا بىلەن شۇسەيفاڭنى قاتمۇ قات قورشىۋالىدۇ.]

7

[كەنت ئېغىزىدىكى مەلۇم جاي.]

كەنت ئاممىسى: ئۇرە!

لى جىندۇ: ئۇرە! ئۆلىدىغان يېرىگە ئۇر! قېنى ئۇ لالمىنىڭ خوتۇن ئوغرىلاپ باققىنىنى مەن بىر كۆرۈپ باقاي!

[كالتەك - توقماقلار غۇيۇلداپ، سۈرلۈك مەنزىرە پەيدا بولىدۇ. يۇۋانىڭ ۋايدادلىغان ئاۋازى بارا - بارا پەسىيىدۇ.]

لى جىنمىڭ: بولدى، ئۇرماڭلار، ئۇ ھوشىدىن كەتتى.

لى جىندۇ: ئۇنى بۇياققا ئېلىپ چىقىڭلار.

[باۋۋا قاتارلىق بىر نەچچە يىگىت يۇۋانى باغلاپ ئېلىپ چىقىپ، يەرگە تاشلايدۇ.]

باۋۋا: (ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ ئالدىغا ماڭىدۇ) خۇپسەنلىك قىلىۋاتقىنىنى قارا بۇنىڭ!

[جۇشياۋپىڭ كىشىلەر ئارىسىدىن ئالدىغا چىقىدۇ.]

جۇشياۋپىڭ: دۇيجاڭ، ئادەم ئۇرساق بولماس.

باۋۋا: خوتۇن ئوغرىلاپ تۇتۇلغان ئادەمنى بىرەر يېرىم قېتىم ئۇرۇپ قويسا، ھېچنېمە بولمايدۇ.

**لى جىندۇ:** تولا گەپ قىلماي، ئۇرۇۋېرىڭلار! ئۇجىزارلىقتا مېنىڭ دېگىنىم ھېساب!

**لى جىنمىڭ:** جىندۇ، يەنە ئۇرساڭ ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولىسەن.

[كەنت ئاممىسى قېتىپلا قېلىشىدۇ.]

**لى جىندۇ:** (غوتۇلداپ تىللايدۇ) ھۇ بەدبەخ، بۈگۈن ئوڭايلا قۇتۇلۇپ كەتتىڭ ــ دە، ھېلىقى ئۆلۈمتۈك خوتۇننى ئېلىپ چىقىڭلار!

[بىر نەچچە خوتۇن ئېتىلىپ بېرىپ، چەمبەرچەس باغلانغان شۇ سەيفاڭنى ئىتتەر- گەنچە ئوتتۇرىغا تارتىپ چىقىرىدۇ.]

**لى جىندۇ:** (بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا) ماڭ قايتىمىز! قايتىپ بېرىپ تازا ئەدىبىڭنى بەرمىگىنىمنى كۆر!

[لى جىندۇ شۇنداق دەپلا بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولغاندا، شۇسەيفاڭنىڭ ئۆزى تەرەپكە ماڭماي، يۇۋا تەرەپكە كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئىتتىك بېرىپ، ئۇنى توسىدۇ.]

لى جىندۇ: (غەزەپ بىلەن) قايت! (شۇسەيفاڭنىڭ پىسەنت قىلماي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ) قايت دەيمەن!

شۇسەيفاڭ: (بوش ئەمما غالىبانە تەلەپپۇز بىلەن) يولۇمنى توسما!

لى جىندۇ: مەن سېنىڭ داداڭ، قايت دەيمەن!

شۇ سەيفاڭ: سەن مېنىڭ دادام ئەمەس. سېنىڭ فامىلەڭ لى، مېنىڭ فامىلەم شۇ، كۆزۈمدىن يوقال!

لى جىندۇ: قايت! ...

شۇ سەيفاڭ: (قاتتىق غەزەپ بىلەن) نېرى تۇر، يولۇمنى توسما!

[لى جىندۇ ئىختىيارسىزلا بىر چەتكە ئۆتىدۇ. شۇ سەيفاڭ دەرد ـ ئەلەم بىلەن قەدەم تاشلىغىنىچە يۇۋانىڭ قېشىغا ماڭىدۇ. لى جىندۇ تۇيۇقسىزدىن ھوشىغا كېلىپ ئۆ- زىنى يەرگە تاشلاپ يىغلاپ كېتىدۇ.]

لى جىندۇ: ۋاي بىچارە بالام، ميەنۋا، سەن بىچارە داداڭنى ئويلىمىغانمىدىڭ، نېمىشقا مەن- دىن بۇرۇن كېتىپ قالغانسەن؟ ۋاي، خۇدايىمەي، مەن ساڭا بۇ خوتۇننى 20 جىڭ قوناققا ئېلىپ بەرمىگەنمىدىم. سېنى دەپ، نېمە ئەلەملەرنى تارتمىدىم. مېنى تاشلاپ كېتىشكە قانداقمۇ چىدىغانسەن بالام؟ (ئۆمىلەيدۇ، دومىلايدۇ، ئاندىن بىردەم مۇشت بىلەن يەرنى ئۇرسا، بىردەم بېشى بىلەن يەرگە ئۇرىسىدۇ) ئاھ! ئى خۇدا، جىندۇغا كۆزۈڭنى ئېچىپ بىر قاراپ قويغىن، مەن زادى بۇ دۇنيادا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرمەمدىمەن؟

[كەنت خەلقى كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ، لى جىندۇنى يۆلەپ كەنتكە قايتىدۇ. كى- شىلەر تارقىلىپ كېتىدۇ. پەقەت لى جىنمىڭ، جۇشياۋپىڭ، شۇسەيفاڭ ۋە يۇۋالا قالىدۇ. جۇشياۋپىڭ شۇ سەيفاڭنى ئارغامچىدىن بوشىتىۋېتىدۇ. شۇ سەيفاڭ يۇۋاغا ئۆزىنى ئاتىدۇ.]

شۇ سەيفاڭ: (پەس ئاۋاز بىلەن) يىۋا، يىۋا، ھەممىسى مېنىڭ كاساپىتىمدىن بولدى.

لى جىنمىڭ: سەيفاڭ، ئۇنىڭ پۇتى يارىلاندى، چاپسان دورا چېچىش كېرەك. سەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇر. شياۋپىڭ بىلەن بىز كەنتكە بېرىپ دورا ئەكىلەيلى.

شۇ سەيفاڭ: بولىدۇ. تېزراق بولۇڭلار.

[لى جىنمىڭ ۋە جۇشياۋپىڭ ئالدىراپ كېتىپ قالىدۇ. شۇ سەيفاڭ يىۋاغا قاراپ تۇۋلايدۇ.]

شۇ سەيفاڭ: يىۋا، يىۋا، كۆزۈڭنى ئېچىپ ماڭا قاراپ باققىنا، مەن يېنىڭدا.

يىۋا: (ئاستا ـ ئاستا ھوشىغا كېلىپ) سەيفاڭ...

شۇ سەيفاڭ: (يىۋانىڭ ئۈستىبېشىدىكى قان ئىزلىرىنى ئېرتىپ) شاكىچىك، پۇشايمان قىلىۋاتامسەن؟

يىۋا: ياق، پۇشايمان قىلمايمەن. ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ پۇشايمان قىلمايمەن.

شۇ سەيفاڭ: شاكىچىك ئاغرىۋاتامدۇ؟

يىۋا: ئاغرىمىدى، سىڭلىم.

شۇ سەيفاڭ: مېنىڭ ئاغرىۋاتىدۇ، مېنىڭ يۈرىكىم ئاغرىۋاتىدۇ.

يىۋا: يىغلىما سىڭلىم، يارام ئېغىر ئەمەس، مېنى يۆلىۋال. ھازىرچە بىز پىڭلياڭغا قايتىپ كېتەلمەيمىز. يارام ساقايغاندا ساڭا ناخشا ئېيتىپ بېرىمەن.

شۇ سەيفاڭ: ئاكا!

يىۋا: سىڭلىم!

[جۇ شياۋپىڭ دورىنى ئېلىپ ئالدىرىغىنىچە كىرىپ كېلىدۇ.]

جۇشياۋپىڭ: (ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ) سەيفاڭ، چاتاق بولدى، دادىڭىز يىۋاغا ئاياللارنى ئالـ دىدى، دېگەن گۇناھنى ئارتىپ، دۆينىڭ نامىدىن گوڭشېدىكى ئۆگىنىش كۇرسىغا ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. لى جىنمىڭ تاغا ئۇنىڭ بىلەن زۇكۇنلىشىپ قالدى.

شۇ سەيفاڭ:...

يىۋا: قورقماڭ! مەنمۇ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن!

شۇ سەيفاڭ: كىمگە بېرىپ ئەرز قىلىسەن؟ بۇ يەردە سېنىڭ ئەرزىڭ ئاقمايدۇ.

يىۋا: ئۇنداق بولسا، ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىمەن!

شۇ سەيفاڭ: (ئۆزىنى يىۋانىڭ قۇچىقىغا ئېتىپ) يىۋا، ئۇنداق ئەخمىقانە گەپنى قىلما، ئېـ لىشالمايسەن، ئېلىشىمەن دەپ يا تىرىك ئەمەس، يا ئۆلۈك ئەمەس ھالەتكە چۈـ شۈپ قالساڭ، مەن قانداق قىلىمەن؟

جۇشياۋپىڭ: بالدۇرراق بىر قارارغا كېلەيلى. بىردەمدىن كېيىن باۋۋا ئادەم باشلاپ كېلىپ قالسا كېچىكىپ قالىمىز.

[شۇسەيفاڭ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، جۇشياۋپىڭنىڭ قولىدىن دورىنى ئېلىپ، يىۋانىڭ يارىسىغا چاپىدۇ ۋە ئۇنىڭ يارىسىنى تاڭىدۇ.]

شۇ سەيفاڭ: شاكىچىك، سەن بالدۇرراق ماڭغاچ تۇر!

يىۋا: سەنچۇ؟

شۇسەيفاڭ: بۇندىن كېيىن ھەر يىلى كېلىپ تۇرىمەن، دېگەنتىڭغۇ؟
يۈۋا: ...
[جۇشياۋپىڭ بىلەن شۇ سەيفاڭ يۈۋانى يۆلەيدۇ. شۇ سەيفاڭ يۈۋانىڭ چاقىقانغىنە كۆزە – كۆرپىسىنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە تاڭىدۇ.]
شۇسەيفاڭ: (يۈرىكى قارتلا قىلىپ) مېڭىۋەر يۈۋا، مەن بەرىبىر سېنىڭ. نەگە بارساڭمۇ مېنى ئۇنۇتمىساڭلا بولدى.
يۈۋا: بولىدۇ سىڭلىم، مەن ھامان قايتىپ كېلىمەن. مېنى كۈتكىن.
شۇسەيفاڭ: ... ماقۇل.
[يۈۋا بىر نەچچە قەدەم مېڭىپ يەنە كەينىگە ئۆرۈلۈپ قارايدۇ.]
يۈۋا: سىڭلىم، مېنى كۈتكىن، مەن قايتىپ كېلىمەن.
شۇسەيفاڭ: ماقۇل!

[خورچىلار، ئۇرىمچىلار ئايلانما سەھنىنىڭ تۆت ئەتراپىغا يېيىلىدۇ. ئايلانما سەھنە ئاستا – ئاستا سولغا ئايلىنىدۇ. خورچىلار، ئۇرىمچىلار ئايلانما سەھنىنىڭ ئايلىنىش يۆنىلىشىگە قارىمۇ – قارشى ھالدا ئۇسسۇل ئويناپ مېڭىشىدۇ. شۇ سەيفاڭ بىلەن جۇشياۋپىڭ يۈۋانى يۆلەپ خورچىلارغا قوشۇلىدۇ. خورچىلار، ئۇرىمچىلار مۇزىكا ساداسى ئىچىدە مەغرۇر ۋە مەزمۇت قەدەم بىلەن مېڭىشىدۇ، ناخشا ياڭرايدۇ]:

سېرىق تۇپراق زېمىندە جۇڭخۇا كەلگەن ئالەمگە،
بۇ زېمىندە ئاينىغان ئەجدىھانىڭ ئەۋلادى.
توپان تىيغان دايۈۋنىڭ ئىزى قالغان بۇ يەردە،
بۇ يەر بولغان ۋۇ ۋاڭنىڭ سەلتەنەتلىك جەڭگاھى.

[مۇزىكا ئاخىرلىشىشى بىلەن تەڭ، چىراغ نۇرىمۇ ئاستا – ئاستا خىرەلىشىدۇ.]

## II

### 1

[ئۇجىمزارلىق كەنتىدىكى چوڭ ئېغىلنىڭ ئەتراپى. چىراغ يورۇشى بىلەن ليۇ يەڭگە بىلەن لى جىنسەي ئەر – خوتۇن ئىككىسى چىرايلىرىدىكى غەم باسقان ھالدا بىر – بىرىگە قارىشىپ تۇرۇشىدۇ. بىردەمدىن كېيىن لى جىندۇ بىر قاچا ئاشنى يېگەچ يىراقتىن يېتىپ كېلىدۇ.]
لى جىندۇ: ... نېمە بولدى؟
لى جىنسەي: ئاكام كەلدى!
ليۇ يەڭگە: ئۇكام كەلدى.
لى جىندۇ: (چاقچاق قىلىپ) جىنسەي سەنمۇ «خوتۇن ساردىكى» نىڭ ئورنىغا چۈشۈپ قالمەمسەن دەپ ئەنسىرەۋاتامسەن؟

AltunOq

ليۇ يەڭگە: بىشىگىنى يەيدىغان، ئادەم غەم - قايغۇدىن ئۆلەي دەۋاتسا، قانداقمۇ چاقچاق قىلغۇڭ كېلىدۇ؟

لى جىندۇ: نېمە بولدى؟

[لى جىنسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ توختاپ قالىدۇ.]

ليۇ يەڭگە: مۇنداق گەپ. بۇ يىل ئەتىيازدا جىنسەينىڭ ئىنىسى ماڭا 200 يۈەن پۇل بېرىپ قويلىنىغا ئەلچى بولۇپ بېرىشنى تاپىلىغانىدى، مەن يۇقىرىقى مەھەللىدىكى چېنجيا-گۇدا ئولتۇرۇشلۇق چېن ئائىلىسى بىلەن پۈتىشىپ قويغانىدىم. قىزنىڭ ئىسمى چېن نيۇ ئىكەن، ئۇ خېلى بازىرى چىققىپ قالغان قىز ئىكەن. ئەسلىدە ئۇلار بىلەن بىر چىرايلىق پۈتىشىپ قويغانىدۇق، ئەمدى ئىككى يۈز يۈەن قۇدىلىشىش پۇلىدىن باشقا يەنە بەرمەكچى بولغان «سوت‌ھەققى» نى بېرىپ بولساقلا، كېلەر يىلى توي قىلماقچى ئىدۇق. لېكىن...

لى جىندۇ: تېخى بالدۇرغۇ؟

جىنسەي يەڭگە: بۈگۈن ئەتىگەن چېن ئائىلىسى بىرسىدىن گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ.

ليۇ يەڭگە: ئېيتىشىچە، چېن ئائىلىسى پۇلغا ھاجەتمەن بوپقاپتىمىش، چېن نيۇنىڭ ئانىسى جىنسەينىڭ ئىنىسىنى مۇشۇ بىر نەچچە كۈن ئىچىدە ھېلىقى 500 يۈەن (رەسمىي چاي پۇلى نى بېرىۋېتىپ، چېن نيۇنى ئەكىتىپ، توينى بالدۇرراق قىلىۋېتىشكە سۆيلەۋېتىپتۇ.

جىنسەي يەڭگە: توي ۋاقتىمۇ بولدى. چېن ئائىلىسى بىلەن بىرلىشىدىغان توينى يەنە كېچىكتۈرۈپ قۇيماڭلار دەۋاتىدۇ.

لى جىنسەي: ھازىر يىل ئاخىرى بولمىسا، قولىمىزدا نەدە نەق پۇل بولسۇن. بۇ ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەنلىك ئەمەسمۇ! بۇ دۇيدە زادى ...

لى جىندۇ: جىنسەي ئاكا، بۇ تازىمۇ پالاكەتچىلىك بوپتۇ، جۇمۇ!

لى جىنسەي: ...

جىنسەي يەڭگە: ئاكا، بىرەر مەسلىھەت بېرىڭا! بولمىسا بىزنىڭ كۆڭلىمىز تىنىم تاپمايدىكەن.

لى جىنسەي: شۇنداق ئەمەسمۇ! قويلىنىمۇ بىز ئىككى كېسەل كۆرپىسىگە قارايمەن دەپ، خوتۇن ئالالماي «خوتۇن سارىڭى» بولۇپ قالدى. مېنىڭ كۆڭلۈممۇ ...

لى جىندۇ: ...

[لى جىندۇ قاچىنى يەرگە قويۇپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، خىيالغا چۆمىدۇ. تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ كۆزى چاقناپ كېتىدۇ.]

لى جىندۇ: جىنسەي ئاكا، مەسلىھەتقۇ بېرەرمەن، ئەمما سىلەر بىر قارارغا كېلەلەرسىلەرمىكىن؟

لى جىنسەي: قويلىنىغا خوتۇن ئېلىپ بېرىدىغانلا ئىش بولسا، بىر قارارغا كېلىمىز.

جىنسەي يەڭگە: توغرا، توغرا.

لى جىندۇ: ھەببەللى، جىنسەي ئاكا. يېڭى ۋانىڭ ياتلىق بولىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى. قىز بالا دېگەن ھامان تالانىڭ ئادىمى. ئەمدى يېڭى ۋاغا بالدۇرراق ئاتاق قىز ئالىدىغان كىشى تاپقان تۈزۈك.

جىنسەي يەڭگە: سىز يۈۋانى ئاسراندى كېلىن بولسۇن دەمسىز؟
لى جىندۇ: ياقەي، ئاسراندى كېلىن دېگىنىڭىز نېمىسى؟ ئاتاق قىز؟
جىنسەي يەڭگە: ھەئە، ھەئە، ئاتاق قىز.
لى جىندۇ: يۈۋانى بىرسىگە ئاتاق قىز قىلىپ بەرسەك 500 كويىنى قايرىپ قالالايمىز، شۇنىڭ بىلەن فۇلىننىڭ ئىشىمۇ پۈتىدۇ ئەمەسمۇ.

[لى جىنسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئىشنىڭ يولىنى تاپقانىدەك، بېشىنى لىڭشىتىدۇ.]

جىنسەي يەڭگە: يۈۋا كىچىكىدىن تارتىپلا فۇلىننىڭ قېشىدا چوڭ بولغان. ئەگەر فۇلىن سىڭلىسىنىڭ ئۆزىگە تېگىدىغانلىقىنى بىلسە، بۇ...
لى جىندۇ: قورقماڭ، ۋاقتىنچە ئۇقتۇرماي تۇرۇڭ، مەن ئەتە گەنسۇغا بارىمەن. بىزنىڭ ئۆيدىكىنىڭ ئاچىسى بېرىپ ئۇقتۇرۇپ باقسۇن. (چىراغ ئۆچىدۇ.)

## 2

[لى فۇلىننىڭ كەمە ئۆيىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىنىڭ كۆرۈنۈشى. چاچلىرىنى ئۆرۈپ، تېگى قىزىل خادانى رەختتىن چاپان كىيىۋالغان، پۇشقىقىنى تۈرۈۋالغان يۈۋا كاڭنىڭ بۇلۇڭىدا ئولتۇرۇپ، نېمە قىلارىنى بىلمىگەن ھالدا ئاتا - ئانىسىغا ۋە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قارىماقتا. جىنسەي يەڭگە بولسا تۆۋەن تەرەپتە بىر كىچىك بوقچىنى چېگىپ ئولتۇرىدۇ.]

لى جىنشىڭ: يۈۋامۇ چوڭ بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ يۈزىنى ئالدۇرغانلىقىغا قاراپ ئادەمنىڭ ئىچى سېرىلىپ كېتىدۇ.
لى جىنفا: شۇنداق بولمايچۇ! گەنسۇنىڭ تۇرمۇشى بىزنىڭكىدىن ياخشى ئەمەسمۇ.
لى جىنشىڭ: قىزلىق ئەرگە تەگسە تەگمەمدۇ، ئەرگە بەرمىسەك ئەر ئالماس قېرى قىز بولۇپ قالىدۇ - دە.
كەنت ئاممىسى: شۇنداق، شۇنداق.

[كۆپچىلىك تالاش - تارتىش قىلىشىدۇ. يۈۋانى ئالداشتۇرۇپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىدۇ. يۈۋا كاڭگىرىغىنىچە كۆپچىلىككە سەپسالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە ئاتا - ئانىسىغا يەر تېگىدىن تىنماي قاراپ تۇرىدۇ.]

يۈۋا: (تويۇقسىزدىن) ئاپا، مەن ئەرگە تەگمىسەم بولمامدۇ؟
[كۆپچىلىك پاراقلاپ كۈلۈشىدۇ.]
يۈۋا: دادا، مەن ئەرگە تەگمىسەم بولمامدۇ؟
[كۆپچىلىك يەنە پاراقلاپ كۈلۈشىدۇ.]
جىنسەي يەڭگە: يۈۋا، سەن كىچىك ئەمەس. ئەگەر ئەرگە تەگمىسەڭ، ئاكاڭنىڭ ئىشى ...
يۈۋا: سىلەر كۈزلۈك يىغىمدىن كېيىن چاي ئىچكۈزىمىز دېگەنتىڭلارغۇ؟ چاي ئىچكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن ئۆيدە تۇرۇۋەرسەم، پۇل تېپىپ ئاكامنىڭ تويىنى قىلساق ئوخشاش

ئەمەسمۇ؟ نېمىشقا مېنى شۇ تاپتا ئەركە بېرىدىغان بىلۇپ قالدىڭلار؟

جىنسەي: بىلجىرلىما! ساڭا لايىق تېپىپ قويدۇق، خەقنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئۇلار-
نىڭ گېپىنى ياخشى ئاڭلا، قېيىن ئاتا - قېيىن ئانىنىڭ تىللىنى ئازراق ئاڭلاپ،
تايىقىنى ئازراق يېسەڭ، بىزنىڭ كۆڭلىمىز شۇنچە خاتىرجەم بولىدۇ.

يۈ ۋا: بولىدۇ. مەن ئېسىمدە تۇتىمەن. ئاپا، ئاكامچۇ؟

جىنسەي يەڭگە: (توسۇپ) يۈۋا! ...

[كىشىلەر پەس ئاۋازدا كۇسۇرلىشىدۇ.]

يۈ ۋا: ئاپا بولدى قىلايلى. مەن ماڭاي.

[جىنسەي يەڭگە ئۇنى توختىتىۋېلىپ، كىچىك بىر بوپىنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. يۈ ۋا
ئۇنى يەنە ئاپىسىغا قايتۇرۇپ بېرىدۇ.]

يۈ ۋا: ئاپا، بۇ ئاكامغا قالسۇن.

جىنسەي يەڭگە: ماقۇل.

يۈ ۋا: ئاپا، يىغلىما، مەن كۈلۈپ كېتىۋاتىمەنغۇ.

جىنسەي يەڭگە: ماقۇل، ماقۇل. تېز بېرىپ جىندۇ تاغاڭغا باش قويۇپ رەھمەت ئېيتقىن.

لى جىندۇ: بولدى، بولدى، پەقەت سەنلا ياخشى كۈن كۆرسەڭ، تاغاڭ خاتىرجەم بولىدۇ.
تېز ماڭغىن. ئەتە ئەتىگەن مەنمۇ قايتىپ كېتىمەن.

[يۈ ۋا ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆز چاناقلىرىغا كېلىپ قالغان ياشنى زورىغا توخ-
تىتىپ، بىر تەرەپتىن قىزىقچىلىق قىلىپ ئىشىكتىن چىقىدۇ. ئاخىرىدا ئۇ ئىشىك
ئالدىدا تۇرۇپ ئاتا - ئانىسى ۋە يۇرتداشلىرىغا، ئۆزى ئۆسۈپ چوڭ بولغان
كەمە ئۆيىگە ئاخىرقى قېتىم قاراۋېلىپ يۈزىنى تۇسۇۋالغان پېتى ئۆيدىن ئېتىلىپ
چىقىپ كېتىدۇ.]

جىنسەي يەڭگە: (يۈرەك - باغرى سەكپارە بولغان هالدا) يۈ ۋا!

[چىراغ ئۆچىدۇ. خورچىلار، كەنت خەلقى سەھنىنىڭ بىر تەرىپىگە قاراپ ماڭىدۇ.
ناخشا ياڭرايدۇ]:

سېرىق تۇپراق زېمىندە جۇڭخۇا كەلگەن ئالەمگە،
بۇ زېمىندە ئايىنغان ئەجدىھانىڭ ئەۋلادى.
توپان تىيغان دايۇۋنىڭ ئىزى قالغان بۇ يەردە،
بۇ يەر بولغان ۋۇ ۋاڭنىڭ سەلتەنەتلىك جەڭگاهى.

بەنت قىلغان قەدىمدىن قاتار - قاتار چوققىنى،
تېشىپ ئۆتتى هايالسىز بەش مىڭ يىلنىڭ ئەرۋاهى.
تارىخ سوئال قويىدۇ هامان بىزگە مۇنداق دەپ،
قاچانغىچە ئۇخلايدۇ بۇ ئەجدىها دەرگاهى.

ئالدىمىزدا بولسىمۇ تار يول تايغاق كېچىكلەر،
تۇرسىمۇ گەر چوققىلار كۆككە ئېتىلغان ئوق بىز دەپ.
هامان سوئال سورايمىز ئۆزىمىزدىن ئۆزىمىز،
هامان جاپا چېكىمىز تېپىرچىلاپ يول ئىزدەپ.

[ناخشا ساداسى ئىچىدە چىراغ بارا - بارا يورۇيدۇ. ئايلانما سەھنە ئاستا - ئاستا ئوڭغا ئايلىنىدۇ. لى جىندۇ يۈۋانى يېتىلەپ، ئېگىزلىككە قاراپ ماڭىدۇ. جۇشياۋپىڭ قول چىرىغىنى ياندۇرۇپ ئالدىدا يول باشلاپ ماڭىدۇ. شۇسەيفاڭ قاراڭغۇلۇقتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، بىر شارپىنى يۈ ۋانىڭ بوينىغا ئارتىپ قويىدۇ. ئۇ بىرنېمە دېمەكچى بولىدۇ - يۇ، لېكىن دېمەكچى بولغان گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غايىب بولىدۇ. لى جىندۇ، جۇشياۋپىڭ، يۈۋالار بارا - بارا يىراقلاپ كېتىدۇ. تۇساتتىن ئېچىنىشلىق بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپ، لى فۇلىن قولىدا يۈ ۋا قالدۇرغان بوپىنى تۇتقان هالدا گەمە ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقىدۇ.]

لى فۇلىن: يۈ ۋا! يۈ ۋا! ... ماڭا سىڭلىم كېرەك.

[لى فۇلىن تۇزلەڭلىكتە لى جىندۇنى قوغلاپ يۈرۈپ ۋارقىرايدۇ هەم يىغلايدۇ. ئاخىرى ئۇ سېرىق توپىغا تۇپتۇز يېتىۋېلىپ، خۇددى كىچىك بالىدەك دومىلاشقا باشلايدۇ. ناخشا يەنە داۋام قىلىدۇ. چىراغ نۇرى بارا - بارا يوقىلىدۇ.]

3

[قۇدۇقلارنى قارشى ئېلىش ئۇسسۇلى ئوينىلىدۇ هەم ناخشا ئاۋازى ياڭرايدۇ]:

ئورما تۇگەپ باشلىدۇق تويىنى،
مەشرەپ بىلەن كۆچۈرۈلدى قىز.
پەرىشانسەن نېچۈن ئايتىللا؟
ئۆز ئادىمىڭ ئالمىقاچان بىز.

كېلىن بولدۇڭ، تالالىق بولدۇڭ،
تار تۆشەكتە نازلىق ياتىسەن.
ئەرگە تېگىپ نېمە قىلىسەن،
تاماق ئېتىپ، بالا باقىسەن.

[لى جىندۇ خۇشاللىق بىلەن ۋارقىراپ كىرىپ كېلىدۇ.]

لى جىندۇ: توي هارۋىسى يېتىپ كەلدى. يېڭى كېلىن كۆلۈپ كەلدى. يىگىت ئالدىغا چىقىپ كۇتۇۋالسۇن!

[ئۇچمىزارلىق ئۈچ - چوپ قىز - يىگىت بېشىغا قىزىل ياغلىق يېپىلغان چېن چىڭنۇنى تەختىراۋاندىن چۈشۈرىدۇ. لى جىنسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئاكىسىغا ۋەكالىتەن قارشى ئېلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلگەن لى فۇلىننى سۆرەپ بىر تەرەپتىن يېتىپ كېلىدۇ.]

لى جىندۇ: يىگىت - قىز رەھمەت ئېيتىسۇن! (چېن چىڭنۇ ۋە لى فۇلىڭ بىرگە تۇرۇپ ئەتراپتىكىلەرگە تەزىم قىلىدۇ.)

لى جىندۇ: يېڭى كېلىن قۇتلۇق بولسۇن!

[بىر نەچچە خوتۇن كېلىپ ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان شاخنى چېن چىڭنۇنىڭ پۇتىغا باغلايدۇ. ئۇلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قىزنىڭ يۈزىنى ئېچىپ، چىرايىنى كۆرىۋالىدۇ.]

باۋۋانىڭ ئايالى: ھوي! بۇ قىزنىڭ كۆركى تەشۋىقات ئۆمىكىدىكى «لى تېمىي» نىڭ رولىنى ئالغان قىزكەنا؟

سۈيپىڭ يەڭگە: ۋاي شۇنداققۇ، نېمە دېگەن كېلىشكەن قىز!

[كەنتتىكىلەر ۋارقىرىشىپ كېتىدۇ.]

لى جىندۇ: يىگىت بىلەن قىز ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىلسۇن!

[كەنت خەلقى بىلەن لى جىندۇ ئىسقىرتىپ، چىرقىرىشىپ، چېن چىڭنۇنى ھۇجرىسىغا ئېلىپ كىرىدۇ.

ئايلانما سەھنە ئەمدى تەتۈرسىگە ئايلىنىشقا باشلايدۇ. چىراغ نۇرى ئالمىشىدۇ.]

## 4

[لى فۇلىننىڭ ھۇجرىسىنىڭ سىرتى. كېچە. لى جىندۇ توينى باشقۇرۇپ، مېھمانلارنى يولغا سالىدۇ.]

لى جىندۇ: جىنسەي ئاكا، جىنسەي ئاكا!

لى جىنسەي: (ئالدىراپ يۈگۈرۈپ كېلىدۇ) ھە! مانا مەن.

لى جىندۇ: ھەممە ئىش پۈتتى. فۇلىننى ھۇجرىسىغا كىرگۈزگىن.

لى جىنسەي: (ئۆي ئىچىگە قاراپ ۋارقىرايدۇ) ئانىسى، فۇلىننى تېز ئېلىپ كېلىڭلار!

[جىنسەي يەڭگە بىلەن لى فۇلىڭ لى فۇلىننى سۆرەپ ئېلىپ كىرىدۇ.]

لى جىندۇ: فۇلىڭ! بۇ چاپراس قىزىل شەلپەرنى ئاكاڭغا ئېسىپ قويغىن!

[لى فۇلىڭ ئېرەنسىمىگەن ھالدا ئۇچىسىدىكى قىزىل شەلپەرنى ئېلىپ ئاكىسىغا ئېسىپ قويىدۇ. لى جىنسەي ئەر - خوتۇن ئىككىسى لى فۇلىنغا بىر نېمە دەپ جېكىلىگەچ ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويىدۇ.]

لى جىنسەي: فۇلىن، سەن خوتۇن ئالماقچى ئەمەسمىدىڭ، مانا ئەمدى ئاتا - ئاناڭ ساڭا خوتۇن ئېلىپ بەردى، ئەمدى كۆڭلۈڭنى ياخشىراق ئۆتكۈزگىن.

[كۆپچىلىك ئۆيدىن قايتىپ چىقىپ، ئىشىكنى يېپىپ قويۇشىدۇ. لى جىندۇ بىلەن لى جىنسەي سۆزلەشكەچ يېنىپ چىقىدۇ.]

جىنسەيىيەڭگە: (ئۆي ئىچىگە قاراپ ۋارقىرايدۇ) چىڭنۇ، چىراغنى چاپسانراق ئۆچۈرۈپ دەم ئېلىڭلار. (چىقىپ كېتىدۇ.)

[يېڭى ھۇجرىنىڭ ئەتراپى جىمجىتلىق. بىردەمدىن كېيىن يېڭى ھۇجرىدىكى چىراغ ئۆچىدۇ. بىر نەچچە يىگىت پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ مارايدۇ.

ھۇجرىدىن تۇيۇقسىزلا چىرقىرىغان ئاۋاز چىقىدۇ، ئارقىدىنلا لى فۇلىننىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ماراۋاتقان يىگىتلەر گۇررىدە تارقىلىپ كېتىشىدۇ.]

لى فۇلىن: سەن مېنىڭ سىڭلىم ئەمەس، ماڭا سىڭلىم كېرەك، ماڭا خوتۇن كېرەك ئەمەس.

[ھۇجرىدىن نەرسە - كېرەكلەرنى ئاتقان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ، ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ كېتىدۇ. چېن چىڭنۇ چاچلىرى پاقپايغان ھالدا يۈگۈرۈپ چىقىپ قورققىنىدىن بىر يەرگە مۆكۈنۈۋالىدۇ.]

چېن چىڭنۇ: (ياغاچتەك قېتىپلا قالىدۇ) ئۇ مېنىڭ ئېرىم ئەمەس، ئۇ، مېنىڭ ئېرىم ئەمەس!

[چېن چىڭنۇنىڭ كۆلەڭگىسى سەھنىنىڭ چىراغ يورۇقى چۈشۈپ تۇرىدىغان يېرىدە پەيدا بولىدۇ.]

چېن چىڭنۇنىڭ ئاپىسى: يىغلىما بالام، سېنى ياتلىق قىلمىساق، ئۇكاڭنىڭ توي ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟

چېن چىڭنۇ: ئەس - ھوشۇمنى بىلمەيلا تەختىراۋانغا چىقىپتىمەن، تەختىراۋاندىن چۈشكىنىمدىلا ئۇنى كۆردۈم. ئۇ ساغلام، قاش - كۆزى جايىدا يىگىتتەك قىلىۋاتاتتى.

چېن چىڭنۇنىڭ ئانىسى: يىغلىما بالام. سېنى ياتلىق قىلمىساق، ئۇكاڭنىڭ توي ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟

چېن چىڭنۇ: كۆزىنى يۇمۇپ - ئاچقىچىلا ئۇ ئۆزگىرىپ كەتتى... ئۆزگىرىپ... ئاپا، سىلەر مېنى ئالداپسىلەر!...

چېن چىڭنۇنىڭ ئاپىسى: يىغلىما بالام، سېنى ياتلىق قىلمىساق، ئۇكاڭنىڭ توي ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟

چېن چىڭنۇ: (قېتىپلا قالىدۇ) بولمايدۇ... سىلەر مېنى كەتكىلى قويماسسىلەر؟

چېن چىڭنۇنىڭ ئانىسى: بالام ساڭا چاي ئىچكۈزگەن پۇل...

چېن چىڭنۇ: پۇلنى ئۇكامغا چاي ئىچكۈزىمىز دەپ خەجلىۋەتتىڭلارغۇ.

چېن چىڭنۇنىڭ ئانىسى: ساڭا چاي ئىچكۈزگەن پۇلنى ئۇكاڭغا چاي ئىچكۈزىمىز دەپ خەجلىۋەتتۇق....

[چىراغ بارا - بارا ئۆچىدۇ.]

5

[«تاڭ ئاتمىسىنىڭ قۇدۇقى» نىڭ بويى: چېن چىڭنۇ چاچلىرى پاقپايغان، كىيىملىرى رەتسىز ھالدا قۇدۇق بېشىدا قېتىپ ئولتۇرىدۇ. لىۋ يەڭگە كىر دېسىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ.]

ليۇ يەڭگە: چىڭنۇ! چىڭنۇ! (قاتتىق ئاۋازدا) چىڭنۇ!

چىڭنۇ: (چۆچۈپ) ھە! يەڭگەم كەپتۇ - دە.

ليۇ يەڭگە: نىمە؟ فۇلىن يەنە ئۇردىمۇ؟

چىڭنۇ: ...

ليۇ يەڭگە: (ئۆز - ئۆزىگە) فۇلىن خوتۇن ئالسا كېسەلى ساقىيىپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن. كىم بىلسۇن...... چىڭنۇ كۆڭلۈگدە نىمە بولسا يەڭگەڭگە ئېيتقىن. بۇنداق قىلىپ يۈرۈپ كېسەل بولۇپ قالساڭ قانداق بولىدۇ؟

چىڭنۇ: يەڭگە، ئەمدى كۈنۈمنى قانداقمۇ ئۆتكۈزەرمەن؟

ليۇ يەڭگە: ...

چىڭنۇ: ھەدە، فۇلىننىڭ بۇ كېسەلى ساقىيارمۇ؟

ليۇ يەڭگە: (ئويلانمايلا) ھەي! بۇنىمۇ كېسەل دېگىلى بولامدۇ؟ بىزنىڭ تاغىلىقلار، ئەرلەر خوتۇن ئالالماي قالسا ئىچىگە ئەپ كېتىپ مۇشۇنداق بولۇپ قالىدۇ، دېيىشىدىغۇ.

چېن چىڭنۇ: ئۇنداقتا بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى بارمۇ؟

ليۇ يەڭگە: داۋاسىغۇ ئوڭاي، بىراق سەن يۈزى ئېچىلمىغان قىز بولۇپ قالدىڭدە، شۇڭا بۇنى ساڭا دېگىلى بولمايدۇ.

چېن چىڭنۇ: (يالۋۇرغان ھالدا) ئوبدان يەڭگە ماڭا بىر ئېيتىپ بېرىڭا. مەن شور پېشانە مۇشۇنداق بىر خوتۇن ساۋىڭغا چۈشۈپ قالدىم. ئىگەكىم ئۇنىڭ بۇ كېسەلى ساقىيىدىغانلا بولسا ھەممە ئىشنى قىلىشقا تەييارمەن.

ليۇ يەڭگە: ئۇنداق بولسا ياخشى. فۇلىندىكى كېسەلنىڭ جاجىسى ئايال، سەن ئۇنى ئۆزۈڭگە يولاتمىساڭ، ئۇنىڭ خۇمارى بېسىلمىسا، قانداق ساقىيىدۇ.

چېن چىڭنۇ: (خىجىل بولغان ھالدا) ھەدە، فۇلىننىڭ كېسەلى بار...

ليۇ يەڭگە: (چاققانلىق بىلەن) ئۇنىڭ كېسەلى بولسا، سېنىڭ كېسەلىڭ يوقمىكەن؟ زېرىكمەي، تېرىكمەي، ئۇنى سىيلاپ - سىيپاپ ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ بالىلىق بولۇپلا قالىدىغان بولساڭ...

چېن چىڭنۇ: (خىجىللىق بىلەن) يەڭگە!

ليۇ يەڭگە: ئەخمەق قىز. گەپ سەت ئاڭلانغان بىلەن، كېسەلنى مۇشۇنداق قىلساڭ ساقايتالايسەن ئەمەسمۇ.

[چېن چىڭنۇ بىردەم ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، بېشىنى لىڭشىتىپ قوشۇلىدۇ. چىراغ ئۆچىدۇ.]

6

[لى فۇلىننىڭ يېڭى ھۇجرىسى. كېچە.

چىراغ يورۇقىدا چېن چىڭنۇ گەمە ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە يۆلىنىپ، لى فۇلىننى ساقلاپ تۇرىدۇ. كاڭدىكى شىرەدە، چېن چىڭنۇ تەييارلىغان ھاراق - گېزەكلەر

تىزىلغان. بىر دەمدىن كېيىن، چېن چىڭنۇ كاڭدا ئولتۇرۇپ ياسىنىشقا باشلايدۇ. ئۆ-
زىنىڭ ئەينەكتىكى شولىسىنى كۆرۈپ قانداقتۇر بىر خىل گۈزەل ئارزۇۋە بەخت تۇي-
غۇسىغا چۆمۈلىدۇ. شۇ چاغدا لى فۇلىن ئىختىيارسىزلا ناخشا ئېيتقاچ سايمانلىرىنى
كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ.]

لى فۇلىن: (ناخشا):

ئاكام ئۇن سەككىزدە كېتىپ گەنجۇغا،
ئېلىپ كەلدى شۇ شۇ ئاتلىق بەرنا چوكاننى.

[چېن چىڭنۇ چۆچۈپ بىر تەرەپكە مۆكۈۋالىدۇ.]

چېن چىڭنۇ: (پەس ئاۋاز بىلەن) فۇلىن! فۇلىن!

[لى فۇلىن چېن چىڭنۇغا قاراپ تۇرۇپلا قالىدۇ. چېن چىڭنۇ قورقىنىدىن ئۆزىنى
چەتكە ئالىدۇ. ئۇ لى فۇلىنغا «يۈزىڭىزنى يۇيۇڭ» دېمەكچى بولىدۇ - يۇ، ئۇنىڭ-
دىن قورقۇپ كېتىدۇ. لى فۇلىن چېن چىڭنۇنىڭ ۋەھىمىلىك ھالىتىنى كۆرۈپ سو-
دايىلارچە كۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇ لۆڭگىنى بىر يانغا قويۇپ، كاڭغا كېلىپ شىرەگە
تىزىلغان ھاراق، گېزەكلەرنى كۆرىدۇ. بىردىنلا بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ.]

چېن چىڭنۇ: فۇلىن! بۇلارنى مەن سىزگە تەييارلاپ قويغانىدىم.

[لى فۇلىن ئۆيدىن قايتىپ چىقىپ، يەنە سىرتقا ماڭماقچى بولىدۇ.]

چېن چىڭنۇ: فۇلىن!

لى فۇلىن: مەن تەرەتكە چىقىپ كىرەي. (شۇنداق دەپلا ئىشىككە ئېتىلىدۇ.)

[چېن چىڭنۇ دەككە - دۈككە ئىچىدە يەنە كاڭغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ لى فۇ-
لىن قايتىپ كىرىشى ھامان بىر چەتكە سۈرۈلىدۇ. لى فۇلىن كاڭغا كېلىپ ئول-
تۇرۇپلا، گېزەكنى شالاپلىتىپ يېيىشكە باشلايدۇ.]

چېن چىڭنۇ: فۇلىن ئالدىرىماي يەڭ. يەنە...... يەنە ھاراقمۇ بار. (ئالدىراپ - تېنەپ كاڭ-
غا كېلىپ لىقمۇ لىق بىر قەدەھ ھاراق قۇيۇپ تىترىگىنىچە لى فۇلىنغا سۇنىدۇ.
لى فۇلىن چېن چىڭنۇغا قاراپ قېتىپلا قالىدۇ. چېن چىڭنۇ ھاراقنى ئىچمەكچى
بولۇپ، ئاغزىغا ئاپارغاندا، لى فۇلىن ئۇنى تارتىۋېلىپ «گۈپلا» قىلىپ ئىچىۋې-
تىدۇ ھەمدە قاتتىق قېقىلىپ كېتىدۇ. چېن چىڭنۇ دەرھال ئارقىسىغا ئۆتۈپ، ئۇ-
نىڭ دۈمبىسىنى مۇشتلايدۇ.]

چېن چىڭنۇ: فۇلىن، ئالدىرىماي ئىچىڭ.

[لى فۇلىن چېن چىڭنۇنىڭ قولىنى كاپلا قىلىپ تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ قوللىرىنى پۇ-
راپ كېتىدۇ، ئاندىن چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارايدۇ - دە، ئۇنىڭ
بېشىغا قىسىقلىق تۇرغان بىر تال گۈلنى ئۈزۈۋالىدۇ.]

لى فۇلىن: (كۈلۈپ كېتىدۇ) ھا... ھا... ھا... ھا... قارىمامدىغان بۇ ئەرسەكنىڭ ئېرىدىپ
كەتكىنىنى...

چېن چىڭنۇ: (سەۋرچانلىق بىلەن) فۇلىن، خوتۇن ئالغاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىدىغانلىقى-
نى بىلەمسىز؟

[لى فۇلىن ھاڭۋاقىقىنىچە خىيالغا چۆكىدۇ.]

لى فۇلىن: (دانىمۇ دانە قىلىپ) خوتۇننى نېمىشقا ئالاتتى؟ كۈندۈزى ئاش ـ تاماق ئەتكۈزگىلى، كېچىسى باغرىغا بېسىپ ياتقىلى، بالا باققۇزغىلى ئالىدۇ. خوتۇن ئېلىپ ...

چېن چىڭنۇ: (جىددىي هالدا) فۇلىن، هېلىقى توي هاۋۇسى بىلەن مېنى سىلەۋىنىڭكىگە نېمە قىلغىلى ئېلىپ كەلگەن؟

[لى فۇلىن ياغاچتەك تۇرغان پېتى زۇۋان سۈرمەيدۇ.]

چېن چىڭنۇ: سىزنىڭ خوتۇنىڭىز بىلەن ئوينىغۇڭىز، هۇزۇرلانغىڭىز كەلمەمدۇ؟

لى فۇلىن: (ئەسەبىيلەرچە) ئوينىغۇم كېلىدۇ، ها... ها... ها... ئوينىغۇم كېلىدۇ.

چېن چىڭنۇ: (جىددىيلىشىپ) فۇلىن!

[تۇيۇقسىزدىن ئۆزىنى فۇلىننىڭ قوينىغا ئاتىدۇ. چېن چىڭنۇ ئۆز تەقدىرى ۋە ئېرى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ يىغلاپ كېتىدۇ. بۇ چاغدا لى فۇلىن بىردىنلا جىم بولۇپ قالىدۇ. چېن چىڭنۇ فۇلىننى قۇچاقلايدۇ، مۇلايىملىق بىلەن سىيلاپ ـ سىيپايدۇ. بەلكىم ئۇ ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا ئارمان قىلغان مۇشۇنداق شىرىن خىيالىبى، ئۇزاقتىن بېرى خىيال قىلىپ كەلگەن بۇ گۈزەل چۈشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.]

لى فۇلىن: (ناخشا):

ئاكام ئون سەككىزدە كېتىپ گەنجۇغا،
ئېلىپ كەلدى شۇ شۇ ئاتلىق بەرنا چوكاننى.

شۇ شۇ بۇ يىل ئاران ئون ئالتە ياشتا،
تاپالمايسەن سەتەڭلىكتە ئۇندىن ئوبدانىنى.

چېن چىڭنۇ: (ئۈمىدلىنىپ) فۇلىن، بىز بالىلىق بولساق...

لى فۇلىن: (بىردىنلا) فۇلىنغا بالا كېرەك، فۇلىنغا بالا كېرەك.

[فۇلىن شۇنداق دەپلا، چېن چىڭنۇنىڭ كىيىملىرىنى قوپاللىق بىلەن يىرتىشقا باشلايدۇ.]

چېن چىڭنۇ: (چۆچۈپ) فۇلىن، ئالدىرىماڭ، (ئۆزى كىيىمىنى سالىدۇ.)

لى فۇلىن: (ئۆينى بېشىغا كىيىپ، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ۋارقىرايدۇ) فۇلىنغا بالا كېرەك، فۇلىنغا بالا كېرەك!

[چېن چىڭنۇ فۇلىننىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ قويىدۇ. تۇيۇقسىزدىن فۇلىننىڭ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر ئويۇنچۇق چۈشىدۇ. فۇلىن چېن چىڭنۇنىڭ قولىدىن ئويۇنچۇقنى شارتتىدە تارتىپ ئېلىپ، بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلايدۇ.]

لى فۇلىن: سىڭلىم!... مېنىڭ سىڭلىم قېنى؟ بۇ سىڭلىمنىڭ ئەمەسمۇ؟

[چېن چىڭنۇ هوشىغا كېلىپ، لى فۇلىنغا ئېتىلىدۇ.]

چېن چىڭنۇ: غەلۋە قىلماڭ. سىڭلىڭىز ئەرگە تەگدى. شۇنىڭ بەدىلىگە سىز خوتۇن ئالدىڭىز.

لى فۇلىن: ماڭا خوتۇن كېرەك ئەمەس، ماڭا سىڭلىم كېرەك. سىڭلىمنى قايتۇرۇپ بەر.

[چېن چىڭنۇ لى فۇلىنغا چىڭ ئېسىلىۋالىدۇ.]

چېن چىڭنۇ: فۇلىن غەلۋە قىلماڭ. چىڭنۇ سىزگە تاماق ئېتىپ، بالا تۇغۇپ بېرىدۇ.

[لى فۇلىن چېن چىڭنۇنى ئەسەبىيلەرچە ئۇرۇپ كېتىدۇ.]

لى فۇلىن: ماڭا خوتۇن كېرەك ئەمەس، سىڭلىم كېرەك!

[ئاخىرىدا، لى فۇلىن ئورغاق بىلەن چېن چىڭنۇنىڭ ئۆرۈمە چېچىنى كېسىپ تاشـ
لايدۇ. چېن چىڭنۇ ۋارقىرىغان پېتى ئۆيدىن قېچىپ چىقىپ كېتىدۇ.]

لى فۇلىن: (يىغلايدۇ) ماڭا خوتۇن كېرەك ئەمەس، سىڭلىم كېرەك!

[ناخشا سادالىرى ئىچىدە چىراغ نۇرى ئالمىشىدۇ.] (ناخشا):

ھېيت كېلەر ئايەم كېلەر، ئاشىق كۆتەر مەشۇقىنى،
سىنتەبىرنىڭ بېشىدا، كارۋان يولى قىشىدا.

## 7

[ئۆزلەڭلىكتىكى ئېتىزلىق، ھەممە يەرگە زىرائەت تېرىلغان. يىراقتىن لى جىنـ
دۇنىڭ ناخشا ئېيتقاندەك جاراڭلىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.]

لى جىندۇ: ئارام ئېلىڭلار! ئارام ئېلىڭلار!

[كەنت خەلقى قورال - سايمانلىرىنى كۆتەرگىنىچە، ئىككى - ئۈچتىن بولۇشۇپ
قىر بېشىغا كېلىپ ئارام ئېلىشىدۇ.]

بىكار تەلەت يىگىت: سۆيۈملۈك يەڭگە! بۇ خەينى كىمگە تىكىۋاتىسىز؟

سۆيۈملۈك يەڭگە: ئاناڭغا گەپ قىلساڭ تىلىڭ كۆيىدۇ.

بىكار تەلەت يىگىت: گەپ قىلسام نېمىشقا بولمايدىكەن.

سۆيۈملۈك يەڭگە: بۇ خەينى داداڭغا تىكىۋاتىمەن.

[كەنت خەلقى پاراقلاپ كۈلۈشىدۇ. چېن چىڭنۇ خۇددى بىر نەرسىنى ئىزدەۋاتقان
قىياپەتتە، يىراقتىن خىيالچان ھالدا يېتىپ كېلىدۇ.]

شۇ سەيفاڭ: چىڭنۇ، (كۆيۈنگەن ھالدا) بىر نەرسەڭنى يوقىتىپ قويدۇڭمۇ؟

چېن چىڭنۇ: (ئاچچىق كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىدۇ.)

[شۇ سەيفاڭ ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بېرىدۇ.]

شۇ سەيفاڭ: يۈر ئىككىمىز ئاۋۇ تەرەپكە بېرىپ، سەگدەپ كېلەيلى!

[بىكار تەلەت يىگىتلەر جىم تۇرۇشۇپ چېن چىڭنۇغا قارىشىدۇ.]

شۇ سەيفاڭ: نىكاھتىن ئاجرىشىدىغان ئىشىڭ قانداق بولدى؟

چېن چىڭنۇ: (ئۈندىمەستىن بېشىنى چايقاپ) ئەپلەشمىدى.

شۇ سەيفاڭ: نېمىشقا؟

چېن چىڭنۇ: چوڭلار يەنىلا بىرگە ئۆتكىنىڭلار ياخشى، ئادەمگەرچىلىك دېگەن نەرسىمۇ بارغۇ دەۋاتىدۇ.

شۇ سەيفاڭ: سەن نېمىشقا ئۇنىڭ كېسىلى بار ئىكەن، دېمىدىڭ؟

چېن چىڭنۇ: مەن ئۇنداق دېسەم، چوڭلار «ساقىيىپ قالىدۇ» دېيىشىۋاتىسا.

[شۇ سەيفاڭ بىر ياندا جىم ئولتۇرىدۇ. چېن چىڭنۇ چاپىنىنى سېلىۋەتمەكچى بولىدۇ.]

چېن چىڭنۇ: (تۇيۇقسىزدىن) مېنىڭ ئورغىقىم قېنى؟ (قايتىپ كەتمەكچى بولىدۇ.)

شۇ سەيفاڭ: چىڭنۇ! (ئورنىدىن تۇرۇپ، چىڭنۇنىڭ ئالدىغا بارىدۇ) نېمە بولدۇڭ؟ ئورغىقىڭ
ئالدىڭدا تۇرمامدۇ؟

AltunOq

[چېن چىڭنۇ ئوڭايسىزلىنىپ كۈلۈپ قويىدۇ.]

شۇسەيفاڭ: چىرايىڭ نېمە بولۇپ كەتتى، قارا؟

چېن چىڭنۇ: (ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ) جاھاندىكى ھەممە ئاياللار ئوخشاش.

شۇسەيفاڭ: ساراڭدەك گەپ قىلمىغىنا. (يۈزىنى ئۆرۈپ بىر تەرەپكە بېرىپ ئولتۇرىدۇ).

[چېن چىڭنۇ چاپىنىنى سېلىۋېتىپ، مايكىچان ئولتۇرىدۇ.]

لى جىنفا: بۇ فۇلىنغا نەدىكىمۇ بىكارغا كېلىپ قالغان ئامەتتۇر؟ شۇنچە چىرايلىق بىر خوتۇننى...

سۇيېيىڭ يەڭگە: ئەجداتلاردىن قالغان گۈزەللىك بولمامدۇ؟

باۋۋانىڭ ئايالى: ۋاي ئېسىتەي، مۇشۇنداق بىر چىرايلىق قىز مۇشۇ زىمىنغا كېلىپمۇ يەنىلا شۇ پېتى تۇرۇپتۇ!

[بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىكار تەلەت يىگىتلەر چېن چىڭنۇغا مەنىلىك قارىشىپ قويىدۇ. يىراقتىن لى فۇلىننىڭ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ]:

ئاكام ئۇن سەككىزدە كېتىپ گەنجۇغا،
ئېلىپ كەلدى شۇ شۇ ئاتلىق بەرنا چوكاننى،
شۇ شۇ بىر يىل ئاران ئۇن ئالتە ياشتا،
تاپالمايسەن سەتەڭلىكتە ئۇندىن ئوبدانىنى.

بىكار تەلەت يىگىتلەر: قاراڭلار، فۇلىن كەلدى.

[لى فۇلىن بىخىرامان ھالدا بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ چېلەكنى يەرگە قويۇپ ئاۋۋال ئۆزىگە بىر چىنە سۇ ئالىدۇ-دە، بىر چەتكە بېرىپ بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ سۇنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن خۇددى ئېتىكاپتا ئولتۇرغان راھىبلارغا ئوخشاش، بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئاسمانغا تىكىلىدۇ. بىكار تەلەت يىگىتلەر چېلەكتىن سۇ قۇيۇپ ئىچىشكەچ بىر يەرگە يىغىلىپ، بىر نېمىلەرنى دېيىشىپ پىچىرلىشىدۇ. ئۇلار، يىگىت باشلىقىنىڭ كۆز ئىشارىسى بىلەن تەڭلا سۈرەن سېلىپ لى فۇلىننى ئورىۋېلىشىدۇ.]

بىكار تەلەت يىگىت A: لى فۇلىن، خوتۇنىڭ بارمۇ؟

[لى فۇلىن پەرۋاسىز ھالدا بېشىنى لىڭشىتىدۇ.]

بىكار تەلەت يىگىت C: سېنىڭ نەدە خوتۇنۇڭ بولسۇن.

لى فۇلىن: بار.

بىكار تەلەت يىگىت B: خوتۇنۇڭ كىم؟

لى فۇلىن: (خاموش ھالدا ئۇيان-بۇيانغا قاراپ ئىزدەيدۇ، ۋە چېن جىڭنۇنى كۆرسىتىپ) مانا ئەۋۇ شۇ!

بىكار تەلەت يىگىت D: چىڭنۇ قانداقمۇ سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولسۇن؟

لى فۇلىن: مېنىڭ خوتۇنۇم.

بىكار تەلەت يىگىتلەر: سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئەمەس.

لى فۇلىن: مېنىڭ خوتۇنۇم!

بىكار تەلەت يىگىت D: ئەمەس دېگەندىن كېيىن، ئەمەس!

لى فۇلىن: شۇ دېگەندىن كېيىن شۇ!

بىكار تەلەت يىگىت B: ئۇنداقتا، سەن خوتۇنۇڭ بىلەن بىللە بوپپاقتىڭمۇ؟

لى فۇلىن: ...

بىكار تەلەت يىگىتلەر: بولدى قوي، بىللە بولمايسەن، شۇنداق تۇرۇقلۇق قانداقمۇ خوتۇنۇم بار دېيەلەيسەن؟

[بىكار تەلەت يىگىتلەر لى فۇلىننىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرمەكچى بولغاندەك، قەستەن چۇقان - سۈرەن سېلىشىپ ئارقىغا يېنىشىدۇ، لى فۇلىننىڭ كۆكرىكى ئاچچىقتىن بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىدۇ. ئۇ بىر نېمە دېمەكچى بولىدۇ-يۇ، لېكىن ئاغزىدىن چىقىرالمايدۇ، ئۇ بىردىنلا چىن چىگنۇغا ئېتىلىدۇ. چىن چىگنۇ ئىنكاس بىلدۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا فۇلىننىڭ بېغىشىدىن تۇتىۋالىدۇ.]

لى فۇلىن: مېنىڭ خوتۇنۇم!

[بىكار تەلەت يىگىتلەر يەنە گۇرۇردە ئولىشىپ كېلىشىدۇ.]

بىكار تەلەت يىگىتلەر: سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئەمەس.

لى فۇلىن: (ۋارقىراپ) مېنىڭ خوتۇنۇم!

[لى فۇلىن ئاڭسىز ھالدا بىر نېمىنى ئىزدەيدۇ. ئۇ تۇيۇقسىز پەسكە ئېڭىشىپ، چىن چىگنۇنىڭ كۆڭلىكىدىن بىر پارچە يىرتىۋالىدۇ. چىن چىگنۇ چىرقىرىغان پېتى يەرگە ئولتۇرۇپ قالىدۇ. كۆپچىلىك قورقۇپ كېتىشىدۇ.]

بىكار تەلەت يىگىتلەر: (تېخىمۇ يەل بېرىپ) بۇ ھېساب ئەمەس، چىن چىگنۇ سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئەمەس.

[ئاچچىقتىن لى فۇلىننىڭ چىرايلىرى ئاقىرىپ كېتىدۇ. چىن چىگنۇ ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى ھېس قىلىپ، ۋارقىرىغىنىچە قېچىپ كېتىدۇ. لى فۇلىن ئۆزىگە نەسىھەت قىلىشقا كەلگەن شۇ سەيفاڭنى ئىتتىرىۋېتىپ چىن چىگنۇنى قوغلايدۇ. بىكار تەلەت يىگىتلەر چۇقان سېلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشىدۇ.

لى فۇلىن چىن چىگنۇنىڭ ئىشتىنىنى رەھىمسىزلەرچە ئەمما ساددىلىق بىلەن كۆتۈرۈپ كىرىپ كېتىدۇ.

ئايىنچىلىق بىلەن ۋارقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. لى فۇلىن چىن چىگنۇنى تۇتىۋېلىپ يەرگە باسىدۇ. لى فۇلىن كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدىلا، چىن چىگنۇنىڭ ئىشتىنىنى يىرتىۋېتىدۇ. كەنت خەلقى ۋارقىرىشىپ ئۇلارنى ئوراۋالىدۇ.]

لى فۇلىن: بۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، پۇلغا سېتىۋالغان خوتۇنۇم، سىڭلىمغا تېگىشكەن خوتۇنۇم!...

[لى فۇلىن رەھىمسىزلىك قىلىدۇ. ئەمما چىن چىگنۇنىڭ ئىشتىنىنى ساددىلىق بىلەن كۆتۈرۈپ قويۇپ، كىرىپ كېتىدۇ.

خورچىلار، كەنت خەلقى مۇزىكا ساداسى ئىچىدە تارقىلىپ كېتىدۇ. كىشىلەردە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى قوزغايدىغان ئۇ يەر - بۇ يەرلىرى پۇچىلانغان ئەمما بەدىنى قاشتېشىدەك سۈپسۈزۈك يالتىرايدىغان بىر قىزنىڭ قەددىمى تاش ھەيكىلى بىردىنلا تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىدا نامايەن بولىدۇ.

تاش ھەيكەل، يىراق قەدىمى دەۋرلەرنى، تالاي ئەسىرلەردىن بۇيان ھەمدەمدە بولغان ئاياللارنى ئەسكە سالىدۇ. شۇ سەيفاڭنىڭ رولىنى ئالغان ئارتىس بىر پار-

چە سىرىق دۇردۇننى ئىھتىرام بىلەن تاش ھەيكەلگە يېيىپ قويىدۇ. خورچىلار، كەنت خەلقى، شۇ سەيفاڭنىڭ رولىنى ئالغان ئارتىس بىلەن بىللە تاش ھەيكەلگە باش قويىدۇ. ئاياللار چىراغ نۇرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ بارا - بارا سولغا ئايلىنىدۇ. ناخشا ئاۋازى ياڭرايدۇ]:

سىرىق تۇپراق زېمىندە جۇڭخۇا كەلگەن ئالەمگە،
بۇ زېمىندە ئاينىغان ئەجدىھانىڭ ئەۋلادى.
توپان تېيغان دايۇۋنىڭ ئىزى قالغان بۇ يەردە،
بۇ يەر بولغان ۋۇۋاڭنىڭ سەلتەنەتلىك جەڭگاھى.

[ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىۋاتقان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە چىراغ نۇرى بارا - بارا خىرەلىشىدۇ.]

III

1

[ئۇچىمزارلىق كەنتىدىكى سامانخانىنىڭ سىرتىدىكى چوڭ پىشايۋان. كىشىلەر بۇ يەردە «گۇمانلىق قاتىل» ۋاڭ جىكېنى كۆرەش قىلماقتا.]

باۋۋا: (ۋارقىراپ تۇرۇپ) ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. قارشىلىق قىلغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈلىدۇ!

كەنت خەلقى: (ئۈنلۈك توۋلىشىدۇ) ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ. قارشىلىق قىلغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈلىدۇ!

باۋۋا: ئېيتە!

ۋاڭ جىكې: بىلمەيمەن، مەن قاتىللىق قىلمىدىم.

باۋۋا: قۇرۇق گەپ قىلما، ھەر قېتىمقى يىغىندا دەيدىغىنىڭ مۇشۇ بىرلا گەپمۇ!

لى جىندۇ: ئەزالار پىكىر قىلىڭلار.

كەنت خەلقى:...

لى جىندۇ: كىم ئاۋۋال پىپەن قىلىدۇ. (باۋۋاغا قاراپ) پىپەن قىلىشنى سەن باشلاپ بەرگىن.

[باۋۋا ئالدىنئالا تەييارلىۋالغان سۆز تېكىستىنى چىقىرىدۇ.]

باۋۋا: ھۆرمەتلىك دۇيجاڭ لى جىندۇ، سۆيۈملۈك كەمبەغەل دېھقانلار ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى لى جېنشىڭ، سۆيۈملۈك كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن - ئوتتۇرا دېھقانلار...... شەرق شامىلى كۆتۈرۈلمەكتە، جەڭ دۇمبىقى گۈمبۈرلىمەكتە، ھازىرقى جاھاندا كىم - كىمدىن قورقىدۇ؟ مەن ھەققانىي غەزەپ - نەپرىتىم بىلەن قاتىل ۋاڭ جىكېنىڭ چېكىدىن ئاشقان جىنايى قىلمىشلىرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىمەن. (لى جىندۇغا قاراپ) ئاكا، ماۋۇ خەتنى ئوقۇپ بېرىڭا!

لى جىندۇ: ماڭ، ماڭ! شۇ ھالىڭغا تېخى بەش كۆك ئىش ھەققى ئالامسەن؟
سۇيىپىڭ يەڭگە: (دۈۋىنىپ) نېمە؟ ئاران 5 كۆك بېرەمسىلەر؟
[كەنت خەلقى ئۆز ئارا پىچىرلىشىشقا باشلايدۇ. باۋۋانىڭ ئايالى باۋۋانى تارتىپ كېتىدۇ.]
لى جېنشىڭ: ئەمدى كىم سۆزلەيدۇ؟
[لى جېنمىڭنىڭ قاتتىق خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.]
لى جىندۇ: جېنمىڭ!
لى جېنمىڭ: (چۆچۈپ ئويغىنىدۇ) نېمە؟ يىغىن تۈگىدىمۇ؟ (ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭماقچى بولىدۇ.)
[كەنت خەلقى كۈلۈشۈپ كېتىدۇ.]
لى جىندۇ: نېمىگە كۈلىسىلەر؟
لى جېنشىڭ: پىپەن، كۆرەش يىغىنى بولغاندىكىن، پىپەن قىلغاندىن باشقا يەنە پاش قىلىش كېرەك - تە!
سۇيىپىڭ يەڭگە: مەن بىرسىنى پاش قىلاي!
باۋۋا: (ۋارقىراپ تۇرۇپ) ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ، قارشىلىق قىلغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈلىدۇ!
كەنت خەلقى: (ۋارقىراپ تۇرۇپ) ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىنىدۇ، قارشىلىق قىلغانلارغا قاتتىق چارە كۆرۈلىدۇ!
خەلق ئەسكىرى A: (ۋارقىراپ تۇرۇپ) ئاخىرغىچە جاھىللىق قىلماقچى بولىۋاتامسەن؟
لى جىندۇ: (توسۇپ) بۇ ئىش بىر يەرگىمۇ بېرىپ قالدى.
سۇيىپىڭ يەڭگە: (تېزلىك بىلەن) ۋاڭ جىكې مەن سېنى پاش قىلىمەن. ئاۋۇ كۈنى ئىشىكىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بالاڭغا مۇنداق دەۋاتقىنىڭنى ئاڭلاپ...
لى جىندۇ: (تەقەززالىق بىلەن) نېمە دېدى؟
سۇيىپىڭ يەڭگە: قاتتىق - قۇرۇقنى مەن يەي، ياخشىراقىنى سەن يە، تويغىچە يەپ، تېزراق چوڭ بولغىن، دېدىڭ. بالاڭ تېزراق چوڭ بولسا، نېمە قىلماقچىسەن؟
كەنت خەلقى: ئېيتە نېمە قىلماقچىدىڭ؟
سۇيىپىڭ يەڭگە: (سۆزلىگەنسېرى تېخىمۇ كۈچىيىپ) قاتىل ۋاڭ جىكې دەپ باقە، سەن بالاڭنى قانداق ئۆگەتتىڭ؟ 7 — 8 ياشقا كىرىپ قالغان بالىنى كۈنبويى بوينۇڭدىن چۈشۈرمەي كۆتەرگىنىڭ كۆتەرگەن. ئېيتىپ باقە، كىممۇ بالىسىنى شۇنداق قىلىدىكەن؟ يەنە تېخى چوپ - چوڭ بولۇپ قالغان بالىغا تاماق يېگۈزۈپ قويىسەن، ياكى ئۇ بىر ئەمچەكتىكى بالا بولمىسا!
لى جىندۇ: (ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋېتىپ) بولدى، بولدى، سەن بېرىپ ئارام ئال!
سۇيىپىڭ يەڭگە: مەن تېخى سۆزلەپ بولمىدىم.
لى جىندۇ: سەن بۇ گەپلىرىڭنى بېرىپ يەتمىش پۇشتۇڭغا سۆزلەپ بەر!
سۇيىپىڭ يەڭگە: دۈيجاڭ، مەن سىزنىڭ چىشىڭىزغا تەگمىسەم، نېمىشقا يەتمىش پۇشتۇمنى

چىشلەپ تارتىسىز؟ مەنمۇ كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن - ئوتتۇرا دېھقانغۇ؟ رەھبەرلىككە مېنىڭ قەيەرىم يارىماي قالدى؟

لى فۇگۇي: نېمە دەۋاتىسەن، ۋالاق تەككۈر خوتۇن، ماڭ كۆزۈمدىن يوقال!

سۈيىپىڭ يەڭگە: مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئۆتكەن يىلى دۈيدىن ماڭا تەقسىم قىلىپ بەرگەن بۇغداي...

لى فۇگۇي: تېزراق يوقالماي، يەنە نېمىگە ۋالاقلايسەن!

[لى فۇگۇي ئايىغىنى سېلىپ سۈيىپىڭ يەڭگىنى ئۇرۇپ كېتىدۇ. ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىردىنلا ئۇرۇشۇپ كېتىدۇ، پۈتۈن سورۇن قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ.]

لى جىندۇ: (شىرەنى مۇشتلاپ) يەنە كىمكى غەۋغا قىلىدىكەن، شۇنىڭ ئىش ھەققىنى تۇتۇپ قالىمەن!

[سورۇن تىنچلىنىدۇ. سۈيىپىڭ يەڭگە دەرھال ئورنىدىن تۇرىدۇ.]

سۈيىپىڭ يەڭگە: دۈيجاڭ ئۇنداق بولسا مەن ھېچنېمە دېمىدىم.

لى جېنشىڭ: يىغىننى داۋاملاشتۇرىمىز. ۋاڭ جىكې تۇرە ئورنىڭدىن.

لى جىندۇ: سەن سىرتتىن كەلگەن گەزمال سودىگىرىنى ئۆلتۈرگەنلىكىڭنى ياخشى تاپشۇر!

[كەنت خەلقى شۇئار توۋلايدۇ.]

ۋاڭ جىكې: بىلمەيمەن. مەن ئادەم ئۆلتۈرمىدىم.

باۋۋا: سەن قاتىللىق قىلمىساڭ، گەزمال سودىگىرى قانداق قىلىپ ئۆلۈپ قالدى؟ سەن مېنىمۇ يىمەكچىمۇ؟ ۋۇ نائىنساپ ۋىجدانسىز! ئېيتىپ باقە، بىز لى فامىلىلىكلەر ساڭا نېمە يامانلىق قىلغانىدۇق؟ سەن پاناداپ توي قىلغان ئاشۇ گەمە ئۆينى ساڭا بىز لى فامىلىلىكلەر ياساپ بەرگەنغۇ، سەن نېمىشكە ئىشىنىپ خوتۇنۇڭ ئۆلۈشى بىلەنلا بالاڭنىڭ فامىلىسىنى ئۆزگەرتتىڭ؟

[ۋاڭ جىكې باۋۋاغا غەزەپ بىلەن ئالىيىدۇ.]

باۋۋا: (ئاچچىقىدا چىچاڭشىپ) بېشىڭنى ئەگ!

[ۋاڭ جىكې بېشىنى شۇنداق كۆتۈرۈشكە بېشى باۋۋانىڭ يۈزىگە تېگىپ كېتىدۇ. باۋۋا قاتتىق بىر چىرقىراپ يەرگە يىقىلىدۇ. بىرنەچچە خەلق ئەسكىرى ئېتىلىپ بېرىپ ۋاڭ جىكېنى تۇتماقچى بولىدۇ. ۋاڭ جىكې ئۇلارنى بىلىكى بىلەن ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىدۇ. غەزەپلەنگەن ئامما ئېتىلىپ بارىدۇ - دە، ۋاڭ جىكېنى ئورۇۋېلىپ ئۇنى تېپىپ، مۇشتلاپ ئۇرۇپ كېتىدۇ. ۋاڭ جىكې ئىلاجىسىز، بېشىنى قۇچاقلاپ يەرگە ئولتۇرۇۋالىدۇ. پىشايۋاننىڭ كەينىدىكى دۆڭگە مۆكۈنۈپ بۇ ئەھۋالنى خېلىدىن بېرى ئوغرىلىقچە كۆرۈپ تۇرغان مېيۇۋا ۋارقىرىغىنىچە ئېتىلىپ چىقماقچى بولىدۇ. لېكىن شۇسەيفاڭ ئۇنى تۇتىۋالىدۇ.]

لى جىندۇ: (كىشىلەرگە ھاي بېرىپ) بولدى قىلايلى، ۋاڭ جىكې پوزىتسىيەڭ مۇشۇنداقلا بولسا، ساڭا پەقەت قاتتىق چارە كۆرۈشكىلا توغرا كېلىدۇ.

لى جىشىن: فۇچۇەن تۆۋەندە قاتىل ۋاڭ جىكېنى بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى قارارنى ئوقۇيدۇ.

لى فۇچۇەن: ۋاڭ جىكېنىڭ قالدۇق يېرى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. توخۇ بېقىشقا يول قويۇلمايدۇ.

AltunOq

ئائىلىسىنىڭ بۇ يىلقى پۈتۈن يىللىق ئاشلىقى 182 جىڭغا چۈشۈرۈلىدۇ.

سۈيپىڭ يەڭگە: (تۇز كۆكۈللۈك بىلەن) بۇ ئاشلىق يېتەرمۇ؟

لى فۇچۇەن: يوقال!

لى جىندۇ: بۈگۈنكى يىغىن مۇشۇ يەردە ئاخىرلاشتى. ۋاڭ جىكې كېيىنكى قېتىمقى يىغىندىمۇ مۇشۇنداق قىلساڭ، كەنت خەلقى يۈز ـ خاتىرە قىلمىدى، دەپ ئاغرىنمىساڭ بولىدۇ. يىغىن تامام.

[لى جىندۇ ۋە كەنت خەلقلىرى كېتىشىدۇ. شۇسەيفاڭ مېيەنۋانى يۆلەپ، ئۇنى دادىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويۇپ كېتىپ قالىدۇ. مېيەنۋا دادىسىنىڭ ئالدىدا نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالىدۇ. ۋاڭ جىكې بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئوغلىنى كۆرۈپ كۆلۈمسىرەپ قويىدۇ. ئاندىن يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ، مېيەنۋانى ھاپاش قىلىپ قايتىپ كەتمەكچى بولىدۇ. مېيەنۋا دادىسىغا ئۈن ـ تۈنسىز قاراپ قويۇپ، بىر چەتكە بېرىپ تۇرۇپ قالىدۇ. ۋاڭ جىكې ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، مېيەنۋاغا بىر قارايدۇ ـ دە، بۇرۇلۇپ تۆپىلىك تەرەپكە ماڭىدۇ. مېيەنۋا خېلى ئارىلىق قويۇپ دادىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭىدۇ.

ئايلانما سەھنە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئوڭغا ئايلىنىدۇ. خورچىلار بىلەن كەنت خەلقى سەھنىگە چىقىپ بىر بۇرجەكتە تۇرۇپ ناخشا ئېيتىدۇ]:

كۆيمىز ئاپتاپتا بىز، ئۆتكەي مۇشۇ تەرىقە،
پۈتمىز ئالماس ئارام. ئىشىمىز بولماس ھارام.
تارتىمىز جاپا ـ مۇشەققەت، رىسقىمىزغا كۆز ئالايتقان،
گال ئۈچۈن بولۇپ قارام. ياش تۆككەي تارام ـ تارام.

[ۋاڭ جىكې بىلەن مېيەنۋا ناخشا ساداسى ئىچىدە ئايلىنىۋاتقان سەھنىنىڭ ئەكس يۆنىلىشىگە قاراپ جىمجىت مېڭىشىدۇ. چىراغ نۇرى ئاستا ـ ئاستا خىرەلىشىدۇ.]

2

[ياڭ ئېرگۈدىكى لى ئائىلىسىنىڭ قەبرىستانلىقىنىڭ ئالدى. ۋاڭ جىكې بىلەن مېيەنۋا ئاستا مېڭىپ قەبرە تەرەپكە كېلىشىدۇ.]

ۋاڭ جىكې: ئاپىسى، بىز سېنى كۆرگىلى كەلدۇق!...

[مېيەنۋا ئانىسىنىڭ قەبرىسىنىڭ ئالدىغا ئاستا بېرىپ، باش قويىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ۋاڭ جىكېمۇ باش قويىدۇ.]

ۋاڭ جىكې: ئانىسى، بۇ جاھاندا كۈن ئالماق بەك تەس بولۇپ كەتتى، مەن قاتىللىق قىلمىدىم. لېكىن ئۇلار ماڭا «سەن قاتىللىق قىلدىڭ» دەپ ئېسىلىۋېلىۋاتىدۇ. بىزگە نان كېرەك. ئۇلار مېيەنۋا ئىككىمىزنىڭ نورما ئاشلىقىمىزنىمۇ توختىتىپ قويدى. شۇڭا مەن مېيەنۋانى ئېلىپ ئۈچمىزارلىقتىن چىقىپ كېتەيلى دېۋىدىم، لېكىن ساڭا قىيالماي ۋا-

تىمەن. مەن ئۈچمىزارلىقتا تۇرغىلى توپتوغرا 16 يىل بولدى. ئەگەر سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ مېنى بالا قىلىۋالمىغان بولسا، مەن بىچارە يېتىمەك نېمە سورۇق- چىلىقلارنى تارتاتتىمكىن؟ ئۆي - ئۇچاقلىق بولۇشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتىم! مەن سىلەرنىڭ ياخشىلىقىڭلارغا لايىقىدا جاۋاب قايتۇرالمىدىم. مېنىڭ ئىككىمىز- نى نېمىشقىمۇ تاشلاپ كەتكەن بولغىيتىڭ؟

[لى فۇميەن ناخشا ساداسى ئىچىدە پەيدا بولىدۇ.]

لى فۇميەن: دادىسى، سەن ئەسلىدە ئىگەچاقىسىز بىر يېتىم بالا ئىدىڭ. لېكىن بىز سېنى بىر ئەۋلاد قالدۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلالمىدۇق. مەن ئۆلگەندىن كېيىن با- لىمىزنى ئۆزۈڭنىڭ فامىلىسىگە كىرگۈزۈپ ئال. مېنى سېغىنىپ قالغۇدەك بولساڭ، مېنىڭ «ۋاڭ شياۋمەن» دەپ چاقىر! مېنىڭ سېنىڭ يېنىڭدىلا بولسا، مەن بە- لەن دادام تەھتى سەھرانىڭ ئاستىدا ياتساقمۇ، كۆزىمىز يۇمۇقلۇق، پۇتىمىز سۇ- نۇقلۇق ياتىمىز.

ۋاڭ جىكې: كەتمەيمىز! بىز كەتمەيمىز ئاپىسى، بىز ھەر نېمە بولساقمۇ مۇشۇ يەردە بولىمىز.

[لى جىندۇ ئاستا ماڭغىنىچە يېتىپ كېلىدۇ.]

لى جىندۇ: جىكې كەلدىڭمۇ؟

[ۋاڭ جىكې مېنىڭ ئېلىپ كەتمەكچى بولىدۇ.]

لى جىندۇ: جىكې، بۇ ياققا كېلىپ تاماكا چەك!

ۋاڭ جىكې: ...

لى جىندۇ: خۇيلىنىپ تۇرۇۋالغىنىڭنى قارا، سېنىڭ دەرد - ئەلىمىڭ ماڭا ئايان، ئەمما بۇ ئىش ماڭا باغلىق ئەمەس - دە!

ۋاڭ جىكې: مەن قاتىللىق قىلغىنىم يوق.

لى جىندۇ: سەن ئۆرۈلۈپمۇ، چۆرۈلۈپمۇ، مەن قاتىللىق قىلمىدىم دەيسەن؟ ئۇ گېپىڭگە مەن- غۇ ئىشىنىمەن. لېكىن بۇنىڭغا كەنتتىكىلەرمۇ ئىشەنسە بولىدۇ - دە، ھەممە قا- نۇننىڭ ئالدىدىمۇ بۇ گەپلىرىڭ جىڭ بېسىشى كېرەك - دە!

[ۋاڭ جىكې گەپ قىلمايدۇ.]

لى جىندۇ: ماڭا قارا، ئەمدىغۇ دېيىدىغان گېپىڭ قالمىغاندۇ، ئەشۇ يىلى سەن گەزمال سو- دىگىرى بىلەن گەنسۇغا كېتىۋېتىپ يېرىم يولغا بارغاندا بىرسى ئۇ سودىگەرنىڭ مېلىنى كۆزلەپ جېنىغا زامىن بوپتۇ، سەن «مەن ئۇنىڭدىن ئاللىبۇرۇنلا ئايرىلىپ كەتكەن» دەيسەن، ئەمىسە، ئايرىلىپ كەتكىنىڭنى كىم كۆردى. شۇ چاغدا بىرەر ئادەمگىمۇ ئۇچرىمىغانمىدىڭ؟

[ۋاڭ جىكې ئۈندىمەيدۇ.]

لى جىندۇ: گۇۋاھچى يوق - دە، نېمىلا بولسۇن بۇ بىر ئادەمنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. يۇقىرىدىن بۇ دېلونى ئىشلەشنى ماڭا تاپشۇرغان تۇرسا، قول ئۇچىدا ئىشلەشكە كىمنىڭ ھەددى؟

[ۋاڭ جىكې يەنىلا ئۈندىمەيدۇ.]

لى جىندۇ: سەن لى فامىلىلىك بولمىساڭمۇ، ميەنۋانىڭ بىۋدىسى مەن بىلەن بىر ئەۋلاد كىشى-
لەردىن بولىمىز. هازىر سىنى هىچكىم يۇقىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگىنى يوققۇ، سىنى
ئۆزىمىزنىڭ دۆيىدىكىلەر نازارەت قىلىۋاتقاچقا لى فامىلىلىكلەر تىخى ساڭا ئىچ
ئاغرىتىۋاتىدۇ. ئەگەر يۇقىرىدىن سۈرۈشتۈرۈپ قالسا، ھەپسىگە كىرىپ قالامسەن،
بۇنىڭغا بىر نىمە دىگىلى بولمايدۇ.

ۋاڭ جىكې: گۇناهسىز كىشى تۆهمەتتىن قورقمايدۇ. مەن گۇناهسىز.

لى جىندۇ: گۇناهسىز؟ گۇناهسىز بولساڭ قانۇنغا بار!

ۋاڭ جىكې: بارمايمەن!

لى جىندۇ: بارمەيمەن؟ مىنىڭچە بولغاندىمۇ بىرىشقا بولمايدۇ. ياخشى - يامان بولساقمۇ
بىز بىر يۇرتلۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن جىنخۇڭ ئىنىمىزنىڭ ئىچ كۆيەرغلى. سەن
كەتسەڭ بالاڭغا كىم قارايدۇ؟

ۋاڭ جىكى: (يانغا قاراپ) ئۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟

لى جىندۇ: مەنچە بولغاندا سەن ميەنۋانى ئىلىپ، يۇرتۇڭ لۇگدۇڭغا قايت.

ۋاڭ جىكى: (يانغا قاراپ) سەنچە ئۇ كىتىپ قالسا بولارمۇ؟

لى جىندۇ: بولىدۇ. سىنىڭ ئۇ يەردە ئۇرۇق - تۇغقىنىڭ بولمىغىنى بىلەن تونۇش - بىلىش-
لىرىڭ بار. هەر هالدا ساڭا ئۇ يەر بۇ يەردىن ياخشى.

ۋاڭ جىكې: ...

لى جىندۇ: قانداق؟ ئەگەر شۇنداق قىلساڭ، مەن ساڭا هازىرلا 2 — 3 كۆرە ئاشلىق، 10
نەچچە كوي پۇل هەل قىلىپ بىرەي.

ۋاڭ جىكې: (بىردىنلا ئىسىگە كىلىپ) بەللى ياشا لى جىندۇ!

لى جىندۇ: نىمە؟

ۋاڭ جىكې: ئەتىگەندىن بىرى ۋالاقلىشىشىڭدىكى مەقسەت مىنى بىر ئامال قىلىپ بۇ يەردىن
تىزراق قوغلىۋىتىش ئىكەن - دە؟

لى جىندۇ: كىم سىنى قوغلاپتۇ؟ قارىغىنە سىنى، بۇ مىنىڭ ياخشى كۆڭلۈم، ئەمدى سەن بۇ-
نى باشقىچە چۈشىنىۋاتامسەن؟

لى فۇميەن: دادىسى، بولدى كەت!

ۋاڭ جىكې: (يانغا قاراپ) نىمە؟ سەنمۇ مىنى كەت دەۋاتامسەن؟

لى فۇميەن: دادىسى بۇ ئۈجمىزارلىق سەن تۇرىۋاتقان لى ئائىلىسىنىڭ ئاشۇ ئۆتمە - تۆشۈك
بولۇپ كەتكەن ئەسكى گەمىسى بىلەن لى ئائىلىسىنىڭ ئاتا - بوۋىسىدىن قالغان
ئاشۇ ئەرزىمەس تەئەللۇقاتىنى كۆزلەپ، سەندەك بىر يىگانە ۋاڭ فامىلىلىكنى
بۇ يۇرتقا بەرىبىر پاتقۇزمايدۇ.

ۋاڭ جىكې: (يانغا قاراپ) بولدى قوي، سۆزلىمە! نىمىلا دىگىنىڭ بىلەن مەن بۇ يەر-
دىن كەتمەيمەن! (لى جىندۇغا بۇرۇلۇپ) قىستاۋىرىدىغان بولساڭلار، مانا ئەمدى
راستىنلا ئادەم ئۆلتۈرىمەن!

لى جىندۇ: ۋاڭ جىكې، مۇشۇ گەپ سېنىڭ ئاغزىڭدىن چىقتىمۇ؟ كىزلەرنىڭ بىرىدە بىرەر ياخشى - يامان ئىش بولۇپ قالسا، مېنىڭدىن كۆرمە. فۇمېيەنىڭ جىيەن قىزى، سەنمۇ ئېنىق ئاڭلىدىڭ، ئەمدى مېنىڭدىن كۆرمەڭلار - ھە! (چىقىپ كېتىدۇ.)

ۋاڭ جىكې: ئانىسى مەن كەتمەيمەن. ئۆلسەممۇ كەتمەيمەن. مۇشۇ يەردە ئورۇن تۇتۇپ ياتىمەن (لى فۇمېيەنىڭ قەبرىسىگە ئۆزىنى ئاتىدۇ.)

[مېنىۋا ۋاڭ جىكېغا يۆلىنىدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا لى فۇمېيەنىڭ خىيالى سىماسى نېرى كەتكىلى ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ.

خورچىلار ناخشا ئېيتقاچ لى فۇمېيەنى ئېلىپ كېتىدۇ. ناخشا ياڭرايدۇ]:

ئايرىلمايمىز ياشىساقمۇ ئۆلسەكمۇ،
ئايرىلمايمىز بۇ جىراغا باقىمىز.
بۇ ھاياتتا بىر نان تاپساق تەڭ يەيمىز
ئۆلسەك بىللە بىر قەبرىدە ياتىمىز.

[چىراغ بارا - بارا خىرەلىشىدۇ.]

## 3

[ئۇجمىزارلىق كەنتىنىڭ سامانخانىسىنىڭ سىرتىدىكى چوڭ لەمپىنىڭ ئىچى. كەنتتىكى ئىشلارغا مەسئۇل كىشىلەردىن بىر نەچچىسى، لى فۇچۇەن ئوقۇۋاتقان شىكايەتنامىنى ئاڭلىماقتا.]

لى فۇچۇەن: يۇقىرىدىكىلارغا ئاساسەن، ئۇجمىزارلىق كەنتىدىكى كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار، قاتىل ۋاڭ جىكېنىڭ ئادەم ئۆلتۈرىمەن، دەپ داۋراڭ سېلىپ ئەكسىلئىنقىلابىي ئۆچ ئېلىشقا ئۇرۇنۇشتەك ئېغىر جىنايى قىلمىشىغا قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە نەپرەتلىنىدۇ. ۋاڭ جىكېنى قانۇن بويىچە قولغا ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ...

لى جىندۇ: بولدى، بولدى. ئەمدى ئوقۇمىساڭمۇ بولىدۇ. كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن - ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ يۈرەك سۆزىنى ئېيتساڭلا بولدى. كۆپچىلىكنىڭ يەنە باشقا پىكرى بارمۇ - يوق؟

[كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىشىدۇ.]

لى جېنشىڭ: دۇيجاڭ كۆپچىلىكتىن يەنە قانداق پىكىر بار دەپ سوراۋاتىدۇ.

لى جىنشىن: ۋاي، ئاكا، ۋاڭ جىكېغا ئەكسىلئىنقىلابىي ئۇنسۇر دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ ئۇنى كەنتىمىزدە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتسەكلا بولمامدىمۇ؟

لى جىندۇ: نېمە دەپ ۋالاقلايسەن. دۇيىمىز يەنە بىر جىنايەتچىنى باقسۇنمۇ؟ ناھىيە تۈرمىسىگە ئاشلىقنى دۆلەت بېرىدۇ. ئاشلىقىڭ بولسا ساڭمۇ ئىككى جىنايەتچىنى باققىلى بېرەيلى.

لى جىنشىن: بۇ قانداق گەپ؟

كۆپچىلىك: پىكرىمىز يوق!

لى جېنشىڭ: پىكرىڭلار بولمىسا قول قويۇڭلار.

[كۆپچىلىك قوللىرىنى بېسىشىدۇ. لى جىندۇ خىيالچان ھالدا بىر تەرەپكە كېتىپ قالىدۇ.

خورچىلار بىلەن كەنت خەلقى سەھنىگە چىقىدۇ. لى جىنمىڭ خور ئۆمىكى ئارىسىدىن چىقىپ كېلىدۇ.]

لى جىنمىڭ: جىندۇ، بۇ سېنىڭ داداڭغا سۇنغان ئەرزىڭمۇ؟

لى جىندۇ: نېمە؟ بۇنى قانداقمۇ ئەرز دېگىلى بولسۇن؟ بۇ بىز كەمبەغەل دېھقان، تۆۋەن-ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ پاش قىلىش خېتىمىز.

لى جىنمىڭ: بۇ ئويمۇچۇق ئەرزنامە تۇرسا، بۇنى يەنە خەت-پەت دەيسەنغۇ؟ جىندۇ، سىلەر خەقلەرنىڭ لى فامىلىلىكلەرنىڭ كەمىسى ۋاڭ فامىلىلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈنلا لى فامىلىلىكلەر ۋاڭ جىكېنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى، دېيىشىدىن قورقمامسىلەر؟ بۇ ئەرز يۇقىرىغا يېتىپ بارسا، ئۇنىڭ جېنىنى ئالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىدىڭلارمۇ؟

لى جىندۇ: ھازىر بىزنىڭ دۆيمۇ ياغۇنچاق خانىغا تازا ئېھتىياجلىق تۇرسا!

لى جېنشىڭ: (لى جىندۇغا) ئۇكام، ھەممەيلەن قول قويۇپ بولدى. نۆۋەت ساڭا كەلدى.

[لى جىندۇ شىرەنىڭ قېشىغا كېلىپ، خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، يەڭلىرىنى شىمايلاپ، قولىنى بېسىشقا تەمشىلىدۇ. لى جىنمىڭ خورچىلارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئايلاندا سەھنە مۇزىكا ساداسى ئىچىدە بارا-بارا ئۇڭغا ئايلىنىدۇ. ئەرزنامە قويۇلغان شىرە لى جىندۇنىڭ كۈچەپ قولىنى بېسىشى بىلەن ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ. لى جىندۇمۇ شىرە بىلەن تەڭلا يىقىلىپ چۈشۈپ، ئەرزنامىگە قولىنى باسقان پېتى خۇددى ئۆلۈكتەكلا يېتىپ قالىدۇ. چىراغ بارا-بارا ئۆچىدۇ.]

4

[كەنتنىڭ سىرتىدىكى تۆپىلىكنىڭ بىر تەرىپى.

خورچىلار بىلەن كەنت خەلقىنىڭ مال-ۋارانلارنى ھەيدەۋېتىپ سالغان چوقان-سۈرەنلىرى ئىچىدە چىراغ بارا-بارا يورۇيدۇ. لى جىنمىڭ تۆپىلىك تەرىپىدىن مېڭىپ كېلىدۇ.]

لى جىنمىڭ: «پۇچۇقۋاي» داداڭ كەلدى.

[يەنە ھايت-ھۇيت قىلىشۋاتقان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. خورچىلار بىلەن كەنت خەلقى ئارىسىدىكى ئىككى ئارتىس سۇنئىي كالا بېشىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.]

لى جىنمىڭ: (ئۈنلۈك تۈۋلاپ) فۇگۇي! ئاناڭنى، ئۇ دېگەن ھايۋان! سەن يەرنىمۇ بۇنچىۋالا چوڭقۇر ھەيدىسەڭ، ئۇ قانداقمۇ تارتالايدۇ؟

لى فۇگۇي: (خورچىلار ئارىسىدا تۇرۇپ جاۋاب بېرىدۇ) يەرنى چوڭقۇر ھەيدىمىسەم كۆمەقوناقنى قانداق تەرگىلى بولىدۇ؟

AltunOq

لى جىنمىڭ: قانچە چوڭقۇر بولسا شۇنچە ياخشى بولىدىغانغا بۇ خۇتۇنۇڭنىڭ قورسىقى ئەمەس-
تەم! (كۆپچىلىككە)شۇنداق ئەمەسمۇ! كالا بولمىسا قانداقمۇ تىرىكچىلىك قىلالايمىز؟ ھەممە
ئېغىر ئىشنى بىزگە شۇ كالا قىلىپ بېرىۋاتسا، ئەگەر ئۇنى كېسەلكتىن چىقىرىپ
قۇيساق قانداقمۇ تىرىكچىلىك قىلىمىز؟

[خورچىلار تۇيۇقسىز تاراسلىغان قامچە ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ. ئىككى ئارتىس كالى-
نىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ كىرىدۇ ۋە كالىنى دوراپ مۆرەيدۇ.]

لى جىنمىڭ: فۇگۇي، باتۇر بولساڭ بىزنىڭ «پۇچۇقۋاي»نى يەنە بىر ئۇرۇپباقە قېنى، نوچى
بولساڭ ئەڭ ئاۋۋال ئورغاق بىلەن ئۆزۈڭنى ئۇرۇپباقمامسەن... «پۇچۇقۋاي»
مۇڭگۈزۈڭنى بۇ ئەبلەخنىڭ قورسىقىغا بىر تىققىنە، ئۇنىڭ كارامىتىنى بىر كۆرەيلى!

[لى فۇگۇي سۆزلىگىنىچە خورچىلار بىلەن كەنت خەلقىنىڭ ئارىسىدىن مېڭىپ
چىقىدۇ.]

لى فۇگۇي: بولدى ئەمدى قىلمايمەن، بۇنداق تىرىكچىلىكتىنمۇ تويدۇم!

لى جىنمىڭ: قىلمىساڭ قىلما! ئىشلەپ دومۇر ئالمىساڭ، نېمە يەيسەنكى قېنى؟

لى فۇگۇي: جىنمىڭ تاغا، ئادەمنى تىللاۋېرىدىكەنسىز! كەچكىچە تىللاۋېرىدىكەنسىز، كالىنى ئۇر-
مىسىڭىز ئۇ سىزگە قوش تارتىپ بېرەمدۇ؟ بولدى، مەن بۇنداق ئىشنى قىلمايمەن.

لى جىنمىڭ: مۇشتەكتەك تۇرۇپ ئاچچىقىڭ يامان نېمىكەنسەن - ھە تېخى، ئۇنى ھايۋان
بولغىنى ئۈچۈنلا ئۇرامسەن؟

لى فۇگۇي: (قېيىدىغان ھالدا) ماقۇل ئەمىسە، ئۇ ھايۋان ئادەم بولسۇن، مانا مەن ھايۋان
بولاي.

لى جىنمىڭ: ھەببەللى، مۇنۇ گېپىڭ تازا جايىدا بولدى. كالا بولسا كەنتىمىزنىڭ جېنى، ئۇ
بولمىسا، 100 مودىن ئارتۇق يەرنى قانداقمۇ ئاغدۇرۇپ بولالايسەن؟

[لى جىنمىڭ بىر تەرەپكە بېرىپ، ئوت - سامانىنى ئەلەشتۈرىدۇ. جۇشياۋپىڭ خور-
چىلار بىلەن كەنت خەلقىنىڭ ئارىسىدىن چىقىپ كېلىدۇ.]

جۇشياۋپىڭ: فۇگۇي ئاكا! جىنمىڭ تاغام قېنى؟

لى فۇگۇي: (ئاچچىقى بىلەن) ئاۋۇ يەردە «پۇچۇقۋاي» بىلەن باش بېقىشىۋاتىدۇ.

جۇشياۋپىڭ: بۇنچىلا ئاچچىقلانغىدەك نېمە ئىش بولدى؟

لى فۇگۇي: بېرىپ جىنمىڭ تاغاڭدىن سەن ئادەممۇ ياكى ھايۋانمۇ، دەپ سوراپباق!

[لى فۇگۇي كەينىگە ئۆرۈلۈپ، خورچىلارغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ.]

جۇشياۋپىڭ: جىنمىڭ تاغا! جىنمىڭ تاغا!

لى جىنمىڭ: ھە! تالىپچاق، مېنى ئىزدەپ قاپسەنغۇ؟

جۇشياۋپىڭ: دۈيجاڭ «پۇچۇقۋاي»غا ئوتتۇن ئارتىپ ئۇنى گۇڭشېغا ئاپىرىپ بېرىڭلار، دەيدۇ.

لى جىنمىڭ: ئۇلاق يوق! (غوتۇلدايدۇ) قارا بۇ جىندۇ دېگەن ئەبلەخنى!

جۇشياۋپىڭ: بۇ دېگەن گۇڭشېنىڭ ئىشى تۇرسا، نېمىشكە ئۇلاق يوق بولىدۇ؟

لى جىنمىڭ: (غوتۇلداپ) ھوي ئاتاڭنى ....، ئۇلاق دەم ئالا - ئالمايلا يەنە ئىشلىتىمىز

دېگەن! بۇ جانىۋارغىمۇ كۈن يوق بولدىمۇ دەيمەن!

جۇشياۋپىڭ: جىنمىڭ تاغا!

لى جىنمىڭ: (ئىلاجىسىز) بوپتۇ. كالىنى ئاپارغىن ئەمىسە.

[جۇشياۋپىڭ خورچىلار بىلەن كەنت خەلقىنىڭ قولىدىن قامچىنى ئالىدۇ.]

لى جىنمىڭ: يولدا كالىنى ئۇرما، مەنزىلگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن كالىنى سۇغۇرۇپ قوي - ھە.

جۇشياۋپىڭ: ئۇقتۇم!

لى جىنمىڭ: سەن نېمىنى ئۇقاتتىڭ، ساڭا ئوخشاش ئاقنانچى شەھەر بالىسى ئۇلاقنىڭ قەدرىنى نەدىن بىلسۇن؟ يولدا كالىنى ئۇرمايمەن، دەپ ھۆددە قىل!

جۇشياۋپىڭ: جىنمىڭ تاغا! بولدى كوتۇلدىماڭ، ئۇرمايمەن.

لى جىنمىڭ: ئەگەر ئۇرساڭ نېمە قىلىمەن؟

جۇشياۋپىڭ: ...

لى جىنمىڭ: ئەگەر يولدا كالىنى ئۇرغۇڭ كېلىپ كەتسە، شۇ ھامان قايتىپ كېلىپ مېنى ئۇرۇۋال جۇمۇ!

جۇشياۋپىڭ: مەن قانداقسىگە سىزنى ھايۋان ئورنىدا ئۇراي؟

لى جىنمىڭ: ھەممىمىزنى ئۇرما، زادى ئۇرماس بول!

جۇشياۋپىڭ: خوپ مەن كەتتىم ئەمىسە!

لى جىنمىڭ: بولىدۇ، ماڭغىن.

[خورچىلار ئارىسىدىن قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. خورچىلارنىڭ سەھنىدىن چۈشۈشىگە ئەگىشىپ ئايلانما سەھنە ئاستا - ئاستا ئوڭغا ئايلىنىدۇ.]

لى جىنمىڭ: تالىپچىقىم، ئاستىراق ماڭغىن! دۆڭگە كەلگەندە كالىغىلا قاراپ تۇرماي، ئۆزۈڭمۇ تارتىشىپ بەر (ئۆزىنى بىر نەچچىنى ئۇرۇپ) «پۇچۇقۋاي» مەن سەن ئۈچۈن ئۆزۈمنى بىر نەچچىنى ئۇردۇم. ئەگەر تالىپچاق يولدا سېنى ئۇرىدىغان بولسا، قايتىپ كېلىپ ماڭا دېگىن - ھە!

5

[ۋاڭ جىكېنىڭ ئۆيىگە تۇتىشىدىغان كىچىككىنە يول ۋە ۋاڭ جىكېنىڭ ئۆيىنىڭ سىرتى، باۋۋا سەھنە ئايلىنىشىغا قارشى يۆنىلىشتىن ئالدىراپ - تېنەپ يېتىپ كېلىدۇ. ئۇ ۋاڭ جىكېنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۆيدىن ۋاڭ جىكې بىلەن بالىسىنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى غۇۋا ئاڭلىنىدۇ.]

ۋاڭ جىكې: تېز يە، يەپ بولۇپ يەنە ئىش قىلىمىز.

ميەنۋا: دادا بىللە يەيلى!

[باۋۋا ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ، كۆڭلى تارتمىغان ھالدا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ۋارقىرايدۇ.]

باۋۋا: جىكې! جىكې!

[ۋاڭ جىكې ئۆيدىن چىقىدۇ.]

باۋۋا: جىكې، سېنى يىغىنغا چاقىرىپ كەلدىم.

[ۋاڭ جىكې ئۈن - تىنسىز ھالدا بېشىنى تۆۋەنگە سېلىپ، تۆپىلىككە قاراپ ماڭىدۇ. باۋۋا ئۇنىڭ كەينىدىن ئاردىلىق قالدۇرۇپ ئەگىشىپ ماڭىدۇ. ئايلانما سەھنە بارا - بارا سولغا ئايلىنىدۇ. ۋاڭ جىكې قىرغا يېتىپ بارغاندا ئايلانما سەھنە ئايلىنىشتىن توختايدۇ. تۇيۇقسىز ۋاڭ جىكې قەدىمىنى توختىتىپ خۇددى بىر نېمىنى سەزگەندەك قورقۇپ كەينىگە داجىيدۇ. يىراقتىن كېلىۋاتقان ئىككى نەپەر جامائەت خەۋپسىزلىك خادىمى كۆرۈنىدۇ. ۋاڭ جىكې باۋۋادىن ئاجراپ چىقىپ كەينىگە قاراپ جىنىنىڭ بېرىچە قاچىدۇ.]

ۋاڭ جىكې: ميەنۋا! ميەنۋا!

[باۋۋا شەپىنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن زەبەردەست ئەزىمەت بىلەن ۋاڭ جىكېنى تۇتىۋالىدۇ. ئىككى جامائەت خەۋپسىزلىك خادىمى ئۇنىڭ قولىغا كويزا سالىدۇ. ميەنۋا ۋارقىرىغىنىچە يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىدۇ.]

ميەنۋا: دادا! دادا، نەگە بارىسەن؟

[ۋاڭ جىكې كۈچىنىڭ بېرىچە ئارقىغا تارتىشىپ ميەنۋاغا قاراپ ۋارقىرايدۇ.]

ۋاڭ جىكې: ميەنۋا، مەن كەتتىم. قازاندا ساڭا ئاش ئېپقويدۇم.

[باۋۋا قاتارلىقلار ۋاڭ جىكېنى تارتقۇشلاپ - دوقۇقاسلىتىپ ئېلىپ ماڭىدۇ. ئايلانما سەھنە ئاستا - ئاستا سولغا ئايلىنىدۇ. يىراقتىن جىپ ماشىنىنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ.

قىرغاق قىستىلىشىپ تاماشا كۆرۈۋاتقان كەنتلىكلەر بىلەن تولۇپ كېتىدۇ. بەزىلەر لام - جىم دېيمەيدۇ، بەزىلەر باغاچتەك قېتىپلا قالىدۇ. ميەنۋا ئاخىرى، تۇتىۋالغانلارنىڭ قولىدىن بوشىنىپ، يىغلىغىنىچە قىرغاققا قاراپ يۈگۈرەيدۇ.]

ميەنۋا: دادا! دادا! مېنى تاشلاپ كەتمە!

[ميەنۋا ۋە كەنت خەلقى ئايلانما سەھنىگە ئەگىشىپ بارا - بارا سول تەرەپكە غايىب بولىدۇ. چىراغ بارا - بارا خىرەلىشىدۇ.]

6

[ئۇجمىزارلىق كەنتىنىڭ سىرتىدىكى خامان. دادۈي سېكرېتارى ليۇچاڭگۈي لى جىندۇ بىلەن سۆزلەشكەچ بۇ تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە.]

ليۇچاڭگۈي: جىندۇ، گۇڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتى، ئەتە رەسمىي قۇرۇلماقچى. بۇنىڭدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟

لى جىندۇ: ئالدىنقى كۈنى گۇڭشېغا ئوتتۇن ئاپارغىلى كەتكەن ئوقۇغۇچىلار شۇنداق دېگەنىدى.

ليۇچاڭگۈي: ھە! ئاڭلىغان بولساڭ بوپتۇ. شۇ ۋاقىتتا گۇڭشېدا تەبرىكلەش يىغىنى ئاچىمىز. يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن ناھىيە ۋە ۋىلايەتتىن كەلگەن كاتىپباشلارنى مېھمان قىلىمىز.

لى جىندۇ: (لەببەيچىلىك قىلىپ) ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ

ليۇچاڭگۇي: بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن، گۇڭشېنىڭ تەييارلىق گۇرۇپپىسى ھەر قايسى دۈيلەرگە ۋەزىپە تەقسىم قىلدى.

لى جىندۇ: (ئۇلاپلا) ليۇ شۇجى، بىزنىڭ كەنتكە بېرىلگەن ئوتۇن ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاپ بولدۇق. ئاللىبۇرۇن ئورۇنلاپ بولدۇق.

ليۇچاڭگۇي: ئۇ پەقەت ۋەزىپىنىڭ بىر قىسمى. چۈنكى بىز سىلەرنىڭ دۈيىنىڭ ئانچە باياشاد ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ...

لى جىندۇ: ئۇنداقتا ... بىز يەنە ئادەم چىقىرىمىزمۇ؟

ليۇچاڭگۇي: ئادەم؟ ئادەم دېگەن ئۆزىمىزدە ئېشىپ - تېشىپ تۇرمامدۇ؟

لى جىندۇ: ئۇنداقتا، گۇڭشېغا ...

ليۇچاڭگۇي: باي دۈيلەر چوشقا، قوي، توخۇ، تۇخۇم، مېۋە - چېۋە دېگەندەك نەرسىلەرنى چىقاردى. ھازىر گۇڭشېدا بىرلا كەم بولۇۋاتقىنى — كالا!

[خورچىلار بىلەن كەنت خەلقى سەھنىدە پەيدا بولىدۇ.]

كەنت خەلقى: كالا؟ ... كالا؟

لى جىندۇ: تېرىلغۇ كالىسىنى ئۆلتۈرۈش قانۇنغا خىلاپ ئەمەسمۇ؟

ليۇچاڭگۇي: ئۇ 1966 - يىلدىن بۇرۇنقى شيۇجىڭجۇيىلىق قانۇن!

لى جىندۇ: شۇنداق، شەكلى ئۆزگەرگەن قانۇن!

ليۇچاڭگۇي: گۇڭشېدىن ئاڭلىشىمچە، سىلەرنىڭ دۈيدە كېرەكتىن چىقىپ، تەييار يەم - خەشەكلا يەيدىغان بىر كالا بار دەيدىغۇ!

لى جىندۇ: خاتا ئاڭلاپ قالغان ئوخشايسىز!

ليۇچاڭگۇي: لى جىندۇ، مېنى تولا كولدۇرلاتما! ھىيلە - نەيرەڭلىرىڭ ئاقمايدۇ. خەقلەر ئۇ كالىنى گۇڭشېغا ئوتۇن ئېلىپ بارغاندا، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ. شۇڭا گۇڭشې مېنى مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق بۇ يەرگە ئەۋەتتى.

[لى جىندۇ ھاڭ - تاڭ قالىدۇ. قېرى كالا «پۇچۇقۋاي» بىردىنلا خورچىلار بىلەن كەنت خەلقى ئارىسىدا تۇرۇپ پەس ئاۋازدا مۆرەيدۇ.]

ليۇچاڭگۇي: مۇشۇ كالا شۇغۇ؟ ...

لى جىندۇ: (قاتتىق ۋارقىراپ) ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ! ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ!

ليۇچاڭگۇي: بولمايدىغان نېمىسى بار، خەق ئالسا پۇلغا ئالىدۇ.

لى جىندۇ: (يەنىلا قاتتىق ۋارقىرايدۇ)، ۋاي، ۋاي، ۋاي، ئۇلارنىڭ نېمىسىگە نېمە يەتمەي كالا سويغۇسى كېلىپ قالغاندۇ؟

[لى جىنمىڭ خورچىلار بىلەن كەنت خەلقى ئارىسىدىن چىقىپ كېلىدۇ.]

لى جىنمىڭ: نېمە بولدى؟

لى جىندۇ: گۇڭشې «پۇچۇقۋاي» نى سېتىۋېلىپ سويماقچىمىش.

[لى جىنمىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئىشەنمەستىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىدۇ.]

لى جىندۇ: (ليۇچاڭگۇيغا) چاڭگۇي شۇجى ئۇلارغا ئېيتىپ قويسىڭىز، بىز بۇ كالىنى ساتمايمىز، كالا بىزگە يەنە ئىشلەپ بېرىدۇ.

ليۇچاڭگۇي: (كۆزىنى ئالايتىپ) جىندۇ! مەن بۇ گەپنى قانداقمۇ يوقىرىغا ئېيتىپ قويالايمەن. ئۇلار مەندىن كالىنى سويامدۇق - سويمامدۇق، دەپ مەسلىھەت سورامتى؟ مەن كالىنى ئېلىپ كېتەي، مانا ماۋۇ 40 كوي ھازىرچە ئېلىپ تۇرۇڭلار، قالغىنىنى كېيىن بېرەمدۇ- بەرمەمدۇ، كىم بىلىدۇ؟

[بۇ چاغدا لى جىندۇ گەپ قىلماستىن بىر چەتكە بېرىپ داڭقېتىپ تۇرىدۇ.]

لى جىندۇ: نېمىلا دېگەن بىلەن بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بەكلا گۆش يېگۈسى كېلىپ كەتكەن بولسا، بىزمۇ بۇ كالىنى سويۇپ يېيەلەيتتۇق. يوغان بىر كالىنى 40 كويغا ئېلىۋالساڭلار، قاراپ تۇرۇپ خەقنى بوزەك قىلغانلىق بولمامدۇ؟

كەنت خەلقى: بۇ ئادەم بوزەك قىلغانلىق! بۇ ئادەم بوزەك قىلغانلىق!

ليۇچاڭگۇي: ياخشى، ياخشى ئىشقىلىپ، مەن ئىشنى مۇشۇ يەرگىچە بىر تەرەپ قىلىپ قويدۇم. سەن دېگىنىڭنى قىلالايدىغان نوچى ئادەم بولغاندىكىن، بۇ گەپلىرىڭنى گۇڭشېغا بېرىپ ئۆزەڭ يەتكۈز! (غەزەپ بىلەن چىقىپ كېتىدۇ.)

لى جىندۇ: ھەي، شۇجى، چاڭگۇي شۇجى!

لى جىنمىڭ: (ئۆز - ئۆزىگە) بۇ كالىنى ئۇرۇشقىمۇ بىزنىڭ قولىمىز بارمايۋاتسا، ئۇلار تېخى سويۇپ يەمدىكەن ...

لى جىندۇ: (غەزەپ بىلەن) ئۇنداق بولسا كالىنى بىز ئۇلارغا تىرىك بەرمەيمىز. (غەزەپ بىلەن كىرىپ كېتىدۇ.)

[خورچىلار بىلەن كەنت خەلقى تارقىلىدۇ. ئىككى ئارتىس ئويناپ چىققان كالا، توساتتىن تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئەتراپتىكى كەنت خەلقىگە خۇددى كىسىنىپ قارايدۇ. ئەقلىدىن ئازغان لى جىنمىڭ ئەسەبىيلەرچە ئۆمىلەشكە باشلايدۇ. ئۇ ئەتراپتىن نېمىنىدۇر بىر نېمىنى ئىزدەيدۇ. ئۇ كىمدۇر، بىراۋنىڭ قولىدىن ياغاچ ساپانى شارتلا قىلىپ تارتىۋالىدۇ - دە، پۇچۇقۋايغا ئېتىلىدۇ.]

لى جىنمىڭ: (ئەسەبىيلىشىپ) ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! كالىنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! كالا ئۇ يەرگە تىرىك بارمايدۇ. [ياغاچ ساپان بىلەن كالىنىڭ دۈمبىسىگە غەزەپ بىلەن ئۇرىدۇ. كالا دەھشەتلىك مۆرەپ، يەرگە يېتىپ دومىلايدۇ. يەنە ئورنىدىن تۇرىدۇ. چىراغ نۇرى بارا - بارا قىزغۇچ رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. كالا ئۇرىدىغان كۆرۈنۈشمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپ دىلنى لەرزىگە سالىدىغان ئاستا شەكىللىك ئۇسسۇللاشقان كۆرۈنۈشكە ئۆزگىرىدۇ. كەنت خەلقى تۆت تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرىۋاتقان «پۇچۇقۋاي»نى قورشىۋېلىپ ئۇنى ئەسەبىيلەرچە ئۇرىدۇ. كالا ئۆزىنى ئېپقېچىپ دومىلايدۇ ۋە دەھشەتلىك مۆرەيدۇ. ئۇ، بىردىنلا ئالدىنقى ئاياغلىرىنى كۆتۈرۈپ ھۆركىرەپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدۇ. كالا ئازاب ۋە پەرىشانلىق بىلەن تۇشمۇ - تۇش تۆت ئەتراپقا مەڭدىگەن ھالدا قارايدۇ. بۇ چاغدا باۋۋا ئەسەبىيلىك بىلەن مىلتىقنىڭ

Altun Oq

تەپكىسىنى بېسىۋېتىدۇ.ـ دە، ئوق تەگكەن «پۇچۇقۋاي» قان چاچرىتىپ شۇئانلا يەرگە يىقىلىدۇ. لېكىن ئۇ ياردار بولغان تېنىنى كۆتۈرۈپ ھۆركىرىگىنىچە لى جىنمىڭغا قاراپ قەدەممۇ-قەدەم ئۆمىلەيدۇ. قېرى كالا «پۇچۇقۋاي» ئاخىرى جان ئۈزىدۇ. لى جىنمىڭنىڭ يۈرىكى پۇچىلىنىدۇ. ئۇ جىمىزارلىقلار غەزەپلىنىدۇ. خورچىلار بىلەن كەنت خەلقى مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئاسمانغا قاراپ نىدا قىلىدۇ، داد - پەريادلار كۆتۈرۈپ ئىلتىجا قىلىدۇ. ناخشا ياڭرايدۇ]:

سېرىق تۇپراق زېمىندە جۇڭخۇا كەلگەن ئالەمگە،
بۇ زېمىندە ئاينىغان ئەجدىھانىڭ ئەۋلادى.
توپان تىيغان دايۋۇنىڭ ئىزى قالغان بۇ يەردە،
بۇ يەر بولغان ۋۇۋاڭنىڭ سەلتەنەتلىك جەڭگاھى.

[ئۇسسۇللاشقان كۆرۈنۈش تۈگىشى بىلەن تەڭ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە قەدىمىي قوڭغۇراقنىڭ قولاقنى يارغۇدەك ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. چىراغ بارا - بارا خىرەلىشىدۇ.]

## خاتىمە

[يەم - خەشەك قويۇلغان كىچىك گەمە ئۆينىڭ ئەتراپى. گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، يامغۇر تاراسلاپ ياغىدۇ. باۋۋا ۋارقىرىغىنىچە ھاسىراپ - ھۆمىدەپ، قىرغاققا قاراپ يۈگۈرۈپ يېتىپ كېلىدۇ.]

باۋۋا: دۇيجاڭ! دۇيجاڭ! چاتاق بولدى. يەم - خەشەك قويغان گەمە ئۆي ئۆرۈلۈپ كەتتى.

لى جىندۇ: جىنمىڭ قېنى؟

باۋۋا: گەمىدىن يەم - خەشەك توشۇۋاتىدۇ.

لى جىندۇ: بولماپتۇ! قاراڭغۇدا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمىسا، ئۇ بىر ئادەم قانداق قىلىدۇ. (گېپىنى تۈگىتىپلا، كەينىگە قايرىلىپ تۆۋەنگە قاراپ يۈگۈرەيدۇ.)

[لى جىنمىڭ بىر تاغار يەم - خەشەكنى كۆتۈرۈپ، لى جىندۇنىڭ ئالدىدا يۇقىرىدىن چۈشىدۇ. لى جىندۇ بۇرۇلۇپلا گەمىگە كىرىپ كېتىدۇ. باۋۋانىڭ ۋارقىرىشى بىلەن كەنت خەلقى ئارقا - ئارقىدىن بۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ. گەمىدىن تۇيۇقسىزلا «گۈلدۈر» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. كىشىلەر چۆچۈگىنىدىن تۇرۇپلا قالىدۇ.

باۋۋا: (قاتتىق ۋارقىرايدۇ) دۇيجاڭ! دۇيجاڭ!

[چىراغ ئۆچۈپ، ناخشا ياڭرايدۇ]:

كەلدى نورۇز كەلدى كۆكلەم،
يۇرتىمىز ئاپئاق.

# 2 ـ نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك
# ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز!



قۇمۇل ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ئۇسسۇل-
لۇق ئوپېرا ــــ «قانلىق ئىز».





ئالتاي ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ئىككى
كىشىلىك ئۇسسۇل ــــ «كىچىك ئاققۇ».
قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى ئو-
رۇندىغان ئۈچ كىشىلىك ئۇسسۇل ــــ «ئاق بۇلۇت».

جوڭ





قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان چوڭ
تىپتىكى مۇقام ئۇسسۇلى—«ئامانىسا ۋە پەنجگاھ».





قارىماي شەھەرلىك ئۆسمۈرلەر سارىيى نېفىت
مايسىلىرى سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ئىككى
كىشىلىك ئۇسسۇل—«يامغۇردا».



خوتەن ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ئۇسسۇل
—«بالىمان توغرىسىدا».
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكىدىن—
گۈلەن ناخشا ئېيتماقتا.
شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئورۇندىغان مۇزىكىلىق دراما—
«يىپپى ئۈزۈلگەن لەگلەك».
بايىنغولىن موڭغۇل ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندى-
غان ئوپېرا—«شەرقە تەلپۈنۈش».



ق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى

قىززغىن تەبرىكلەيمىز !



ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ئۇسسۇللۇق تىياتىر —— «ئوت».



بۆرتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستلىق سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ئىككى كىشىلىك ئۇسسۇل —— «چالغۇ مۇھەببىتى».



تۇرپان ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ئەرلەر لكتىپ ئۇسسۇلى —— «يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى شوخ يىگىتلەر».

بىڭتۇەن ناخشا-ئۇسسۇل تىياتىر ئۆمىكى ئورۇندىغان سسۇل —— «تۇرمۇش مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ»



شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكى ئورۇندىغان ئۇسسۇل —— «شەيتان كەرىشتىكى پەرىشتە».



# 2- نۆۋەتلىك شىنجاڭ سەنئەت بايرىمىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز !



▽ سوۋېت قازاقىستان ئىتتىپاقداش رېسپوبلىكىسى سەنئەت ئۆمىكىدىن — روزا. رىمبايېۋا ناخشا ئېيتماقتا.

◁ شاڭخەي ئوپېرا ئۆمىكىدىن — شى خوڭئېي ناخشا ئېيتماقتا.

△ 11- نۆۋەتلىك ئاسىيا تەنھەرىكەت يىغىنىغا ئىئانە توپلاپ، دېڭىزنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن تەيۋەنلىك ناخشا چولپانلىرىدىن — جۇيۇ ناخشا ئېيتماقتا.





لى گېنشۈەن، لى شۆلياڭلار فوتوسى

كۆكلەم كېلەر كەتسە ئاياز،
ئىش كۆپ ھەممە ۋاق.

[چىراغ بارا - بارا يورۇيدۇ. شۇ سەيفاڭنىڭ گەممىسى ئالدى، شۇ سەيفاڭ ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئاياغ تىكمەكتە. جۇشياۋپىڭ تۆپىلىكتىن يېتىپ كېلىدۇ.]

جۇشياۋپىڭ: سەيفاڭ!

شۇسەيفاڭ: (ئورنىدىن تۇرۇپ جۇشياۋپىڭنىڭ ئالدىغا بارىدۇ) كەلدىڭمۇ شياۋپىڭ، ئۆيگە كىرگىن.

جۇشياۋپىڭ: بولدى. مەن سىز بىلەن خوشلاشقىلى كەلگەنىدىم.

شۇسەيفاڭ: (ئەجەبلىنىپ) نېمە؟

جۇشياۋپىڭ: مەن ئەسكەر بولىدىغان بولدۇم. ناھىيىگە رەسمىيەت ئۆتىگىلى بارىمەن.

شۇسەيفاڭ: قاچان ماڭىسەن؟

جۇشياۋپىڭ: ئەتە ئەتىگەندە ماڭىمەن.

شۇسەيفاڭ: (بىر دەم سۈكۈتتە تۇرۇپ) بوپتۇ، بۇ يەردىن كېتىۋېلىپلا بىزنىڭ بۇ قاقاسلىقنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىسەنغۇ، ھەقىچان؟

جۇشياۋپىڭ: قانداقمۇ ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسۇن؟ مەن ئۇجمىزارلىقنى، سىلەرنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنۇتمايمەن. بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرمىغان بولسامۇ، ئەمما نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىۋالدىم، سىلەرنى كۆرگىلى دائىم كېلىپ تۇرىمەن. (بۇرۇلۇپ ماڭماقچى بولۇپ، يەنە توختاپ) ئاڭلىسام، دادىڭىز ساڭۋا ئىككىڭلارنىڭ توينى قىلىپ قويىمەن، دەپ ئالدىراۋاتقان ئوخشايدۇ. مەن ھە - ھۇ دېيىشىپ بىرەلمەيدىغان بولدۇم. ئۆزىڭىز بىر قارارغا كەلگەنسىز ...

شۇسەيفاڭ: ...

[چېن چىڭنۇ بىر دانە قوچاقنى كۆتۈرگىنىچە، قىن - قىنىغا پاتمىغان ھالدا يىراقتىن ناخشا ئېيتىپ كېلىدۇ.]

چېن چىڭنۇ: (ناخشا):

يارىمنى ئىزلەپ تاغلارنى ئاشتىم،
ئاق سەپسەر يارىم.
پەقەت چۈشتە تاپتۇق ۋىسال،
ئاق سەپسەر يارىم.

جۇشياۋپىڭ: چىڭنۇ!

شۇسەيفاڭ: چىڭنۇ!

چېن چىڭنۇ: (جۇشياۋپىڭغا قاراپ قېتىپلا قالىدۇ) شەھەردىكى قىزلارمۇ ئەرلەرنى ئىزدەمدۇ؟

جۇشياۋپىڭ: ...

چېن چىڭنۇ: سەن نېمىشقا گەپ قىلمايسەن؟

جۇشياۋپىڭ: ھەئە! شەھەردىكى قىزلارمۇ ئەرلەرنى ئىزدەيدۇ،

چېن چىڭنۇ: قانداق ئىزدەيدۇ؟

جۇشياۋپىڭ: ھەممىسى ئوخشاش. بىزنىڭ بۇ يەردىكى بىلەن ئوخشاش.

چېن چىڭنۇ: (ھەسرەت بىلەن كۈلۈپ) ئوخشاش ئىكەن ـ دە. جاھاندىكى ھەممە ئاياللار ئوخشاش ئىكەن ـ دە! (ئېلىشىپ قالغاندەك كۈلگىنىچە كېتىپ قالىدۇ.)

جۇشياۋپىڭ: چىڭنۇ، چىڭنۇ! (قوغلايدۇ.)

[شۈسەيفاڭ قېتىپلا قالىدۇ. سۈكۈتتىن كېيىن، بىر پۇتى ئۈزۈلگەن لى جىندۇ بىر كىچىك بوخچىنى يۈدۈپ يىراقتىن ئاقساقلىغىنىچە يېتىپ كېلىدۇ.]

لى جىندۇ: سەيفاڭ!

شۈسەيفاڭ: ...

لى جىندۇ: ھاۋا سوۋۇپ قالدى، بىز ساڭا بىر نەچچە قۇر كىيىم قىلدۇق. قېنى بۇلارنى كىيىپ باق، مەن كۆرۈپ باقاي.

شۈسەيفاڭ: ...

لى جىندۇ: ... سەيفاڭ. ئويلىنىپ بولدۇڭمۇ؟ ... نېمىنى ئويلىغان بولساڭ شۇنى ئېيتقىن.

شۈسەيفاڭ: ياق! ... مەن ئۇنداق قىلالمايمەن!

لى جىندۇ: قارا سېنى... قېيىنئىنىسى يەڭگىسىنى ئالىدىغان ئىش بىزنىڭ بۇ يەردە ساماندەكقۇ!

شۈسەيفاڭ: ...

لى جىندۇ: ئوبدان بالام، داداڭغىمۇ ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مىيەنۋا ئەجىلىدىن بۇرۇن قازا قىلدى. سەن ياش تۇرۇپلا تۇل قالدىڭ. بەختىڭ ئېچىلمىدى، لېكىن بەربىر ياشاش كېرەكقۇ!

شۈسەيفاڭ: ...

لى جىندۇ: سەن مېنىڭ ئالدىمغا 12 ياش ۋاقتىڭدا كەلگەن. يىغلاپ ـ قاقشاپ 10 يىلنى ئۆتكۈزدۈڭ. ئەمدىلىكتە، بىزدەك بىر ئاتا ـ ئانىڭنى تاشلاپ كېتىشكە يۈرىكىڭ چىدامدۇ؟

شۈسەيفاڭ: ...

لى جىندۇ: ۋاي، مىيەنۋا بالام، ئەجەبمۇ بالدۇر كېتىۋالدىڭ، سەن كەتكىچە مەن كەتسەم بولمامدۇ، ۋاي، ئىسسىت! ...

شۈسەيفاڭ: دادا! يىغلىماڭ! يىغلىماڭ!

لى جىندۇ: سەيفاڭ، سېنىڭ ياخشى بالىلىقىڭ ماڭا ئايان. ماڭا ھەقىقەتەن كۆيۈنىسەن. ئۇكاڭ ساڭۋا ئۆزەڭ بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان. ئۇنىڭ ئاقساقلىقى، تاماق يېيىش، تىرىكچىلىك قىلىشقا دەخلى قىلمايدۇ. ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويايلى، سەن بۇ تەلەپنى ماقۇل كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆتسەڭ، بىرەر بالا تۇغۇپ بېرىپ بىزنىڭ لى ئائىلىسىگە راۋاپەت يەتكۈزگەندىن كېيىن ئاندىن كېتىپ قالساڭمۇ بولىۋەرمەمدۇ؟ ئوبدان بالام ماقۇل دېگىن. مەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي. (شۈسەيفاڭنىڭ ئالدىغا بېرىپ تىزلىنىدۇ.)

شۈسەيفاڭ: دادا! مەن ماقۇل دېيەلمەيمەن، ماقۇل دېيەلمەيمەن! ...

لى جىندۇ: (ئۈمىدسىزلىنىپ) ماقۇل، ماقۇل ئەمىسە، (ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىغا بىر قانچە قەدەم يېنىپ) داداڭ ساڭا ئىچ ئاغرىتسا، سەن داداڭغا ئىچ ئاغرىتمىدىڭ، ئەمدى ھەممە ئىش سېنىڭ رايىڭچە بولىۋەرمەيدۇ. بۈگۈن ئاخشام سەن، ساڭۋا بىلەن توي قىلىسەن! (كېتىپ قالىدۇ)

شۇسەيفاڭ: دادا! دادا! (يىراقلارغا قاراپ تۇرۇپ كېتىپ ئۆز - ئۆزىگە) يىۋا ئاكا، ئەچەبىمۇ كەلمىدىڭا! مەن كېتىمەن، هازىرلا كېتىمەن.

[شۇسەيفاڭ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ئەس - هوشىنى يوقاتقان هالدا «تاڭ قۇدۇقى» تەرەپكە قاراپ ماڭىدۇ.

ئايلانما سەهنە ئاستا - ئاستا سولغا ئايلىنىدۇ. خورچىلار بىلەن كەنت خەلقى ناخشا ئېيتىدۇ]:

ئېگىز - ئېگىز تۆپىلىكتە باردۇر بىر قۇدۇق،
ئەجدادلاردىن ئەۋلادلارغا قالغان يادىكار.
سورىساڭلار قانچىلىك دەپ تىرەنلىكىنى،
تېگى يوقتۇر ئۇنىڭ تەھقىق ئۆلچىگەن بىكار.

[ناخشىنىڭ تۈگىشىگە ئەگىشىپ چىراغ نۇرى ئالمىشىدۇ. تاڭ قۇدۇقىنىڭ يېنىدا تۇرغان لى جىندۇنىڭ غاگزىسىدىن پىلىلداپ چىقىپ تۇرغان قىزغۇچ ئوتتىن كېيىن چىراغ ئاستا - ئاستا يورۇيدۇ. لى جىندۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، قۇدۇقنىڭ بىر تەرىپىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرىدۇ. بىر دەمدىن كېيىن ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، هاسىسىغا تايانغىنىچە ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، هەر قەدەمدە كەينىگە بىر قاراپ يىراققا يول ئالىدۇ. خورچىلار ناخشا ئېيتقاچ بارا - بارا سەهنىنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ.]

سېرىق تۇپراق زېمىندە جۇڭخۇا كەلگەن ئالەمگە،
بۇ زېمىندە ئايىنغان ئەجدىهانىڭ ئەۋلادى.
توپان تىيغان دايۈنىڭ ئىزى قالغان بۇ يەردە،
بۇ يەر بولغان ۋۇۋاڭنىڭ سەلتەنەتلىك جەڭگاهى.

بەنت قىلىنغان، قەدىمدىن قاتار - قاتار چوققىنى،
تېشىپ ئۆتتى هايالسىز بەش مىڭ يىلنىڭ ئەرۋاهى.
تارىخ سوئال قويىدۇ هامان بىزگە مۇنداق دەپ
قاچانغىچە ئۇخلايدۇ بۇ ئەجدىها دەرگاهى.

ئالدىمىزدا بولسىمۇ تار يول تېيغاق كېچىكلەر،
تۇرسىمۇ گەر چوققىلار كۆككە ئېتىلغان ئوق بىر دەپ.
هامان سوئال سورايمىز ئۆزىمىزدىن - ئۆزىمىز،
هامان جاپا چېكىمىز تېپىرچىلاپ يول ئىزدەپ.

(«بۇ تىياتىرنىڭ نەشىر هوقۇقى مەركىزىي تىياتىر ئىنىستىتۇتىغا مەنسۇپ. هەممە بۇ تىياتىرنىڭ تۇنجى قېتىم ئوينالغان نۇسخىسى»)

خەنزۇچىدىن **ئابدۇسالام تىلىۋالدى** تەرجىمىسى

# «ئۇچمىزارلىقتا» درامىسىنىڭ ھازىرقى زامان درامىچىلىقىدىكى ئەھمىيىتى

«ئۇچمىزارلىقتا» درامىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىلىپ كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ «ئۇچمىزارلىقتا» دېگەن بۇ سۆز بىر خىل ئىستېمالغا ئۆزگەردى. بۇ «ئۇچمىزارلىقتا» درامىسىنىڭ يېڭى ۋە مۇكەممەل ئىپادىلەش شەكلى بىلەن سەھنىدە قەد كۆتەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ، ئەھمىيەت جەھەتتىن بىر پارچە دراما ياكى بىرەر ۋەقەلىك دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتتى. ئۇ يېڭى دەۋر مەدەنىيەت پۈتۈنلىكىدە بارلىققا كېلىپ، ئالاھىدە كۆزگە تاشلانغان بىر ھادىسىدىن ئىبارەت.

«ئۇچمىزارلىقتا» ناملىق بۇ درامىنىڭ ئۆزى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، ئۇنى تەتقىق قىلىش ھازىرقى زامان تىياتىر سەنئىتىنى كۆزىتىش پائالىيىتىنى يېڭى نۇقتىئىي نەزەرگە ئىگە قىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭدىن بۇرۇن يېڭى دەۋر تىياتىر سەنئىتى توغرىسىدىكى قايتا ئويلىنىش باشتىن - ئاخىر تىياتىرچىلىقتا ئېپىك ئەسەرلەر كەمچىل بولۇشتەك ئاساسىي سەۋەب ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغانىدى. ئەمما ناۋادا ئېپىك ئەسەرلەر سەھنىدە پەيدا بولۇپ كىشىلەرنى جەلپ قىلالىغۇدەك بولغان بولسا، ئۇنىڭ سېھرى كۈچىدىن لەرزىگە كەلگەن تاماشىبىنلار، بۇنداق تىياتىرنىڭ بولغانلىقىدىن ئەلۋەتتە مەپتۇنلۇققا چۆمۈلىدۇ. «ئۇچمىزارلىقتا» ناملىق بۇ درامىنىڭ مەيدانغا كېلىشى، تىياتىر ئىجادىيىتىنىڭ ئۆتمۈشتىكى نۇقسانلىرىنى تۈگىتىش ئىقتىدارىنى ھازىرلىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنداق بولسا «ئۇچمىزارلىقتا» ناملىق بۇ درامىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنى ئۆز - ئۆزىنى ئازاد قىلىش يولىغا يېتەكلەش ئۈچۈن قانداق قىلغاندا ئىمكانىيەت ياراتقىلى بولىدۇ، بۇ سوئال بىزنىڭ قايتا ئويلىنىشىمىزنىڭ يېڭى مەركىزىي نۇقتىسى بولۇپ قالدى.

«ئۇچمىزارلىقتا» درامىسىنىڭ سىرىنى ئەلۋەتتە «10 يىللىق تىياتىرچىلىق» نىڭ جاپالىق مۇساپىسى ۋە مەزكۇر دراما رېژىسسورىنىڭ ئۆزىگە خاس بەدىئىي ئىجادىيەت يولىدىن ئاچقىلى بولىدۇ. (مەزكۇر درامىنىڭ رېژىسسورى شۈشاۋجۇڭنىڭ رېژىسسورلۇق سەنئىتى توغرىسىدا ئايرىم توختىلىمىز.) «ئۇچمىزارلىقتا» درامىسى يېڭى دەۋر تىياتىرچىلىقى ئۈستىدە ئىزدىنىش جەريانىدىكى تاكامۇللىقلارنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەندۈردى، ياكى 10 يىللىق ئىزدىنىش جەريانىدىكى قىممەتكە ئىگە بولغانلىكى نەرسىلەرنى قايتىدىن تىرىلدۈردى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ گويا ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ يالدامىسى بولۇپ، ئۇ تىياتىرچىلىقتا ئېلىپ بېرىلغان 10 يىللىق پۈتكۈل ئىزدىنىشلەرنىڭ مول مېۋىلىرى بىلەن سۇغۇرۇلغان.

سەنئەت باھارىنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، كونا تىياتىرچىلىق سىستېمىسىنىڭ ئە-

لەملەك يىمىرىلىش ساداسى ئىچىدە، مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك قۇدرەتلىك سادا يەنى «ئىجادىيەتتىكى سۇبيېكتىپلىق ئاڭ ئەركىنلىكى توغرىسىدىكى چۇقان»، «شەكىلنى يېڭىلاش»، «تىياتىرنىڭ ئەسلى گەۋدىسىنى ئىسلاھ قىلىش» قاتارلىقلار توغرىسىدىكى ئىلتىجا، تىياتىرچىلىق ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى تىياتىر نۇقتىسىي نەزەرى جەھەتتە ئىنقىلاب قىلىشتىن ئىبارەت دەۋرىمىز يۈكلىگەن ۋەزىپىنى ئورتاق زىممىسىگە ئالغان. كونا سىستېما چەك-چېگىرىدىن بۆسۈلۈپ، بىر قانچە خىلغا پارچىلىنىپ كەتتى. يېڭى تىياتىرچىلىقتا بەدىئىي مەقسەتتىكى ئەركىنلىك بىلەن تىياتىر ئۇسلۇبىدىكى ئەركىنلىك ئۈستىدە ئىزدىنىش بولماقتا. شەكىلنى يېڭىلاش ئۈستىدە ئىزدىنىش بىلەن مەزمۇننى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا مەقسەت بىلەن ئۇسۇل، شەكىل بىلەن مەزمۇن ئۆز ئارا ئايرىۋېتىلىپ تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان ھالەت شەكىللىنىپ، ھەر قايسىسى بىر تەرەپلىمە ھالدا ئۆزىنىڭلا ھايات يولىنى ئىزدىگىلى تۇردى. ئەسلىدىكى تايىنىش تۈۋرۈكىدىن مەھرۇم بولغان تىياتىر سەھنىسى ئوخشاش بولمىغان يۆنۈلۈشكە قاراپ يۆلىنىشكە باشلىدى. يۆنىلىش بىلەن قارىمۇ - قارشىلىق، دراماتورگلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئاڭ ھالىتىدىكى ئىجادىيەت سىناقلىرىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، يەنە نەزەرىيىچىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن ئېلىپ بارغان كەسكىن تالاش - تارتىشلىرىدىمۇ ئىپادىلەندى. ھەتتا نەزەرىيە بىلەن ئىجادىيەتمۇ ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئىش تەقسىم قىلىشىۋېلىپ سەھنىلەرنى كەسكىن تۈردە ئۆزگەرتىۋەتتى. بىر تۈركۈم يېڭى قىياپەتتىكى شەكلى يېڭىلانغان تىياتىرلارنىڭ سەھنىلەشتۈرۈلۈشى بىردىنلا دولقۇن قوزغىۋەتتى، ھەمدە «مۇددىئانىڭ يېڭىلىنىشى» نەزەرىيىچىلەرنىڭ سادالىرى ئارقىلىق جاراڭلاپ، كىشىلەرنىڭ قايتا ئويلىنىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇردى. يېڭى تىياتىرچىلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەڭ ئاۋۋال «چوڭقۇر بىر تەرەپلىمىلىك» ئىچىدە پەرۋىش تېپىپ تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. بۇنداق ئەھۋال بىر نەزەرىيىچى تەرىپىدىن كۆپ تەرەپلىمىلىك جاپالىق ئىزدىنىشتىكى «يېڭى دەۋر تىياتىرچىلىقىنىڭ 10 يىللىقى» دەپ ئىخچاملاندى. «ئۈچ مىزارلىقتا» نىڭ سەھنىدە ئوينىلىشىدا، كىشىلەر كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىزدىنىشتىن ئىبارەت تارماق ئېقىنلىرىنىڭ بىر پۈتۈن غول ئېقىنغا ئايلانغانلىقىنى خۇشاللىق بىلەن كۆردى. «بۇ تىياتىرنىڭ رېژىسسورى ھەر جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىكلەرنى ئاڭلىق ھالدا تۈگىتىپ، ئۇلاردىكى يۈزلىنىشلەرنى تىرىشىپ بىرلىككە كەلتۈردى. ئېھتىمال ئۇ دەل مۇشۇ نۇقتىغا تايىنىپ بۇ تىياتىرنى ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنىڭ تاكامۇللىشىشقا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ «ئۈچ مىزارلىقتىكى ھادىسىلەر» نىڭ روھىنى شەكىللەندۈرۈپ تىياتىر سەنئىتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىنى كۆرسەتتى. ۋاسىتىلارنى قاناتلاندۇرۇش ئارقىلىق شەكىلنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، 10 يىللىق تىياتىرچىلىقتىكى شەكىل مەسىلىسىگە سەھنىدىن كەلگەن كۈچلۈك ئەمەلىي پىكىر قىلىش بىلەن ئەمەلىي ھېسسىيات سىڭدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ سەنئەتكارلارنىڭ سەھنىدىكى ئىپادىلەش ھالىتىگە بولغان غايىۋى ئىزدىنىشلىرى پەيدا قىلغان ئىچكى ھاياجانلىرىدىن كەلگەن. سەنئەتكارلارنىڭ تاقەت قىلالمايدىغىنى شۇكى، ئۆتكەنكى ئەشۇ نۇقۇل ئىپادىلەش ئۇسۇلى بى-

AltunOg

لەن قەلبىنى يېمىرىدىغان، جانلىق ئۇسلۇب ۋە ماكان، زامان قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت. يېڭىلاش پوزىتسىيىسىدە، ئۇلار ئىشىكنى ئېچىۋەتكەن بولۇپ، غەرب مودېرنىزمچىلىرى جۇڭگونىڭ شىجۇ تىياتىرى ئەنئەنىسى ۋە باشقا بەدىئىي شەكىللەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەينەك قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزگەن بولسىمۇ، لېكىن تىياتىرنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىدە، ئۇلار «شەكىل» نى «ئىپادىلەش ھالىتى» دىن ئىبارەت تار دائىرىدە چەكلەپ قويۇپ، تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئىپادىلەش تەدبىرى بىلەن ئۇسلۇبىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قانات يايدۇرۇپ ۋە بېيىتىپ مەزمۇن مەسىلىسى توغرۇلۇق قىلچە ئېغىز ئاچمىدى. ئەمما، ئۇلار شەكىل جەھەتتىكى يېڭىلاش تىياتىرچىلىق نۇقتىئىي نەزەرىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى دېگەندە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇردى. بۇ خىل زىددىيەتلىك ھادىسىلەرنىڭ ئەسەرنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىغا ئاساسەن شەكىل قوغلىشىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئاڭ پىكىر ئۆزگىرىشىدىن ئىبارەت دەۋر ئېقىمىنى كۆزدە تۇتۇپ، نۇرغۇنلىغان يېڭى شەكىللەردىكى تىياتىرلاردا ئىشنى كىشىلەرگە يېڭىلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدىغان بەدىئىي ۋاسىتە ۋە چارىلەرنى تاللاشتىن باشلىغان بولماستىن، بەلكى شەكىلنى يېڭىلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى بويىچە، يەنى ئەسەرنىڭ ئىچكى مەزمۇنىنى كونكرېت ئىپادىلەپ كۆرسىتىش ئېھتىياجىغا ئاساسەن تاللىغان.

«ئۈجمىزارلىقتا» درامىسىنىڭ رېژىسسورى سەھنە تىلىنى ئىجاد قىلغاندا، دەل مانا مۇشۇ تۈپ ئاساسنى تۇتتى. گاۋشىنجيەن نۇرغۇن يېڭىلىق ياراتقۇچىلار ئىچىدە ئىستىتىكىلىق خاراكتېرى بار دراماتورگ. ئۇ ھەم پروگراممىلىق خاراكتېرلىك تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، ھەم كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان بىر قاتار تىياتىرلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇنىڭ ھەر بىر درامىسى بىر قېتىملىق يېڭى تەجرىبە بولدى. ئېيتايلۇق، سەھنىۋىلىكىنى ۋە زامان، ماكاننى بىر تەرەپ قىلىشى، ئىچكى مونولوگنىڭ ئوبرازلىق بايان قىلىنىشى، سىمۋوللاشتۇرۇشى، كۆپ ئاۋازلىق بولۇشى، بەدەن ھەرىكىتىنىڭ ئۇسۇللىشىشى، تىلنىڭ راۋانلىقى قاتارلىق ئۇسلۇبلارنى قوللىنىش ۋە شەكىلنى يېڭىلاش بولسا، يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ ئورتاق ساداسى ۋە ئورتاق تىرىشچانلىقىنى ئىپادىلىدى. بۇنداق دادىل تەجرىبىلەر، پايدىلىق ئىزدىنىشلەر «ئۈجمىزارلىقتا» درامىسىنى قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان تولۇق ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن تەمىنلىدى. ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئۈجمىزارلىقتا» درامىسى ئۆتكەندىكى شەكىلنى يېڭىلىغۇچىلار چۈشۈرۈپ قويغان باشقا بىر تەرەپنى يەنى تەدبىر بىلەن ئۇسۇلدىن ئىبارەت دراماتىك ئىپادىلەش كۈچى مەسىلىسىنى ھەل قىلدى. ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىدىكى نۇقسانلار شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بەدىئىي ۋاسىتىلار «سۆزلەش» نىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. ئەمدى «گەپ - سۆز» لەر بەلكى «سۆزلەش» قۇرۇقتىن - قۇرۇق ۋەزخانلىقنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا ئۇ قۇرۇق گەپ ۋە قېلىپلىشىپ كەتكەن تۈگىمەس گەپ دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتتى. چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ھادىسىلەر ئارقىلىق ئىبسىنچە «سۆزلەش» كە قارشى تۇرىدىغان سەنئەتكارلار ئۆز قەھرىمانلىرىنى ئىبسىننىڭ پېرسوناژلىرىدىنمۇ كۆپ سۆزلەيدىغان، تېخىمۇ

بىۋاسىتە سۆزلەيدىغان، يەنە كېلىپ روبىرو تۇرۇپ سۆزلەيدىغان قىلىپ ياراتتى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تىياتىرنى «سۆزلەش» ئاپىتىدىن قۇتۇلدۇرۇش، گەپ - سۆزسىز ۋاسىتىلارنى بېيىتىش ۋە ئەۋج ئالدۇرۇش ئوخشاشلا مۇھىم بولۇپ قالدى. «ئۇچمىزارلىقتا» دىرامىسىدىكى ئەڭ زور يېتىشسىزلىك يەنىلا پېرسوناژلارنىڭ تىلى مەسىلىسى بولۇپ، ئۇقۇملاشتۇرۇش، ئاددىيلاشتۇرۇش ئىللەتلىرى ھەممىلا يەردە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە ماقالىمىزنىڭ ئاخىرىدا سۆزلەيمىز. بۇ يەردە پەقەت تەدبىر بىلەن ئۇسۇلنىڭ شەكىلنى تەشكىللەيدىغان ئاساسىي ئامىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇ شەكىلنىڭ ئۆزى ئەمەسلىكىنى ۋە تەدبىر بىلەن ئۇسۇلنىڭ يېڭىلىقى، شەكىلنىڭ يېڭىلىقى ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز. شەكىلنى ھەقىقىي ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش لازىم. شەكىلنى يېڭىلاش تەرەپدارلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن مەزمۇن توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمايدۇكى، ئۇلار شەكىل — مەزمۇن دېمەكتۇر، شەكىلدىن باشقا يەنە مەزمۇننىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەربنىڭ نوقۇل شەكىل نەزەرىيىچىلىرىنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىغان. ئەپسۇسكى، ئۇلار شەكىل بىلەن مەزمۇندىكى بىر مەنبەچىلىك نۇقتىئىنەزەرىنىڭ دەل شەكىل بىلەن مەزمۇندىكى ئەنئەنىۋى، قەدىمىي ئىككى مەنبەچىلىكنى چۆرۈپ تاشلاش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەر تەرەپدارلىرى شەكىل، تىلدىن تەركىب تاپقان بارلىق ئامىللار — سۇنئۇق، (رىتىم) ۋەزىن، سۆز - ئىبارە، ئوبرازلاردىن ئىبارەت بولۇپ، مەزمۇن بولسا باش تېما، ياكى ئەخلاقى تەجرىبە - ساۋاقلاردىن ئىبارەت دەپ قارايدۇ. يېڭى شەكىل نۇقتىئىنەزەرىنىڭ كونا شەكىل نۇقتىئىنەزەرىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا، دەل مەزمۇن جەھەتتە سۈپەت ئۆزگىرىشى ياسايدىغان بولۇپ، ئاشىقى ۋەقە، مەسىلىلەر، ئىدىيىلەرنىڭ ئادەملەرنىڭ ئىچكى ھېسسىياتىغا ئايلانغانلىقىدۇر. شەكىلنىڭ ۋايىغا يېتىشى، شەكىل ئارقىلىق تەلىم بېرىش، ياكى مەلۇم بىر نۇقتىئىنەزەرنى چۈشەندۈرۈش بولماستىن، بەلكى شەكىلدە ئادەملەرنىڭ قويۇق پىسخىك ھالىتى ۋە ھاياتلىقتا دائىر چوڭقۇر ھېكمەت ۋە قىسمەتلەر بولۇشى لازىم. شۇڭا شەكىل ھەققىدىكى غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمىز دەيدىكەنمىز، ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتى مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىش لازىم. «ئۇچمىزارلىقتا» ناملىق دىرامىدىكى كىشىلەرنى كۈچلۈك لەرزىگە سالىدىغان نەرسە ئۇنتۇلغۇسىز مۇكەممەل شەكىل بىلەن يارىتىلغان سەھنە ئوبرازلىرىدىن ئىبارەت. ئالايلۇق، ئايدىڭ كېچىدىكى خوتۇن سارىڭنىڭ سىڭلىسىنى قوغلىشى، چېن چىنيۇنىڭ خەلقى ئالەم ئالدىدا ھاقارەتلىنىشى ۋە «كالا ئۆلتۈرۈش» ۋەقەسى قاتارلىق كۆرۈنۈشلەرگە پېرسوناژلارنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى، جۇشقۇن كەيپىياتى، تەقدىر - قىسمىتى قاتارلىق يارقىن ئىچكى كەچۈرمىشلىرى سىڭدۈرۈلگەن. ھەر بىر پېرسوناژنى نۇرغۇنلىغان تىلنىڭ ياردىمى بىلەنلا ئىپادىلەش كېرەك، بەلكىم بۇنداق قىلغاندا، ئېنىق ئىپادىلىگىلى بولماسلىقى، ھەتتا زادى ئىپادىلىگىلىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بۇنداق شەكىلنىڭ يارىتىلىشى ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىدا جامائەتچىلىك ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئەڭ پارلاق كەشپىياتتىن ئىبارەت. ئەمما شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «ئۇچمىزارلىقتا» ناملىق دىرامىدىكى شەكىللەرنىڭ ھەممىسىلا ئەڭ يۈكسەك پەللىگە يەتكەن

ئەمەس. ئۇنىڭدا تېخى ئۆز ئىپادىسىنى تولۇق تاپالمىغان پېرسوناژلارمۇ پات ـ پات كۆز-
گە چېلىقىپ تۇرىدۇ. شۇڭا تىياتىر ۋاستىلىرىنى ئۆزلۈكسىز بېيىتىش ۋە ئۇنى ئۇلغايتىش
ھەم تىياتىر شەكىللىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈش، بۇندىن كېيىنكى ئىجادىيەت جەريانىدا ھەل
قىلىشقا تېگىشلىك زۆرۈر مەسىلىدۇر.

## ئەھمىيىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىدىن تەقدىرنىڭ ئېچىلىشىغىچە

«ئۈجمىزارلىقتا» يېزا ئىگىلىك تېمىسىدا يېزىلغان دراما بولۇپ، ئۇنىڭ دېھقانلارنى
ئىپادىلەش نۇقتىسىدا يېڭىلىقلار بار. بۇ درامىدا دېھقان بىلەن يەر مۇناسىۋىتى ئارقىلىق
ئەزەلدىن تىلغا ئېلىنمىغان يېڭى بىر قاتلام ئېچىپ بېرىلدى.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن يېزا ئىگىلىك تېمىسىدا يېزىلغان تىياتىرلار يۈز نەچچە
پارچىدىن ئاشىدۇ. 1950 ـ، 1960 ـ يىللاردا سىياسى ھەرىكەت يولى بىلەن خۇسۇسىي مۈلۈك-
چىلىككە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەنلىكى تېما قىلىپ يېزىلغان درامىلار ھەممە يەرنى قاپلاپ
كەتكەنىدى. ئىككى سىنىپ، ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ۋە مەلۇم سىياسەتنى ئىز-
چىللاشتۇرۇشنى چۆرىدىگەن ھالدا پەيدا بولغان قارىمۇ ـ قارشىلىقلار ھەممىنىۋا
ئەسەرلەرنىڭ ئورتاقلىقى ئىگە بولغان زىددىيەت توقۇنۇشى بولۇپ قالدى. يەنە كېلىپ
درامىدىكى دېھقانلار ئوبرازى ئوخشىمىغان سىنىپ، ئوخشىمىغان قاتلاملارنىڭ مەۋھۇم پەز-
لەتلىرىنىڭ چۈشەندۈرگۈچى كانىيى بولۇپ قالدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغان-
دىن كېيىن، بىر تۈركۈم يېڭى تىياتىرلار مەيدانغا چىقىپ، ئۇلاردا يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىق-
تىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى چىقىش نۇقتا قىلىنىپ، پارتىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك سىياسىتى
مەدھىيىلەندى. بىر مەھەل «باي بولۇش شەرەپلىك» دېگەن شوئار ئىجادىيەتتىكى قېلىپلاش-
قان يېڭى يولغا ئايلاندى. 1983 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت قايتا
ئويلىنىش پوزىتسىيىسى مەزمۇن قىلىنغان يېزا تۇرمۇشى ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر كەينى ـ
كەينىدىن مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر يېزىلاردا تېخىچە مەۋجۇت بولۇۋاتقان قالاق ۋە
نادانلارچە تۇرمۇش ئارقىلىق زەئىپلەشكەن روھىي ھالەتنى ئىپادىلەپ باقماقچى بولغان
بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ۋاستىلەر ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسى ئىنقىلاب ۋە ئىگى-
لىك تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسىنى ھەل قىلالمايتتى ۋە ئۆزگەرتەلمەيتتى. بۇنىڭ ئى-
چىدە «توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم»، «دالا يېشىل سېلىنچا»، «كۆچكۈچىلەرنىڭ قايتا تى-
رىلىشى» دېگەن ئۈچ پارچە ئەسەر تىياتىر ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ۋە مەدھى-
يىسىگە ئېرىشتى. بۇ درامىلارنى «ئۈجمىزارلىقتا» درامىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، تارىخىي
تۇيغۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىنىڭ زورلۇقىدىن ئالغاندا، «ئۈجمىزارلىقتا»
ناملىق بۇ درامىدا خېلى زور ئىلگىرىلەشلەر بار. «توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم يىتىم» ناملىق
ئەسەر ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن كومېدىيە بولۇپ، بۇ ئەسەر ھەم قىزىقارلىق ھەم تۇرمۇش
پۇرىقى قويۇق بولغان. ئاپتور بۇ ئەسەردە بۇرۇنقى دەۋردىكى پېرسوناژلاردىكى ئەبگا،
جۇلدۇر ـ كېپەن بولۇشتەك نۇقسانلارغا كۈچىنىڭ بېرىچە خاتىمە بېرىپ، پېرسوناژلارنى

كۆپ تەرەپتىن ياراتقان. ئالايلۇق، جىڭ چوڭ ئانا ھەم «پېشقەدەم ئىنقىلابچى» ھەم «پېشقەدەم ئانا» ھەم «كونا فېئودال» نىڭ بىرلىكىمىسىدىن ئىبارەت. پۈتۈن درامىدىكى زىددىيەتلەر تۇغۇلۇشى — يېڭى دەۋردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلۈش ئۆزگىرىشىدىن كېيىنكى يېڭى ۋە كونا ئەخلاق نۇقتىئىنەزەرى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشتىن ئىبارەت. گەرچە «ئۈچمىزارلىقتا» ناملىق بۇ درامىدىمۇ ئەخلاق توغرىلىق نۇرغۇن تەپسىلاتلار، مەسىلەن ئالايلۇق، نىكاھ سودىسى، ئاسراندى كېلىن ئېلىش، يەڭگىسىنى خوتۇنلۇققا ئېلىش قاتارلىق كونا ئۆرپ-ئادەتلەر بولسىمۇ، ئەمما پۈتكۈل درامىنىڭ يادرولۇق ئىدىيىسى ئەخلاق توقۇنۇشى بولماستىن، بەلكى دەھشەتلىك ھايات-ماماتلىق رىقابەتتىن ئىبارەت. تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدىكى ئېغىر نامراتلىق تۈپەيلىدىن دېھقانلار جان بېقىش، ئەۋلاد قالدۇرۇش ئۈچۈن مۇقەررەر ھالدا بۇنداق نامۇۋاپىق ئۆرپ-ئادەتلەرگە مۇھتاج بولغان. «ئۈچمىزارلىقتا» درامىسىدا تىغ ئۇچىنى ئادەمگەرچىلىكنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن جاھالەتلىك ئەخلاقىي نۇقتىئىنەزەرگە قارىتىلغان دېگەندىن كۆرە، ئاشۇ نامۇۋاپىق مەۋجۇدىيەت شەكلىگە قارىتىلغان دېگەن تۈزۈك. «دالىدىكى يېشىل قوناقلىق» درامىسىدا ئىجتىمائىي ئىسلاھاتنىڭ جەمئىيەتتىكى ھەر قايسى قاتلاملارغا بولغان تەسىرى كۆرسىتىلگەن. دراماتورگ ھەر بىر پېرسوناژنى جەمئىيەتتىكى ئالاھىدە قاتلامنىڭ ۋەكىلى قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلاب ۋەزىيىتىگە تۇتقان ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيىسى ئارقىلىق ئاتالمىش «يېشىل قوناقلىقتا» مەدەنىيەتنى تەھلىل قىلغان. بۇ درامىدا ھازىرقى يېزىلاردىكى رېئال تۇرمۇشنى مەدەنىيەت ئاڭ تۈيغۇسىدا تۇرۇپ ئىگىلىمەكچى بولىدۇ. ئەمما ئۇنىڭدا يېزا مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇرلاشتۇرۇلمىغان. «كىچىككۈۋاينىڭ قايتا تىرىلىشى» دېگەن درامىدا «دېھقانلارنىڭ يەرگە بولغان مۇھەببىتى بىلەن تەشنالىقى ئىجتىمائىي پىسخىك ھالىتىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئەسەر پېرسوناژلىرى يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن يەرگە ئىگە بولۇۋېلىپلا، «زېمىندارلىق چۈشى» نى كۆرۈپ، زېمىندارلىق ھەلەكچىلىكىگە غەرق بولۇپ ئاخىرىدا ۋەيران بولىدۇ. ئەمما «ئۈچمىزارلىقتا» ناملىق بۇ درامىدا بولسا، ئۆتمۈشتىكى ئىنقىلابلارنىڭ پاجىئەسى — دېھقانلارنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى يەرگە بولغان ئارزۇسىنى قاندۇرمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى كونا زاماندىكى يەر مۇناسىۋىتى ۋە يەرگە بولغان مۇھەببەتنىڭ يېڭىدىن ئەۋج ئېلىۋاتقان يەر مۇناسىۋىتى ۋە يەرگە بولغان مۇھەببەت دەسسىتىسىلىگەنلىكىدىن پەيدا بولغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا «كىچىككۈۋاينىڭ قايتا تىرىلىشى» ناملىق دراما راستىن يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن قاتتىق چەكلىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭدىكى تەسەۋۋۇر ئەركىن پەرۋاز قىلالمىغان. ئەمما «ئۈچمىزارلىقتا» ناملىق درامىدىكى ۋەقەلەر «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا يۈز بەرگەن بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى سىنىپىي كۈرەش، سىياسىي توقۇنۇشلارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئاساستا ئۇلارنى سۇسلاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ، ئاساسلىقى مىللەتنىڭ چوڭقۇر پاجىئەلىك تەقدىرىنى ۋە قەدىمىي سىرلىق تۇپراقنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئارقىلىق، بىر نەچچە يىلنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قەدەم تاشلاۋاتقان بىر جەمئىيەتنى تىرەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شۇڭا، «ئۇچمىزارلىقتا» ناملىق درامىنىڭ باش تېمىسى دراما سيۇژېتى پاسىل قىلغان تار دائىرىدىكى زامان - ماكاندىن ھالقىپ چىقىپ، ئۇنىڭدا نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخى مەزمۇن قىلىنغان. شۇنداق قىلىپ بۇ دراما «يەر — ئانا — ھايات» دېگەندىن ئىبارەت ھاياتلىقنىڭ ئەزەلىلىكىگە بېرىپ تاقالدى.

«ئۇچمىزارلىقتا» دراماسى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، ئەمما كىشىلەر شادلىنىش بىلەن بىللە يەنە ئۇنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىدىنمۇ ئۆكۈنىدۇ. بۇ درامىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، رېژىسسور ئەسلى ئەسەردىن غالىب ئورۇندا تۇرىدۇ. رېژىسسور ئۆزىنىڭ كامالەتلىك بەدىئىي ئىقتىدارى، بىشارەتلىك ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ئارقىلىق باش تېمىنىڭ ئەھمىيىتىنى يورۇتۇش ۋە جەۋلان قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ، لېكىن بەزى پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى نۇقسانلىرىنى تولۇقلىيالمىغان. ئەمما، نېمىلا بولسۇن «ئۇچمىزارلىقتا» ناملىق دراما ھازىرقى زامان تىياتىرچىلىقىنى يېپيېڭى يۈكسەكلىككە كۆتەردى. «ئۇچمىزارلىقتا» دراماسى بىر خىل مۇكەممەل ۋە نەپىس ئىپادىلەش شەكلىنى ياراتتى. باشقا شەكىلدىكى درامىلارنىڭمۇ بۇ دراما بىلەن ھۆسن تالىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەمما مەقسەت بىلەن ئۇسۇلنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇكەممەل شەكىل ئارقىلىق ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى يورۇتۇپ بېرىش — ئوخشىمىغان بەدىئىي قاراشقا ئىگە بولغان ھەممىۋا سەنئەتكارلارنىڭ ئورتاق ئىزدىنىش يۆنىلىشىدۇر.

«تىياتىر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1988 - يىللىق 8 - سانىدىن.

**ئوسمانجان ساۋۇت** تەرجىمىسى

---

## يۇمۇر

— ئۇستام، سىز ئېگىزلىكتىكى بوشلۇقتا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقاندا، بىزنىڭ كۈلۈشىمىزگە رۇخسەت قىلمايتىڭىز، قارىڭا، «شائىر» سىم تاناپ ئۈستىدە تۇرۇۋېلىپ تۆۋەندىكىلەر بىلەن بىمالال پاراڭلىشىۋاتىدىغۇ؟

— ئۇ دېگەن ئويۇن قويۇۋاتىدۇ، بىز دېگەن راستىنلا ئىشلەيمىز، شۇڭا ئۇلاردىن ئۆگەنگىلى بولمايدۇ - دە.

× × ×

— بۈگۈنكى بېلەتنىڭ ھەممىسى ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتىمۇ؟

— ئارقا ئىشىكتىن چىقىپ كېتىشى كېرەكتى.

— نېمىشقا؟

— «قۇياش ئاستىدىكى جىنايەت» نى قويغاچقا.

**نۇرمەھەممەت زامان** تەييارلىغان.

AltunOq


ھۆسنخەتلىرى تۇرسۇن ئەكرەم يازغان

# سەنئەت سېپىدىكى تۆھپىكار ئەرباب

زىننەت قۇربان

مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ ئەجىر سىڭدۈرۈشى ۋە تىرىشىشى ئارقىسىدا روناق تېپىپ بۈگۈنكىدەك گۈللەپ ياشنىغان.

ئۆزىنىڭ پېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ھاياتىنى مەدەنىيەت - سەنئەت ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىغا بېغىشلاپ، بۇ يولدا ئۈزلۈكسىز پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، خەلقىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان پېشقەدەم سەنئەتكار سىراجىددىن زۇپەر ئەنە شۇ روناق تېپىۋاتقان سەنئىتىمىزنىڭ ئاساسىنى قۇرغۇچىلارنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلىدۇر.

سىراجىددىن زۇپەر تۇرپان ناھىيە يېڭى شەھەر باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان دەۋرىدىلا مەكتەپنىڭ تەنھەرىكەت ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قىزغىن قاتناشقانىدى. ئۇ 1936 - يىللىرىدىن باشلاپلا تىياتىر سەنئىتىگە ئىشتىياق باغلاپ، بۇ كەسىپكە پائال كىرىشكەنىدى.

1937 - يىلى 7 - ئايدا تۇرپان ناھىيىلىك مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى مەرھۇم ھەبىبۇللا ئەپەندى ۋە ئەخمەت ۋاجىدىلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن تۇرپان ناھىيىسىدىكى يېتىملار مەكتىپىنىڭ ناخشا ۋە تەنتەربىيە مۇئەللىمى شۇنىڭدەك يەنە سانائىي نەفىسە ئارتىسى بولۇپ ئىشلىدى. گەرچە ئۇ چاغلاردا گىرىم قىلىپ سەھنىگە چىقىش بەزىلەرنىڭ ھاقارەت قىلىشى ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچرايدىغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن سىراجىددىن زۇپەر ئۆزىنىڭ سەنئەتكە بولغان تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىقى بىلەن تىل - ھاقارەتكە پەرۋا قىلماي، «ئۆگەي ئانا»، «ساۋاتسىزلىقنىڭ ئاقىۋىتى»، «قوتۇلدۇق»، «ھابىل پېرىخۇن» ۋە «جاھىل ئاتا» قاتارلىق تىياتىرلاردا ئۆزىگە مۇناسىپ روللارنى ئېلىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاپ كىشىلەرنىڭ قىزىقىپ كۆرۈشىگە ۋە ئالقىشىغا ئىگە بولۇپ، تېز ئارىدىلا جەمئىيەتكە تونۇلدى. 1939 - يىلى چېن تەنچيۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ رەھبەرلىكىدە مەشھۇر يازغۇچى شېڭ يەنبىڭ (ماۋدۇن)، ئاتاقلىق ئارتىس جاۋدەن، ۋاڭ ۋېي قاتارلىق سەنئەت ئۇستازلىرىنىڭ مۇئەللىملىكىدە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان مەدەنىيەت - سەنئەت كادىرلار كۇرسىغا تىياتىر ئورۇنداش كەسپىدىن ئىمتىھان بېرىپ، كۇرسىنىڭ ئالىي سىنىپىغا قوبۇل قىلىندى. مەدەنىيەت - سەنئەت كەسپىگە زور ھەۋەس بىلەن قىزىقىۋاتقان سىراجىددىن زۇپەر بۇ سەنئەت پېشۋالىرىنىڭ دەرسلىرىنى ئاڭلاپ، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ رول ئېلىش ماھارىتىنى كۆرۈپ، تىياتىر سەنئىتىگە يەنىمۇ زور ئىشتىياق باغلىدى. سىراجىددىن زۇپەر تۇنجى قېتىم ئېرىشكەن بۇ ئوقۇش پۇرسىتىنى ھاياتىدىكى ئەڭ ئەھمىيەتلىك ۋە بەختلىك پەيت دەپ تونۇپ، كۇرستا ئۆتۈلگەن سەنئەتكە ئائىت دەرسلەرنى ۋە باشقا پەنلەرنى قىزىقىپ ئۆگەندى. دەرستىن سىرتقى ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى. مەكتەپ رەھبەرلىكى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئالدىنقى سەپكە ياردەم بېرىش يۈزىسىدىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ

دەرسكە بىرلەشتۈرۈپ «ئۆز مۆھىت»، «ئالدىنقى سەپكە ياردەم» دېگەن ئىككى سەھنە ئەسىرىنى تەييارلاشقا تەشكىللەيدۇ. رېژىسسور جاۋدەن يولداش سىراجىددىن زۇپەرنى ھەر ئىككى ئەسەردىكى باش رولنى ئويناپ چىقىشقا ھەم سەھنە دېكوراتسىيە ۋە گىرىم ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا تەيىنلەيدۇ. يولداش سىراجىددىن زۇپەر ئاخشىمى رېپېتىتسىيىگە قاتنىشىپ، كۈندۈزدىكى دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدا تىياتىرنىڭ باشقا تەييارلىق ئىشلىرىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەيدۇ. مەكتەپ رەھبەرلىكى ئۇنىڭ خىزمەت ئىپادىسىگە قاراپ، ئۇنى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە مىللىي ئوقۇغۇچىلارنى ئاساس قىلغان سەنئەت كۆرۈكىنىڭ مەسئۇلى قىلىپ تەيىنلەيدۇ. 1940 - يىلى ئوقۇشنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرگەن سىراجىددىن زۇپەر، شىنجاڭ مەركىزى ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى قارمىقىدىكى سانائىي نەفىسىگە مۇئاۋىن مۇدىر ھەم رېژىسسور بولۇپ تەيىنلىنىدۇ. يولداش سىراجىددىن زۇپەر خىزمەتكە چىققان كۈندىن باشلاپ بىر تەرەپتىن ئورۇنداش ماھارىتىنى قېتىرقىنىپ مەشىق قىلىپ ئۆگەنسە، يەنە بىر تەرەپتىن سانائىي نەفىسىدىكى ئارتىسلارنىڭ ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش يۈزىسىدىن ئۇلارغا بولغان كەسپىي تەربىيىنى كۈچەيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆمەكنىڭ تەسىرى كېڭىيىپ، قەشقەردىن سەمەت ئابدۇللا، تاجىنىسا خانىم، چۆچەكتىن قەمبەر خانىم، گۈلبەھرەم، ئىلىدىن مەرۇپ ناسىر ئەپەندى، قۇمۇلدىن نەمەت، لەيلىخان، ئاق پاشا، تۇرپاندىن ئابدۇۋاھىت ئالماس قاتارلىق سەنئەتكارلار جەلپ قىلىنىپ، ئۆمەكنىڭ ئارتىسلار قوشۇنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىلىدۇ.

ئۆمەكنىڭ ئويۇن قويۇش پائالىيىتىنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىجادىيەت ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەنگەن سىراجىددىن زۇپەر ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئىبراھىم ئۆمەر، نۇر بۇساق، ئىمىن تۇرسۇن، نۇر سادىرۇپ، ئەخمەت زىيائىي قاتارلىق يازغۇچىلارنى تەكلىپ قىلىپ، بىر ئىجادىيەت ھەيئىتى تەشكىل قىلىدۇ. نەتىجىدە بىر تۈركۈم يېڭى كونسېرت ۋە سەھنە ئەسەرلىرى مەيدانغا كېلىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشىدۇ. «كۈرەش»، «ئۆز مۆھىت» (تەرجىمە ئەسەر)، «شاڭخەي كېچىسى» (ئاپتورى شۈكۈر يالقىن)، «كۈرەش قىزى»، «چىمەنگۈل» (ئاپتورى ل. مۇتەللىپ)، «چىن مۇدەن» (ئاپتورى ل. مۇتەللىپ، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر)، «رابىيە - سەئىددىن» (ئاپتورى ئەخمەت زىيائىي)، «ھابىل پىرىخۇن» (ئاپتورى مۆمىن ئەپەندى)، «بىزنىڭ ۋەتەن» (ئاپتورى سىراجىددىن زۇپەر)، «زەينەپكە تۆھمەت» (ئاپتورى قاسىمجان قەمبىرى)، «غېرىب - سەنەم»، «ئارشىن مال - ئالان»، «پەرھاد - شېرىن» قاتارلىق ئەسەرلەرنى سەھنىلەشتۈرۈشتە سىراجىددىن زۇپەر رېژىسسورلۇق قىلىدۇ ۋە تەشكىللەش خىزمىتىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدەك تىياتىرلارنىڭ ھەممىسىدە دېگىدەك باش روللارنىمۇ ئۆزى ئويناپ چىقىدۇ. مۇشۇ مەزگىلگە كەلگەندە مەركىزىي سانائىي نەفىسە ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردىكى سانائىي نەفىسەلەرنى ماتېرىيال ۋە كېرەكلىك مەنقۇلاتلار بىلەن تەمىنلەپ، جايلارنىڭ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىگە كۈچلۈك مەدەت بېرىدۇ.

ئىلىم مەرىپەتپەرۋەرلىرىنىڭ ئۇزۇن مەزگىل كۈرەش قىلىشى ۋە تىرىشىشى ئارقىسىدا، تازا روناق تېپىشقا يۈزلىنىۋاتقان مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى شېڭ شىسەينىڭ ماركسىزمدىن يۈز ئۆرۈشى بىلەن ۋەيران بولدى. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يېڭىدىن باشلانغان مەدەنىيەت ئاقارتىش ئىشلىرى بۆشۈكىدىلا ئۇجۇقتۇرۇلدى. ئىلىم - مەدەنىيەت ئەھلىلىرى، سەنئەتكارلار كەينى - كەينىدىن ئىشتىن بوشىتىلدى ۋە تۇتقۇن قىلىنىدى. كۆلۈبلاردا ئويۇن

قويۇش پائالىيەتلىرى قاتتىق كونترول قىلىندى. يولداش سىراجىددىن زۇپەرمۇ بۇ تەتۈر قويۇنىنىڭ زىيانكەشلىكىدىن چەتتە قالمىدى. ئۇ مەكتەپتىن چىقىرىۋېتىلدى. ئۈرۈمچىدە سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولغان بۇ سەنئەتكار ئامالسىزلىقتىن ئۆز يۇرتى تۇرپانغا قايتىپ كېلىپ 2 يىل ئىشسىز يۈردى. ئۆزىنىڭ بارلىقىنى مىللەتنىڭ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان بۇ ئوت يۈرەك ياش ئوقۇشسىزلىق ئىچىدە ھېچقانداق تېڭىرقاپ قالماستىن، يالقۇن تاغ باغرىدا گومىنداڭغا قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشتى. سىراجىددىن زۇپەر ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن قەلەم ئورنىغا ئەلەم ئېلىپ 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى — ئىلىغا ئاتلاندى. ئىنقىلابىي تەشۋىقات بولمىسا، ئىنقىلاب غەلىبىسى قولغا كەلمەيدۇ. سىراجىددىن زۇپەر ئىنقىلابىي خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن كاپىتان ئۇنۋانى بىلەن 3 ۋىلايەت سەنئەت ئۆمىكىنىڭ (ئىلى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ) مۇدىرى ھەم ئۆمەكنىڭ رېژىسسورى بولدى. ئۇ مەزگىلدىمۇ نۇرغۇنلىغان تىياتىرلارنى سەھنىلەشتۈرۈپ، مۇھىم روللارنى ئۆزى ئورۇندىدى.

1948 - يىلى 2 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ھېلىمۇ سىراجىددىن زۇپەرنىڭ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. شۇ كۈنى «تۈرمە ساداسى» ۋە «ئۆز مۇھىت»تىن ئىبارەت ئىككى پارچە دراما ئوينالغانىدى. ئويۇن كۆرۈشكە كەلگەن ئەخمەتجان قاسىمى، ئىسھاقبەگ، ئابدۇكېرىم ئابباسوۋ قاتارلىق 3 ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىرى ئويۇندىن كېيىن ئارتىسلار بىلەن كۆرۈشتى. ئەخمەتجان قاسىمى ئويۇنغا ۋە ئارتىسلارنىڭ ماھارىتىگە يۇقىرى باھا بېرىپ سەنئەت ئۆمىكىگە مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. سەنئەت ئىجادىيىتىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش يۈزىسىدىن زۇنۇن قادىرى بىلەن زىكرى ئەلپەتتا يۇقىرىدىكى يوليورۇقى بىلەن ئۆمەككە قوشۇلدى. سىراجىددىن زۇپەرنىڭ رېژىسسورلۇقىدا 17 كىشىدىن تەشكىللەنگەن بۇ ئويۇن قويۇش ئۆمىكى ئىلىدىن ئارتىپ، ساۋەننىڭ يېزا - قىشلاقلىرىغىچە ئىنقىلابىي ئارمىيە ۋە كەڭ ئاممىغا ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىپ، تەشۋىقاتچىلىق خىزمىتىنى كەڭ قانات يايدۇردى.

ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى بويىچە قەلەم بىلەن شۇغۇللىنىشتىن، ئەلەم بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئالماشقان ئەمەلىي خىزمەت ئېھتىياجى سىراجىددىن زۇپەرنى سەھنىدىن ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. 1950 - يىلى 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئۇ تۇرپان ناھىيىسىنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلەندى. سىراجىددىن زۇپەر بۇ مەزگىلدە خەلق بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولۇپ، خەلقنىڭ ھال - ئەھۋالىغا يېتىپ تۇرپاننىڭ مائارىپ خىزمىتىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ روھى جەھەتتە يەنىمۇ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن، سەنئەت پائالىيىتى ئېلىپ بارىدىغان كۇلۇب سالدۇردى. ئۇ 35 كىشىلىك سەنئەت ئۆمىكى تەشكىل قىلىپ، ئۆزى يېزىپ چىققان «ئازاد نىيازخان»، «زومىگەرگە دەككە بېرەيلى» ناملىق سەھنە ئەسىرىگە ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلىپ ئۇلارنى سەھنىلەشتۈردى.

1952 - يىلى يەر ئىسلاھات ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە تەنتەنە قىلىش يىغىنىدا، ئۇ شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولدى. يىغىنغا قاتناشقان ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى، تۇرپان ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە «شىنجاڭ گېزىتى»دە سىراجىددىن زۇپەر ئالاھىدە تونۇشتۇرۇلدى.

1952 - يىلى 11 - ئايدا، جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكى قۇرۇلدى. يولداش سىراجىددىن زۇپەر شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆلكىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلەندى، ئۇ ئۆمەكنىڭ تەشكىلىي خىزمىتىنى ۋە كەسپىي ئىش-

لىرىنى ئىنتايىن چىڭ تۇتۇپ ئىشلىدى. ياشلارنىڭ كەسپىي ئىقتىدارىنىڭ يېتىلىشىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارنى ھەر خىل كۇرسلارغا، ئۆگىنىشلەرگە ئەۋەتتى. بۇ مەزگىلگە كەلگەندە ئۆمەكنىڭ كەسپىي پائالىيىتى روناق تېپىپ، ئورغۇنلىغان يېڭى كونسېرت نومۇرلىرى ۋە سەھنە ئەسەرلىرى ئىجاد قىلىنىپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

1955 - يىلى، سىراجىددىن زۇپەر 4 - نۆۋەتلىك دۇنيا ياشلار فېستىۋالىغا قاتنىشىپ زور ئىلھام ئالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى، سىستېمىلىق سەنئەت نەزەرىيىسى بىلەن قوراللىنىشىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ، شۇ يىلى شاڭخەي تىياتىر ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا باردى. ئوقۇشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىن بىر تۈركۈم ئارتىسلارنى يىغىپ 6 ئايلىق تىياتىر نەزەرىيە كۇرسى ئېچىپ، تىياتىر ئىشلىرىنىڭ مۇكەممەل تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. سىراجىددىن زۇپەر ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىنى يەنىمۇ گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن، چەت ئەلنىڭ نادىر ئەسەرلىرىنى كەڭ ئاممىغا تونۇشتۇرۇشنى زۆرۈر دەپ ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيىلىك مەشھۇر دراماتورگ شېكىسپىرنىڭ «گۈلدۈرى بار، يامغۇرى يوق» ناملىق دراممىسىنى شىنجاڭ سەھنىسىدە تۇنجى قېتىم نامايەن قىلىپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. چېن سۈن بىلەن بىرلىكتە «تۇرپان ناخشىسى» ناملىق سەھنە ئەسىرىنى يېزىپ ئۇنى سەھنىلەشتۈردى. ئارقىدىنلا يەنە «يالقۇنتاغ غەزىپى»، «كۈرەش يولى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى سەھنىلەشتۈردى. «ئانارخان» كىنو فىلىمىدە مۇئاۋىن رېژىسسورلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان سىراجىددىن زۇپەر كىنودا رول ئېلىشتىنمۇ چەتتە قالمىدى. ئۇ ئانارخاننىڭ دادىسىنىڭ رولىنى خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداپ ئۆزگىچە خاراكتېرگە ئىگە بۇ بوۋاينىڭ ئوبرازىنى تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا جانلىق نامايەن قىلدى.

يولداش سىراجىددىن زۇپەر سابىق سەنئەت مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ھەم شۇجىسى بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىدىمۇ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئۇ تىياتىر سەنئىتى جەھەتتە پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولغان شىنجاڭدا تىياتىر خادىملىرىنى تەربىيىلەش لازىملىقىنى ھەممە جايدا تەكىتلىدى. ئىلگىرىلەۋاتقان ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن شىنجاڭدا مۇكەممەل بىر سەنئەت ئىنستىتۇتى بەرپا قىلىش لازىم ئىدى. يولداش سىراجىددىن زۇپەر سەنئەت ئىنستىتۇتى قۇرۇشنىڭ تەييارلىق خىزمىتىنى جان تىكىپ ئىشلىدى.

يولداش سىراجىددىن زۇپەر مەملىكەتلىك تىياتىرچىلار جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تىياتىر تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى، شىنجاڭ تىياتىرچىلار جەمئىيىتىنىڭ پەخرى رەئىسى. 1988 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن يولداش سىراجىددىن زۇپەرگە «1 - دەرىجىلىك رېژىسسور» دېگەن كەسپىي ئۇنۋان بېرىلدى. گەرچە ئۇ ھازىر دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، سەنئەت ئىنستىتۇتىدا داۋاملىق تۈردە ئوقۇغۇچىلارغا تىياتىر نەزەرىيىسى بويىچە لېكسىيە سۆزلەش بىلەن شۇغۇللانماقتا. ئۇ يەنە سەنئەتكە ئائىت ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىپ، ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتناشماقتا. يولداش سىراجىددىن زۇپەر ھازىر يېرىم ئەسىردىن بېرى توپلىغان مول تەجرىبىسىنى يەكۈنلەپ ئەۋلادلارغا خاتىرە قالدۇرۇش ئارزۇسىدا جىددىي ئىشلىمەكتە. بىز پېشقەدەم سەنئەتكار، رېژىسسور سىراجىددىن زۇپەرنىڭ سەنئەت ھاياتى توغرىسىدا يېزىلغان تەزكىرىسىنىڭ ئامما بىلەن تېزرەك يۈز كۆرۈشىگە تىلەكداشمىز.

AltunOq

# تىياتىرچىلىقتىكى ئورۇنداش سەنئىتىگە دائىر دىئالېكتىكا توغرىسىدا

**ھېيتەم ھۈسەيىن**

تىياتىرچىلىقتىكى ئورۇنداش سەنئىتىدىمۇ دىئالېكتىك قانۇنىيەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى كۆپلىگەن پېشقەدەم ئارتىسلار ئەمەلىي تەجرىبىسى ئارقىلىق ھېس قىلغان بولسىمۇ، بىر قىسىم ياش ئارتىسلار، بولۇپمۇ كىنو ۋە تىياتىرچىلىق خىزمىتىگە يېڭىدىن قەدەم قويغان تەلەپكارلارنىڭ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچىسى تېخى دېيەرلىك ئېنىق ئەمەس. شۇڭا ئورۇنداش سەنئىتىدىكى دىئالېكتىك قانۇنىيەت ھەققىدە بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشنى زۆرۈر دەپ ھېس قىلدىم.

ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى داڭلىق كىنو، تىياتىر پېشۋالىرى ۋە ئورۇنداش سەنئىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان چولپانلارنىڭ نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ۋە تاماشىبىنلارنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى چېكىدىغان ئۇنتۇلغۇسىز ئوبرازلارنى يارىتالىغانلىقىدىكى سەۋەبلەرنى تەھلىل قىلىدىغان بولساق، بىز ئۇلارنىڭ كەم ئۇچرايدىغان ئۆزگىچە ئورۇنداش ئۇسلۇبىغا ھەمدە كامالەتكە يەتكەن تالانتىغا ئىگە بولغاندىن سىرت، يەنە ئۇلارنىڭ تىياتىر ۋە كىنولاردىكى ئورۇنداش سەنئىتىدە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە دىئالېكتىك قانۇنىيەت ۋە ئۇسۇل ئارقىلىق رېئاللىقمۇ ئۇسلۇب بويىچە ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. شۇڭا ئورۇنداش سەنئىتىنىڭ ئىستىقبالىنى تېخىمۇ شانلىق، تېخىمۇ جۇلالىق قىلىش ۋە ئۇنى يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتۈرۈپ، تۆتتە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئورۇنداش سەنئىتى جەھەتتىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتلەرنى تېپىپ چىقىش يولىدا ئىزدىنىشىمىزغا ۋە ئۇنى سەنئەت ئىشلىرىمىزنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

تارىختىن بۇيان دۇنيا مىقياسىدا ئورۇنداش سەنئىتى بويىچە نۇرغۇنلىغان ئېقىملار مەيدانغا كەلگەن. ئۇلار گەرچە ھەر خىل، ھەر ياڭزا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى مۇجەسسەملىگەندە مۇنداق ئىككى خىل ئېقىمغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

بىرىنچىسى، 19 - ئەسىردە ئۆتكەن فرانسىيە ئارتىسى كىگلان ۋەكىللىكىدىكى ئىپادىلىگۈچى (گەۋدىلەندۈرگۈچى) ئېقىمدىكىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاساسەن ئارتىسلارنىڭ تاشقى ھەرىكەت بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ئارتىسلارنىڭ پېرسوناژلارنىڭ ھېسسىياتىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئەينەن ھالدا تاشقى جەھەتتىن سۈرەتلەپ بېرىشنى، شۇنىڭ

بىلەن بىر ۋاقىتتا باشتىن - ئاخىر سوغۇققان ھالەتنى ساقلاپ قېلىشنى ۋە ئوبراز يارىتىش جەريانىدا ئۆز ھېسسىياتىنى كونترول قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

ئىككىنچىسى، كىگلان بىلەن دەۋرداش بولغان ئىتالىيىلىك مەشھۇر ئارتىس سارۋىنى ۋەكىللىكىدىكى بىۋاسىتە ھېس قىلغۇچى (پېرسوناژلارنىڭ پېسخىكىي سەرگۈزەشتىلىرىنى بىۋاسىتە بېشىدىن كۆچۈرۈش) ئېقىمىدىكىلەر بولۇپ، ئۇلار ئارتىسلارنىڭ سەھنىدە باشتىن - ئاخىر ئۆز رولىنىڭ (پېرسوناژنىڭ) پېسخىكىي سەرگۈزەشتىسى ئىچىدە تۇرۇپ، پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، ھەر قېتىملىق ئويۇندا رولنىڭ ھېسسىياتىنى ئىنتايىن چىنلىق بىلەن ھېس قىلىپ مېڭىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنى ئۇلار ھېسسىياتنى ئىدرەكتىن مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ تەكىتلەيدۇ.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇلۇغ تىياتىر ئالىمى، ئاتاقلىق ئارتىس ۋە رېژىسسور كونستانتىن سېرگېيېۋىچ ستانىسلاۋىسكىي سارۋىنىنىڭ ئورۇنداش سەنئىتى ئېقىمىغا ۋارىسلىق قىلىپ، سەنئەت پائالىيىتى ۋە سەنئەت تەتقىقاتى بىلەن ئۇزۇن يىل شۇغۇللىنىش جەريانىدا ئۆزىگە خاس تىياتىر بويىچە ئورۇنداش سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. ئۇ ئورۇنداش سەنئىتىدە جەزمەن ئىچكى ھېسسىياتنى يەنى ئارتىس ياراتماقچى بولغان ئوبرازنىڭ پېسخىكىي سەرگۈزەشتىسىنى باشتىن كۆچۈرۈشنى ئاساس قىلغان ھالدا، ئىچكى سېزىم ۋە تۇيغۇ جەريانىنى ئارتىسلارنىڭ ئوبراز يارىتىش ئىجادىيىتىدىكى ئاساسلىق باسقۇچ قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئورۇنداش سەنئىتىدىكى بۇ نەزەرىيەسىنى «ھېس قىلىش سەنئەت ئېقىمى» دەپ ئاتىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «ھېس قىلىش» تىن ئىبارەت بۇ سەنئەت ئېقىمى دۇنيا مىقياسىدا زور شۆھرەت قازىنىپ، ئېلىمىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر مۇنچە دۆلەتلەردىكى تىياتىرشۇناسلار ئورتاق قوللىنىدىغان ۋە ئالاھىدە قەدىرلەيدىغان ئىلمىي نەزەرىيىگە ئايلاندى.

بۇ ئىككى خىل ئېقىمنىڭ تۈپلۈك پەرقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئالدىنقىسى تاشقى ھەرىكەت ئىپادىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويسا، كېيىنكىسى ئىچكى ھېسسىيات ئىپادىسىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدۇ. يەنە بىر تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، بىرىنچىسى تاشقى ھەرىكەتنى چىقىش نۇقتا قىلسا، ئىككىنچىسى ئىچكى ھېسسىياتنى چىقىش نۇقتا قىلىدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە ئورۇنداش سەنئىتىدىكى بۇ ھەر ئىككى ئېقىم ئوخشاشلا مۇئەييەن ئىلمىي ئاساسقا ئىگە.

ئەمدى بىز بۇ ئېقىملاردىكى دىئالېكتىك خۇسۇسىيەت ۋە قانۇنىيەتلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، ئۇنى تىياتىرچىلىقتىكى ئورۇنداش سەنئىتىمىزنىڭ ماھارەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئوبدان خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ بىرىنى تەكىتلەپ يەنە بىرىنى چەتكە قاقماسلىقىمىز لازىم.

تىياتىرچىلىقتىكى ئوبراز يارىتىش سەنئىتى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ئالاھىدە بىر خىل پەن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا تۈرلۈك زىددىيەتلەر مەۋجۇت. مەسىلەن، تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت،

ئىپادىلەش بىلەن ھېس قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت؛ ئېپدەك بىلەن ھېسسىيات ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت؛ غەرەز بىلەن غەرەزسىزلىك ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت قاتارلىقلار، ئەمما ئورۇنداش سەنئىتىدىكى توپ زىددىيەت يەنىلا ئارتىس بىلەن رول (پېرسوناژ) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت.

بىزگە مەلۇمكى، ئەدىپلەر كامالەتكە يەتكەن ئۆتكۈر قەلىمىنى قورال قىلىپ، دىلىغا پۈككەن تەپەككۇر جەۋھەرلىرىنى قەغەز يۈزىدە ئىپادىلەپ بېرىدۇ. رەسساملار رەڭدار قەلىمى ئارقىلىق قەغەز ياكى رەختلەرگە نادىر رەسىملەرنى سىزىپ چىقىدۇ. ئارتىسلارچۇ؟ ئۇلار ئىجادكار بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆزىنىڭ چىن ھېسسىياتىنى بەدىنى ۋە ئاۋازىنى قورال قىلىپ تۇرۇپ، ئۆزگىچە ئاڭ - پىكىرگە ۋە روشەن خاراكتېر - خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ئىككىنچى بىر خىل پېرسوناژنىڭ جانلىق ئوبرازىنى يارىتىدۇ.

دېمەك، ئارتىسنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچ تەرەپ بىرلەشتۈرۈلگەن سەنئەت ئىجادىيىتى بولۇپ، ئارتىسلار ھەم ئىجادىيەتچى، ھەم ئىجادىيەت قورالى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يازغۇچى، شائىر ھەم رەسساملارنىڭ ئەسەرى پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن كىتابخانلار بىلەن مەتبۇئات ئارقىلىق يۈز كۆرۈشىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئەسەرى نىسبى ھالدىكى مۇقىملىق ۋە مۇستەقىللىققا ئىگە. بىراق تىياتىر ئارتىسلىرى بولسا تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرۇپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا تاماشىبىنلارنىڭ تاماشا قىلىۋاتقان جەريانى دەل ئارتىسلارنىڭ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان جەريانى بولىدۇ. ئەمما بۇ ئىجادىيەت، يەنى ئارتىسلار تەرىپىدىن يارىتىلغان پېرسوناژلار ئوبرازى تىياتىر تاماملىنىشى بىلەنلا تاماشىبىنلارنىڭ كۆز ئالدىدىن غايىپ بولىدۇ. تىياتىردىن كېيىنكى قۇرۇق كلۇپتا پېرسوناژنى قايتا كۆرگىلى بولمايدۇ. كۆرۈشكە توغرا كەلسە تىياتىرنى ئەتىسى يەنە قايتىدىن كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ، ۋەھالەنكى، بۇ تىياتىرنىڭ ئەتىسىدىكى ئىجادىيەت جەريانى تۈنۈگۈنكى بىلەن بىر قېلىپتا چىقىشى ناتايىن. چۈنكى بۇ تىياتىرنىڭ ھەرخانىك ھالدا يەنە بىر قېتىم تەكرارلىنىشى بولماستىن، بەلكى يەنە بىر قېتىملىق قايتا ئىجادىيەت ھېسابلىنىدۇ. لېكىن يازغۇچىلارنىڭ ۋە رەسساملارنىڭ ئەسىرى ياكى رېژىسسور، ئارتىس قاتارلىق سەنئەت ئەھلىلىرى تەرىپىدىن ئايرىم جاي ۋە سورۇنلاردا (تاماشىبىنسىز) تەييارلانغان ھېكايە فىلىم بولسا مەڭگۈ ئۆز پېتى ساقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنى خالىغان ۋاقىتتا يەنە ئۆز پېتى كۆرگىلى بولىدۇ. مانا بۇ ئالاھىدىلىك تىياتىر ئورۇنداش سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچىلىكى ۋە قىيىنچىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئارتىس بىلەن پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى توغرا تونۇشىمىز، ھەمدە بۇ مۇناسىۋەتتىن كېلىپ چىققان بىر قاتار زىددىيەتلەرنى: مەسىلەن، ئورۇنداش ئۇسلۇبى ۋە ئورۇنداش ماھارىتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىشىمىز لازىم. شۇ چاغدىلا بىز سەھنە ۋە ئېكراندا تۇرمۇشلۇق، جانلىق، تەسىرلىك ۋە شانلىق بەدىئىي ئوبرازلارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتالىشىمىز، روشەن، تېپىك، يارقىن ئوبرازلار ئارقىلىق قايىنام تاشقىنلىق كىشىلىك ھاياتنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىشىمىز مۇمكىن.

شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىر ئارتىسنىڭ پېرسوناژلار ئوبرازىنى تاماشىبىنلارنى مەھلىيا قىلغۇدەك، تەسىرلىك قىلىپ يارىتالىشى، شۇ ئارتىسنىڭ رولغا تامامەن چۆكەلىگەنلىكىنىڭ، يالغاننى راستقا، راستنى يالغانغا ئايلاندۇرالىغانلىقىنىڭ، ئۆزى بىلەن پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالىغانلىقىنىڭ، ئۆزى بىلەن رولدىن ئىبارەت ئىككى گەۋدىنى بىر گەۋدە قىلىپ يۇغۇرالىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.

كەسىپ ئەھلىلىرىگە ئايدىڭكى، ئارتىس سەھنىدە نۇرغۇنلىغان ئەمەلىي تىرىشچانلىق ۋە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش ئارقىلىق ئاكتىق ھالدا ئۆزى ئورۇنداۋاتقان پېرسوناژنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز بېشىدىن كۆچۈرىدۇ. (يەنى ئۆزى يارىتىۋاتقان ئوبرازنىڭ مۇھەببەت ـ نەپرىتى، قايغۇ ـ شادلىق ۋە ھېسسىياتىنى بىۋاسىتە بېشىدىن كۆچۈرىدۇ) رولنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسى، مەنتىق ـ لوگىكىسى ۋە پائالىيەت ئۇسۇلى بويىچە پىكىر يۈرگۈزىدۇ ۋە ھەرىكەت قىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق رول بىلەن ئۆزىنى قەدەممۇ قەدەم يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئۇ ئۆزى بىر ئارتىس بولسىمۇ، لېكىن سەھنىدە ئىككىنچى بىر ئادەمنىڭ ئوبرازى سىياقىدا تاماشىبىنلار ئالدىدا نامايەن بولىدۇ. مانا بۇ ئارتىس بىلەن رولنىڭ بىرلىكى، ۋەھالەنكى، تاماشىبىنلار سەھنىدە كۆرۈۋاتقىنى ئارتىسنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلار تىياتىرنى چوڭقۇرلاپ كۆرۈۋەرگەنسېرى سەھنىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئادەمنى ئارتىس ئەمەس، بەلكى بەدىئىي ئوبراز دەپ تونۇپ، شۇ بەدىئىي ئوبرازنىڭ قايغۇسىغا قايغۇداش، مۇڭىغا ـ مۇڭداش، غېمىگە غەمداش بولۇپ ئېغىر خورسىنىدۇ، جىددىيلىكتىن قولىنى ۋە لېۋىنى چىشلەيدۇ، ھەتتا ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكىدۇ. مانا بۇ سەنئەتنىڭ يۈكسەك بەدىئىي سېھرى كۈچى، ئارتىسلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسىدۇر.

ئەمما شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەككى، پۈتكۈل تىياتىر داۋامىدا تاماشىبىنلار قويۇلۇۋاتقان ئەسەرنىڭ ئويۇن ئىكەنلىكى ۋە سەھنىدىكىلەرنىڭ ياكى ئېكراندىكىلەرنىڭ ئارتىس ئىكەنلىكىنىمۇ تامامەن ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ. ئارتىسلارمۇ ئوبراز يارىتىش جەريانىدا ئىدرەك ئارقىلىق ئۆزىنى تورمۇزلاپ، ئۆزىنىڭ ئارتىسلىقىنى ھەر قاچان ئۇنتۇماستىن، ئەينى ۋاقىتتىكى تېپىك پېرسوناژنىڭ تېپىك مۇھىتتىكى ھېسسىياتى ۋە سۆز ھەرىكەتلىرىنىڭ دۇرۇس بولۇۋاتقان ـ بولمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى ئاكتىق تۈردە نازارەت قىلىپ ماڭىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ ئۈزلۈكسىز بىلدۈرۈۋاتقان ئىنكاسلىرى بويىچە ئۆزىنىڭ ئورۇنداش جەھەتتىكى قىلغان ـ ئەتمىشلىرىنى، سەھنە تېكىستىنىڭ ئورام ـ ئۇرغۇلىرىنى كۆزىتىپ ماڭىدۇ. دېمەك، ئارتىس سەھنىدە بىر تەرەپتىن ئىككىنچى بىر شەخسنىڭ سىياقىدا، رولنىڭ مەنىۋى ھاياتىنى بېشىدىن كۆچۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئاكتىق رەۋىشتە بەدىئىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدۇ. مانا بۇ ئارتىس بىلەن رول ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق. ئورۇنداش سەنئىتىدىكى پۈتكۈل ئىجادىيەت ئەنە شۇنداق قارىمۇ قارشىلىق بىلەن بىرلىك ئۆز ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن ھالەتتە داۋام قىلىدۇ.

جەزمەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، تىياتىر رېئال تۇرمۇشنىڭ قايتا گەۋدىلەندۈرۈلۈشى ۋە ئىنكاسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تۇرمۇشنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس، ئەگەر تىياتىر تۇرمۇشنىڭ نەق

ئۆزى قىلىپ قويۇلسا، بۇ ناتۇرالىزم بولۇپ قالىدۇ ـ دە، ئۇنى بەدىئىي ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە. تىياتىر چىنلىقى تۇرمۇش چىنلىقىدىن كەلگەن ۋە تۇرمۇشنى ئاساس قىلغان، ئەمما بۇ خىل چىنلىق تۇرمۇش چىنلىقى ئاساسىدا كۈچەيتىلگەن، يىغىنچاقلانغان، تىپىكلەشتۈرۈلگەن، مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن، بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن، سەھنە ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان، تاماشىبىنلارنى ئويىپكت قىلغان ۋە شۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەقسەت قىلغان بەدىئىي چىنلىقتىن ئىبارەت.

ئارتىسنىڭ يارىتىۋاتقان ئوبرازى ئارتىسنىڭ ئۆزى بولمىغىنىدەك، ئارتىسنىڭ ئۆزىمۇ يارىتىۋاتقان ئوبرازنىڭ ئۆزى ئەمەس، شۇڭا پېرسوناژلار ئوبرازى ئارتىسلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ ۋە ئۇ راست ـ يالغان ئارىلاشتۇرۇلغان بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. بۇ خىل راست بىلەن يالغان ۋە يالغان بىلەن راست جەمبەرچەس باغلانغان بەدىئىي ماھارەت ۋە قايناق ھېسسىيات شۇ قەدەر تەبىئىي، تۇرمۇشلۇق بولۇشى كېرەككى، ئۇ تاماشىبىنلار سەھنىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تىياتىر پېرسوناژلىرىنىڭ ھەر بىر پائالىيىتىگە تامامەن ئىشىنىشى كېرەك. لېكىن ئورۇنداش تولىمۇ راست بولۇپ كەتسە ئەكسىچە يالغاندەك كۆرۈنۈپ قېلىشى، ھەددىدىن زىيادە يالغان بولۇپ قالسا كىشىلەرنى ئىشەندۈرەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇ ھەقتە مەرھۇم جۇئېنلەي زۇڭلى مۇنداق دېگەنىدى:

«ئارتىسلار ئۈچۈن ئېيتقاندا ئوبيېكتىپ جەھەتتە چىنلىققا، سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئەستايىدىل بولۇشقا، چىنلىقنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئەستايىدىللىق بىلەن رول ئېلىشى ۋۇسۇڭنى ئوينىسا ۋۇسۇڭغا، ساۋساۋنى ئوينىسا ساۋساۋغا ئوخشىشى، بىر قارىسا ئوخشىغاندەك. يەنە بىر قارىسا ئوخشىمىغاندەك سېزىلىشى كېرەك. بۇ ئىككى نۇقتىنى (رول بىلەن ئارتىسنىڭ مۇناسىۋىتى) دىئالېكتىك ئاساستا بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك».

روسىيىدە مۇنداق بىر قىزىق ئىش بولغانىكەن:

روسىيىدىكى سەنئەت دائىرىلىرى ئارتىسلارنىڭ رول ئېلىش ئىقتىدارىنى سىناش ئۈچۈن دۆلەت بويىچە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ئاتاقلىق روس شائىرى ئا. س. پوشكىننىڭ ئوبرازىنى يارىتىش بويىچە مۇسابىقە ئۆتكۈزۈپتۇ. نۇرغۇنلىغان تىياتىر ئارتىسلىرى بەس ـ بەس بىلەن گىرىم قىلىشىپ، سەھنىدە بىر ـ بىرلەپ پوشكىننىڭ رولىنى ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارغا باھالىتىپتۇ. قىزىقچىلىق بولسۇن ئۈچۈن پوشكىننىڭ ئۆزىمۇ تاماشىبىنلارغا ئۇقتۇرماستىنلا سەھنىگە چىقىپتۇ. مۇسابىقە نەتىجىسىدە پوشكىننىڭ رولىنى ئېلىپ چىققان بىر تالانتلىق ئارتىس 1 ـ دەرىجىلىك باھالىنىپ، پوشكىننىڭ ئۆزى بولسا 2 ـ دەرىجىلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قاپتۇ، يەنە ئىككى نەپەر ئارتىس 3 ـ دەرىجىگە مۇۋەپپەق بوپتۇ. تاماشىبىنلار گىرىم قىلىپ چىققان ھېلىقى ئارتىسنى پوشكىنگە بەك ئوخشاپتۇ، دەپ باھالاپتۇ، پوشكىننىڭ نەق ئۆزىنى بولسا گىرىمى ۋە تەقى ـ تۇرقى ئوخشىغان بىلەن، خاراكتېرى ۋە ھەرىكىتى تازا ئوخشىماپتۇ، دېيىشىپتۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، تۇرمۇشنىڭ نەق ئۆزىنى سەنئەت دېگىلى بولمايدۇ، تۇرمۇشنى ئەينى پېتى سەھنىگە كۆتۈرۈپ چىققاندا ياكى تۇرمۇشتىكى ئادەمنىڭ نەق ئۆزىنى سەھنىگە ئېلىپ چىققاندا، تاماشىبىنلاردا چىنلىق تۇيغۇسىنى قوزغىتالىشى ۋە ئۇلارنى ئىشەندۈرۈپ تەسىرلەندۈرەلىشى ناتايىن. يۇقى-

Altun0q

رىدىكى مىسالدىن بىز يەنە مۇنداق خۇلاسىگە كېلىشىمىز مۇمكىنكى؛ گىرىم قىلىپ سەھنىدە پوشكىننىڭ رولىنى ئالغان ئارتىسنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي پوشكىنغا يۈزدە - يۈز ئوخشىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، بىراق بۇ ئارتىس چىراي شەكلى جەھەتتە پوشكىنغا ئانچە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ، لېكىن بەدىئىي ۋاستە ئارقىلىق تۇرمۇشتىكى راست پوشكىننىڭ تۈپكى مىجەز - خۇلقى، خاراكتېرى ۋە سېغىنىش - تۇيغۇلىرىنى سەھنە ھەرىكىتى ئارقىلىق بىر قەدەر چىنلىق بىلەن ئىشىنەرلىك قىلىپ يارىتىپ بېرەلىگەن. نەتىجىدە تاماشىبىنلار ئارتىس ياراتقان يالغان پوشكىنغا ئىشىنىپ، راست پوشكىنغا ئانچە ئىشەنمىگەن. بۇ مىسال ئارتىس بىلەن رول ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەتنى، سەنئەت چىنلىقىنىڭ تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بولغان پەرقىنى، تۇرمۇش بىلەن ئورۇنداش سەنئىتى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشمايدىغان ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئورۇنداش سەنئىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولغان ئىنتايىن مۇرەككەپ، قىيىن بىر خىل يەن ئىككىلىكىنى جانلىق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

80 - يىللارنىڭ مابەينىدە، بولۇپمۇ پارتىيىمىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، ئېلىمىزنىڭ جۈملىدىن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ كىنو - تىياتىرچىلىق ئىشلىرىدا بۇ ساھەدىكى ئىجادىيەت، رېژىسسورلۇق ۋە ئورۇنداش سەنئىتى جەھەتتە زور يۈكسىلىش ۋە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. دەرۋەقە بۇ ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئەمەلىيەت. بىراق بىز باي، مەزمۇنلۇق، رەڭگارەڭ ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزغا نەزەر تاشلاپ، ئاندىن دىققەت - نەزىرىمىزنى تىياتىر سەھنىلىرىگە ۋە كىنو - تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىغا ئاغدۇرىدىغان بولساق، ئەھۋالنىڭ تېخى كەڭ خەلق ئاممىسىنى قانائەتلەندۈرگۈدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز. بولۇپمۇ بىزنىڭ ئورۇنداش سەنئىتىمىزدە يەنىلا ئاددىيلاشتۇرۇش، قېلىپبازلىق، ھېچبىر ئاساسسىز ھالدا يالغاندىن دوراش، ياسىمىلىق خاھىشلىرى ۋە سەھنىدە «مەن رول ئېلىۋاتىمەن»، «مەن قەھرىمان»، «مەن سەلبىي پېرسوناژ» دەپ ھېس قىلىپ، ئۆزىنىڭ پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، نوقۇل ھالدا ئۆزىنىلا نامايەن قىلىش ئۈچۈن زورىقىپ كېتىدىغان خاتا خاھىشلار تېخىچە تۈگىگىنى يوق. بىز تىياتىرچىلىق ساھەسىدە مۇئەييەن مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بولساقمۇ، لېكىن يەنىلا دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىدىن ناھايىتى ئارقىدا قېلىۋاتقىنىمىزنى، ئورۇنداش ماھارىتى جەھەتتە تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردىن تېخى كۆپ تۆۋەن ئىكەنلىكىمىزنى رېئاللىققا يۈز تۇتقان ھالدا، ئوچۇق - يورۇقلۇق ۋە سەممىي پوزىتسىيە بىلەن ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك.

بىز ئورۇنداش سەنئىتى جەھەتتىكى دىئالېكتىك قانۇنىيەتلەرنى ۋە دىئالېكتىك مۇناسىۋەتلەرنى توغرا پەرق ئېتەلەيدىغان، قېتىرقىنىپ تەھلىل قىلالايدىغان، ئىزدىنەلەيدىغان توغرا ئىجادىيەت ئىستىلىنى تۇرغۇزۇپ، خەلق تۇرمۇشىغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خەلق تۇرمۇشىنى پۇختا ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، تىياتىر سەنئىتىدىكى ئورۇنداش سەۋىيىمىزنى دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش يولىدا ھارماي - تالماستىن ئۈزلۈكسىز تۈردە تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز لازىم.



ياسىن ئىمىن

## جۈپ سايە

كۆكتە ھەمرا يۇلتۇز بىلەن ئاي،
باغدا بىللە بىر جۈپ خۇش چىراي.
پىچىرلىشار گۈلنىڭ تۈۋىدە،
قەلبى يۈكسەك غايىلەرگە باي.

بۇلبۇل بىھوش، سايرايدۇ مۇڭلۇق،
كۈتۈپ گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى.
ئېلىپ كېلەر سەلكىن ھەر ياندىن،
جۈپ سايىلەر پىچىرلىشىنى.

نەقرات:
گۈل ئارىلاپ كېلەر جۈپ سايە،
دىلدا تاتلىق، گۈزەل بىر غايە.

## يىپەك پەردە كەينىدە گۈزەل

ياغۇرلۇق تۈن دالا سۈكۈتتە،
يۇيۇنماقتا تەبىئەت شۇ دەم.
قىيا بېقىپ سۆيگۈ ئىلاھى،
شۇ تەرەپكە قويماقتا قەدەم.

نەقرات: يىپەك پەردە كەينىدە گۈزەل،
شۇ گۈزەلگە ياڭراتتىم غەزەل.

تاڭ شەپىقى ئاچقاندا جامال،
مەن كۈلىمەن نۇرنىڭ قوينىدا.
يىپەك پەردە كەينىدە گۈزەل،
ھەسەن - ھۈسەن ئۈنىڭ بوينىدا.

نەقرات: ھەسەن - ھۈسەن يارنىڭ بوينىدا،
مەن كۈلىمەن نۇرنىڭ قوينىدا.

قىيا بېقىپ بىرلا باقتى ئۇ،
خۇما كۆزى سۆيگۈلەر سۇندى.
سۆيۈپ قالدىم ئاشۇ گۈزەلنى،
ئوتتەك لېۋىم لېۋىگە قوندى.

نەقرات: خۇما كۆزى سۆيگۈلەر سۇندى،
ئوتتەك لېۋىم لېۋىگە قوندى.

مۇھەممەتجان ئوسمان

## سىم - سىم يامغۇر

سىم - سىم يامغۇر، چۈشۈپ تىنمىدىڭىز.
يۈزلىرىمگە سۆيدۈڭ ئەجەبمۇ.
لېۋىمگە بۆلۈنۈپ ياتقان،
خىيالىمنى بۆلدۈڭ ئەجەبمۇ.

سىم - سىم يامغۇر، چۈشۈپ تىنمىدىڭىز،
بېرىپ راھەت سەگەتتىڭ مېنى.

تەبىئەتنىڭ مۆجىزىسىگە،
ئاشىق قىلدىڭ، ئەگىتتىڭ مېنى.

سىم - سىم يامغۇر دېرىزە چېكىپ،
ئىلھام بەردىڭ يېڭىچە ماڭا.
يۈيۈپ تۇرغىن ئالەمنى پات - پات،
بوپ كەتمىسۇن كۆكۈللەر قارا.

## سىناق

يالقۇنىدا مۇھەببىتىڭنىڭ،
شۇنچە ئۇزاق كۆيدۈردۈڭ مېنى.
ئەمدى نۆۋەت كەلگەندۇ ماڭا،
جان ئامرىقىم سىناشقا سېنى.

كەل، يۈرىكىم قىپقىزىل بىر چوغ،
تۇتىرۇق بولسۇن جېنىڭغا جېنىم.
چىدالامسەن ئۇلغايتسا قېنى،
ئىشق ئوتىنى يالقۇنلۇق تېنىم.

نەقرات:
شۇنچە ئۇزاق كۆيدۈردۈڭ مېنى،
ئىشقىڭ بىلەن سۆيدۈردۈڭ مېنى.

## پومزەك قىلىپ ئوينىدۇق

ئاق پاختىدەك، ئاپئاق پاختىدەك،
ئاق قار كېلىپ سۆيدى يۈزۈمگە.
كىرپىكلىرىم ئاتقاندەك چېچەك،
بەردى ھۆسۈن ئويناق كۆزۈمگە.

يارىم كۆرۈپ قارلىق دالادا،
قار بوۋايغا ئوخشاپسىز، دېدى.
پومزەك قىلىپ ئاتسام ئاق قارنى،
تىنىم تاپماي قوغلىدى مېنى.

ئاق دالادا كۆڭۈللەر خۇشال،
قارنى پومزەك قىلىپ ئوينىدۇق.
يۈزلىرىمىز قىزاردى گۈلدەك،
كەچ كىرگەننى زادى تۇيمىدۇق.

### تۇراپ دائىم

## مۇھەببەت

كۆز يامغۇرى گۈلزارنى،
ئۆتەر ئىدى قامچىلاپ.
كەتتىڭ يارىم يامانلاپ،
كۆزدىن يېشىڭ تامچىلاپ.

كۆڭلۈك ئېلىپ چىقتىم مەن،
ساڭا دالدا بولسۇن دەپ.
ئىشقىمىزنىڭ گۈللىرى
گۈللەپ ياشناپ كۆلسۇن دەپ.

## ئارغۇ بۇلاق يوللىرى

ئارغۇ بۇلاق تاغلىرى،
ئەگرى - توقاي يوللىرى.
رولنى تۇتقان شوپۇرنىڭ
مەھكەم پولات قوللىرى.

دوقمۇشلاردىن ئايلىنار،
ماشىنىلار بىخەتەر.
نىشانىغا كۆز تىكىپ،
ئالغا باسار بەك چىۋەر.

نەقرات:
يوللۇچىلار خۇش بولسا،
شوپۇر بولار شادىمان.
تۆت پەسىلدە قاتنايدۇ،
بولۇپ ناھىيىسىز قەھرىمان.

ئابلجان ھېيت

## يۇرت سۆيگۈسى

سەن بىلەن ياشايمەن شاد،
جان يۇرتۇم، جانان يۇرتۇم.
سەنسىز ياشىسام بىر كۈن،
رۇخسارىم سامان يۇرتۇم.

مەن سەنسىز ياشار بولسام،
ھىجرىڭگە چىدارمەنمۇ؟
بىر ئۆمۈر سېنى سۆيسەم،
مېھرىڭگە قانارمەنمۇ؟

سەن ئۈچۈن تۆكۈپ تەرلەر،
ئۆتەرمەن خۇشال ھەردەم.
ھۆسنۈڭگە بېرىپ زىننەت،
بەختىڭگە بولاي ھەمدەم.

## يۇرتۇمنىڭ بۇلاقلىرى

ئوخچۇپ - ئوخچۇپ تىنمايدۇ،
يۇرتۇمنىڭ بۇلاقلىرى.
ئەتراپى گۈزەل گۈل - باغ،
ئەركە تۆت قۇلاقلىرى.

پۈتمەس ناخشىنى كۈيلەپ،
سۇلىرى ئاقار ھەريان.
ئۇنىڭدىن ئېلىپ دەرمان،
ئېچىلار گۈلى خەندان.

## سەھرا قىزى

سەھرا قىزى قەلبىم گۈلى،
كېچە - كۈندۈز يادىمداسەن.
ئىشقىڭ دىلدا بولدى يالقۇن،
خۇش ئېچىلدىڭ باغىمداسەن.

سېنىڭ بىلەن ئېتىز - قىرلار،
گۈللەپ بارار، ياشناپ بارار.
ھەر يۈرەكتە قوزغاپ ھەۋەس،
باغلىرىڭدا رەيھان پۇرار.

قەلبىم گۈلى ئىقبال قىزى،
خەلقىم دىلدىن سۆيەر سېنى.
گۈزەل ھۆسنۈڭ، لىۋەن خۇلقۇڭ،
ئوت - پىراقتا سالدى مېنى.

---

(بېشى 102 - بەتتە)

بولۇپ باھالاندى. 1977 - يىلى پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 4 - قېتىملىق سەنئەت كۆرىكىدە ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئارتىس» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ يەنە 1982 - يىلى رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى»، 1984 - يىلى «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى»، 1985 - يىلى رادىئو تېلېۋىزىيە نازارىتى بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باھالاندى. شۇ يىلى يەنە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىدارىلەر كومىتېتى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دەپ نام بېرىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە «ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. 1986 - يىلى ھەربىي سەپتىن يەرلىككە ئالماشقان كادىرلار ئىچىدە «ئۈلگە» بولۇپ مۇكاپاتلىنىپ بېيجىڭدا ئېچىلغان ئىلغارلار يىغىنىغا قاتناشتى.

بىز يولداش خۇرشىدە غوپۇرنىڭ سەنئەت بۇلىقى دەپ نام ئالغان بۇ گۆھەر زېمىنىمىزنىڭ سەنئەتكە باي سەلتەنەتلىك گۈزەل كارتىنىلىرىنى تېلېۋىزىيە ئېكرانىدا يەنىمۇ كەڭ دائىرىدە نامايەن قىلىپ خەلقىمىزنىڭ سەنئەتكە بولغان كۈچلۈك ئىستېتىك تەلىپىنى ئىمكان قەدەر تولۇق قاندۇرۇش يولىدا ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشكە تىلەكداشمىز.

# شىنجاڭنىڭ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى بىناكارلىق سەنئىتى توغرىسىدا



**ھەسەن ئابدۇرېھىم**

ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى شىنجاڭدا ئىسلام دىنى تارقالغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىشىشى، بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرى سۈردى.

شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، ئەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش بېزەكلىرى جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل بىناكارلىق سەنئىتى بىرلا ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. شىنجاڭنىڭ شەرقىدە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى داۋاملىق بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقتىن، ئىدىقۇت شەھىرىنى ئاساس قىلغان بۇددا دىنى ئىبادەتخانا بىناكارلىقى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدى. شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدا قاراخانىلارنىڭ پايتەختى قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى مەيدانغا كەلدى.

قاراخانىلار دەۋرى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئومۇملىشىش دەۋرى بولۇپ، ئىسلام مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئىلىم - مەرىپەتنىڭ گۈللىنىشىگە ئەگىشىپ، دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان مەسچىت، ئۆلىمالار ۋە ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان مەدرىسىلەر قۇرۇلدى ھەمدە ئاتاقلىق ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن نۇرغۇنلىغان سازارلار ياسالدى. مەركىزى شەھەرلەردە پادىشاھ نامىدىكى «خانلىق مەدرىس» ۋە مەسچىتلەر ياسىلىپ تېز ئومۇملىشىپ، يېزا - كەنتلەرگىچە كېڭەيدى. يۈسۈپ قەدىرخان زامانىسىدا قەشقەردە «ساجىيە مەدرىسى» بىنا قىلىنىپ، يۇقىرى ئىلىم - مەرىپەت مەركىزىگە ئايلاندى. ئۇزۇن ئۆتمەي قەشقەردىكى دۆلەتباغدا يەنە «ھەممىدىيە مەدرىسى»، ئوپالدا «مەھمۇدىيە مەدرىسى» بىنا قىلىندى.

قاراخانىلار دەۋرىدە ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى، ئىسلام دىنى تارقىلىشتىن بۇرۇنقى ئەنئەنىۋى بىكارلىق ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئىسلام دىنى قائىدە - يوسۇن، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىسلاھ قىلىش ئاساسىدا راۋاجلاندۇرۇلغان. مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنىڭ پەشتاقلىرى، ئىشىك، دېرىزە ۋە مېھرابلىرىغا ئەگمە چىقىرىشتىن باشقا، ئاساسى قىسمى ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاسا جۈپ تۈز تورۇس قىلىپ ياسالغان.

Altunoq

تۈۋرۈك، لىم، جەگە، هاراق، پارامان ۋە ئىشىكلىرىگە نەقىش ئويۇلغان، تۈۋرۈسلىرىنىڭ خالىرىغا چاسا شەكىللىك ئويۇقچە چىقىرىلغان ۋە رەڭگا رەڭ نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن. دېرىزىلىرىگە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان، مېھراپ ۋە پەشتاق مۇنارلىرى گەچ ئويما نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. مازارلار نىسبەتەن ئاددىي ياسالغان بولۇپ، پادىشاھ ۋە ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ۋاسا جىۋپ تۈز تورۇسلۇق پىشايۋانلارنى ياساپ، ئەتراپىغا ياغاچ پەنجىرە ياكى رەشاتكا ئورنىتىپ توسۇپ قويۇشتىن باشقا، كېسەك ياكى خىش بىلەن قەبرە قاتۇرۇپ، ئالدىغا تۇغ - ئەلەم قاداپ قويۇلغان. مازارلارنى ھەشەمەتلىك ياساش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش، چوقۇنۇش ئادەتلىرى شەكىللەنمىگەن. نەقىش بېزەكلىرى — ياغاچ ئويما نەقىش، گەچ ئويما نەقىش، گۈللۈك خىش ۋە رەڭلىك سىزما نەقىش قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ ئويما نەقىش ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىدە بىناكارلىق سەنئىتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلىپ، ئوردا - ساراي، مەسچىت، مەدرىس ۋە ئولتۇراق قورو - جايلار كۆپ ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغانلىرى ناھايىتى ئاز. ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان ئىسلام ئىمارەتلىرى ئىچىدە بىر قىسىم ئىمارەتلەر (مەسىلەن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپ مازىرى قاتارلىقلار) قاراخانىلار دەۋرىدە ئۆتكەن پادىشاھ ۋە ئاتاقلىق ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ نامىغا ئاتاپ ياسالغان خاتىرە ئىمارەتلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى بىر نەچچە قېتىم رېمونت قىلىش ۋە قايتا ياساش جەريانىدا ئەسلىدىكى ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى قاتارلىقلار ئۆزگىرىپ كەتكەچكە، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. ھازىرقى مەھمۇد قەشقەرى مازىرى روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئايۋان، ئىتىكاپخانا، ھۇجرا، مەسچىت ۋە چوڭ دەرۋازا قاتارلىق ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەردىن تەركىب تاپقان. روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا ۋە ئايۋان ئۆي، كېسەك ياغاچ قۇرۇلمىلىق، ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. لىم، جەگە، هاراق، پارامانلىرىغا ھەر خىل نۇسخىدىكى نەقىشلەر ئويۇلغان. روزى مەرىكىسى ۋە دېرىزىلىرىگە ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىلغان. ئىتىكاپخانا، ھۇجرا ۋە چوڭ دەرۋازا زالى گۈمبەز تورۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. پارامانلاردا ساقلىنىپ قالغان قارا سىيا بىلەن پارس نۇسخىسىدا يېزىلغان بېغىشلىمىلارنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، بۇ مازار ھىجرىيەنىڭ 1245 - يىلى ۋە 1315 - يىلى ئىككى قېتىم رېمونت قىلدۇرۇلغان. رېمونت قىلىش جەريانىدا ئىتىكاپخانا ۋە ھۇجرىسى كېڭەيتىپ ياسالغان. ئەڭ قەدىمكى روزى مەرىكىسى، تىلاۋەتخانا، ئايۋان ئۆيىنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى ئۆزگەرتىلمىگەن. ئەسلىدىكى نەقىش ئويۇلغان لىم، جەگە، هاراق، پارامانلارنىڭ بۇزۇلمىغانلىرى ئۆز پېتى ساقلاپ قېلىنغان. مەھمۇد قەشقەرى مازىرىدىكى ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ۋە گۈمبەز تورۇسلۇق ئىككى خىل ياساش ئۇسۇلى — ئەمەلىيەتتە ئوخشاش بولمىغان ئىككى دەۋردىكى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى مازىرى 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان تارىخىي مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى. 1985 - يىلى

ئەسلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش بېزەكلىرىنى ئۆزگەرتمەسلىك ئاساسىدا قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

ئوپال تەۋەسىدە قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت ئىسلام ئىمارەتلىرىدىن «سەييىدىن بۇزرۇكۋارلىرىم»، «ھەزرىتى پادىشاھىم»، «ئىككى ئىماملىرىم»، «يەتتە قىزلىرىم» قاتارلىق مازارلار ھازىرغا قەدەر ساقلانماقتا. بۇ مازارلارنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى مەھمۇد قەشقەرى مازىرى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

14 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شىنجاڭنىڭ ئىچكى - تاشقى ۋەزىيىتىدە چوڭ ئۆزگىرىش يۈز بەردى. مىلادى 1352 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدى ۋە چاغىتاي ئولۇسىنى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈردى. 1368 - يىلى يۈەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ، مىڭ سۇلالىسى قۇرۇلدى. 1370 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادا تۆمۈر ئىمپېرىيىسى باش كۆتۈرۈپ چىقتى. مىلادى 1380 - يىلى قىدىرخان خوجا بېشبالىق، تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدا ئىسلام ئېچىپ شىنجاڭنى ئىسلام دىنى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ئىسلام دىنى شىنجاڭدا ئاساسلىق دىنغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى. بىناكارلىق تېخنىكىسى تەرەققىي قىلىپ، خىش ۋە كاھىش ئاساسلىق قۇرۇلۇش ماتېرىيالىغا ئايلاندى. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاسا جىرىپ تۈز تورۇس ۋە خىش ياكى كېسەك بىلەن ئەگمە چىقىرىپ گۈمبەز تۇرۇسلۇق قىلىپ ياساش ئۇسۇلى بىرلا ۋاقىتتا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

تۇغلۇق تۆمۈرخان مازىرى 14 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى ياسالغان ئىسلام ئىمارەتلىرى ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە تارىخىي ئىمارەت. ئۇنىڭ تەكشى يۈزى ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە بولۇپ، خىش قۇرۇلمىلىق ۋە گۈمبەز تۇرۇسلۇق قىلىپ ياسالغان. تېمىنىڭ ئارىلىقىغا ئۈستىگە چىقىدىغان پەلەمپەي ۋە ئايلىنىپ ئۆتكىلى بولىدىغان قەۋەتلىك كارىدور چىقىرىلغان. گۈمبەزنىڭ ئېگىزلىكى 14.5 مېتر كېلىدۇ. مازارنىڭ ئالدى تەرىپى ناھايىتى كۆركەم ياسالغان بولۇپ، 20 نەچچە خىل نەقىش ئويۇلغان رەڭلىك كاھىش بىلەن زىننەتلەنگەن. ھەر بىر كاھىش ئۆلچەملىك ۋە نەپىس ئىشلەنگەن بولۇپ، بىر - بىرىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مازارنىڭ ئالدى ئىشىكى ئۈستىدىكى ئەگمىگە ئايەت پۈتۈلگەن كاھىش، ئىككى تەرىپىگە تۇغلۇق تۆمۈرخاننى مەدھىيىلەيدىغان بېغىشلىما پۈتۈلگەن كاھىش، ئىشىك ئۈستىدىكى پەنجىرىنىڭ ئەتراپىغا «الله» خېتى چۈشۈرۈلگەن كاھىش ئورنىتىلغان بولۇپ، پۈتۈن مازارنىڭ ياسىلىش شەكلى ۋە نەقىش بېزەكلىرى ناھايىتى قويۇق دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە قىلىنغان.

يەكەن كونا شەھەردىكى ئازنا مەسچىت مىلادى 1470 - يىللىرى مىرزا ئابابەكرى خان ۋاقتىدا ياسالغان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، ياسىلىش شەكلىنىڭ كۆركەم بولۇشى بىلەن دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇلغان. پۈتۈن مەسچىت ئۇزۇنچاق چاسا شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ ياسالغان. دىئامېترى 2.60 مېتر، ئېگىزلىكى 5.50 مېتر كېلىدىغان 51 كىچىك گۈمبەز ۋە دىئامېترى 7.90 مېتر، ئېگىزلىكى 13

مېتىر كېلىدىغان بىر چوڭ گۈمبەزدىن تەركىب تاپقان. مەسچىت دەرۋازىسى ۋە چوڭ گۈمبەزنىڭ ئالدى تەرىپى پەشتاقلىق ياسالغان ۋە ئۈستىگە مۇنار چىقىرىلغان. ھويلىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرىپىگە پېشايۋان ياسالغان. مەسچىتنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان گۈمبەز ۋە گۈمبەزلەرنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان خىش تۈۋرۈكلەر ئارىسىغا چىقىرىلغان ئەگمىلەر بەلگىلىك گېئومېتىرىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، ياسىلىش شەكلى ۋە قۇرۇلمىسى جەھەتتە ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە.

يەركەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلدى. مازار - ماشايىخلارنى زىيارەت قىلىش، خوجىلارغا چوقۇنۇش پائالىيەتلىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، مازار بىناكارلىقى ئىسلام بىناكارلىقىدا ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىدى.

مىلادى 1533 - يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تۇنجى خانى سۇلتان سەئىدخان ئۆلگەندىن كېيىن، يەكەن كونا شەھىرى ئالتۇن دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانلار قەبرىستانلىقى — «ئالتۇن مازار»، غەرب تەرىپىگە «ئالتۇن مەسچىت» ياسالدى. سۇلتان ئابدۇرىشىتخان دەۋرىدە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرى قايتا كېڭەيتىپ ياسالدى. خوجا مۇھەممەت شېرىپ مازىرى يېڭىدىن ياسالدى. ئابدۇللاخان دەۋرىدە يەكەن جامەسى كېڭەيتىلىپ ياسالدى، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ياغاچ ئويما نەقىش ۋە گەج ئويما نەقىش بىلەن ئىشلەنگەن رەڭدار كاھىش ھەم خىلمۇ - خىل نۇسخىدا ياسالغان ياغاچ پەنجىرىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلەتكەنلىكتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ چاغدا ئىسلام بىناكارلىقى شەھەر بىناكارلىقىدىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنىدى.

چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، ئۆزبېك، تاتار قاتارلىق مىللەتلەر ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام بىناكارلىقى ئومۇميۈزلۈك تەرەققى قىلدى. خۇيزۇلار شىنجاڭغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، خۇيزۇ بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن شىنجاڭدىكى ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مەزمۇنى تېخىمۇ بېيىدى. خۇيزۇلارنىڭ مەسچىت بىناكارلىق سەنئىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى رايونلاردا شەكىللەنگەن ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبى ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققى قىلدى. غۇلجا، ئۈرۈمچى، قارا شەھەر قاتارلىق رايونلاردىكى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان كوچا - مەھەللىلەردە خۇيزۇ مەسچىتلىرى ياسالدى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەسچىت، مەدرىس ۋە مازار بىناكارلىقى ئەنئەنىۋى بىناكارلىق ئۇسلۇبىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا داۋاملىق تەرەققى قىلدى. ئەسلىدىكى مەسچىت، مەدرىس، مازارلار رېمونت قىلىندى ۋە كېڭەيتىپ ياسالدى.

ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە نۇقتىلىق مۇھاپىزەت قىلىنىۋاتقان ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قايتا رېمونت قىلىنغان ياكى يېڭىدىن كېڭەيتىپ ياسالغان. قەشقەردە ھېيتكار جامەسى ۋە ئاپئاق خوجا مازىرى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ ياسالغان ۋە رېمونت قىلىنغان. ئىسكەندەر ۋاڭ مازىرى يېڭىدىن ياسالغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا 40 مىڭ نوپۇسقا ئىگە قەشقەر شەھىرىدە 126 ئورۇندا مەسچىت بولۇپ، ھەر بىر كوچىغا بىر ياكى بىر نەچچە مەسچىت توغرا كەلگەن. يەركەندە خوجا

مۇھەممەت شېرىپ مازىرى ۋە يەكەن جامەسى كېڭەيتىپ ياسالغان. ئابدۇراخمان ۋاڭ مازىرى ۋە بەيسى ھېكىم بەگ مازىرى يېڭىدىن ياسالغان. 576 ئائىلىسى بار خوتەن ناھىيىسىدە 36 مەسچىت بولۇپ، 16 ئائىلىگە بىردىن مەسچىت توغرا كەلگەن. ئۇنىڭ ئىچىدە خوتەن جامە مەسچىتى ئەڭ چوڭ ياسالغان. كۈچاردا جامە مەسچىتى بىلەن رەستە مەسچىتى قايتا كېڭەيتىپ ياسالغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئىلى، ئۈرۈمچى، تۇرپان ۋە قۇمۇل رايونلىرىدا ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتى ئومۇميۈزلۈك تەرەققى قىلىشقا باشلىغان. غۇلجا شەھىرى ئىلىدىكى 9 شەھەرنىڭ بىرى بولۇپ، مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمان شەھىرى دەپ ئاتالغان. شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا غۇلجا مەدرىسى، شەھەر سىرتىغا خۇيزۇ مەسچىتى قاتارلىق 10 نەچچە مەسچىت ياسالغان. تۇرپاندا مىلادى 1778 - يىلى سۇلايمان ۋاڭ مۇنارى ياسالغان. ئۈرۈمچىدە ئىلگىرى كېيىن بولۇپ سەنشى كوچىسى مەسچىتى، ياڭخاڭ مەسچىتى، نەنمىڭ مەسچىتى قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق مەسچىت سېلىنغان. قۇمۇلدا قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقى، تۇغاۋۇق مازىرى، قۇمۇل يېڭى مەدرىسى، ئازنا مەسچىت قاتارلىقلار ياسالغان. قۇمۇل ۋاڭلىرى قەبرىستانلىقىغا 10 ئەۋلاد ۋاڭ ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنغان. ھازىر پەقەت ھېيتگاھ مەسچىت، بېشىرۋاڭ مازىرى، شا مەخسۇت مازىرى ۋە تەيجىلەر مازىرى ساقلىنىپ قالغان.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىناكارلىق تېخنىكىسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ، مەسچىت ۋە مازارلارنىڭ كۆلىمى بارغانسېرى كېڭەيتىلگەن. ياسىلىش شەكلى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈلگەن. پەشتاقلىق چوڭ دەرۋازا ۋە مۇنارلارنى ياساش سەنئىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. رەڭگارەڭ كاھىش ۋە ياغاچ ئويما نەقىش، رەڭلىك سىزما نەقىش، گەج ئويما نەقىش ۋە كۈللۈك خىشلار بىلەن ئىمارەتلەرنى زىننەتلەش ھۈنەر سەنئىتى تەرەققى قىلىپ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن.

× × ×

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ شەكلى ھەر خىل، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ياسىلىش شەكلى، قۇرۇلمىسى ۋە نەقىش - بېزەكلىرى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي شەكىللەرگە ئىگە.

## 1- ئىمارەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى

ئىسلام ئىمارەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ بەلگىلىك قائىدە - يوسۇنى، ئۆرپ - ئادىتى، كونكرېت يەر شارائىتى ۋە ئەمەلىي ئېھتىياجىغا ئاساسەن قانۇنىيەتلىك ھالدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ مەسچىت بىناكارلىقى، مەدرىس بىناكارلىقى ۋە مازار بىناكارلىقى دەپ 3 چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

مەسچىت — مۇسۇلمانلارنىڭ كوللېكتىپ ھالدا دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇھىم ئورنى. ئۇ، شەھەر ۋە يېزا - كەنتلەردىكى مۇسۇلمانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللە، كوچا ۋە ئاممىۋى مەيدانلارغا جايلاشقان. مەسچىتلەرنىڭ دىنىي پائالىيەت-

لەردە تۇتقان ئورنى ۋە كۆلىمىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىگە قاراپ ھېيتگاھ مەسچىت، جامەئە مەسچىت، ئازنا مەسچىت، مەھەللىۋى مەسچىت قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. مەسچىت ئادەتتە چوڭ دەرۋازا، پەشتاق مۇنارى ۋە ئىبادەت زالىدىن تەركىب تاپقان. چوڭ مەسچىتلەر مەدرىس، سەرراپخانا قاتارلىق ئۆي - ئىمارەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، شەرق - غەرپ يۆنىلىشى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسى، دەرۋازا پەشتىقى ۋە پەشتاق مۇنارى مەيدان ياكى كوچىلارغا قارىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، پەشتاق مۇنارى بىلەن دەرۋازا پەشتىقى ئۆز ئارا قوشۇلۇپ پۈتۈن مەسچىتكە نىسبەتەن گۈزەل مەنزىرە ھاسىل قىلغان. ئىبادەت زالى مەسچىت ئىچىدىكى ئاساسلىق ئىمارەت بولۇپ، ئىچكىرى - تاشقىرى ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئىچكى قىسمى تۈۋرۈكلۈك زال بولۇپ، غەرب تەرىپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مېھراپ ۋە مۇنبەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. سىرتقى قىسمى ئالدى ئوچۇق چوڭ كەتكەن پېشايۋان ۋە ئايۋاندىن تەركىب تاپقان. جامەئە مەسچىتلەر مەسچىت ۋە مەدرىس دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئىچكى قىسىمغا مەسچىت، سىرتقى قىسىمغا مەدرىس جايلاشقان.

مەدرىس — ئىسلام ئۆلىمالىرى ۋە ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، پادىشاھ نامىدىكى مەدرىسلەر چوڭ ۋە كۆركەم ياسالغان. شەخسلەر نامىدىكى مەدرىسلەر بولسا، نىسبەتەن كىچىكرەك ياسالغان. مەدرىسنىڭ قۇرۇلمىسى مەسچىتكە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا ۋە تالىپلارنىڭ ئىبادەت پائالىيەتلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان دەرسخانا، ئىبادەتخانا، قىرائەتخانا، مۇددەرىسخانا ۋە سەرراپخانا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مازار ئىسلام تارىخىدىكى ئاتاغلىق پادىشاھ، ئالىم ۋە دىنىي زاتلار دەپنە قىلىنغان ئورۇن بولۇپ، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. يەر ئاستىغا ئۆلگۈچى دەپنە قىلىنغان، يەر ئۈستىگە قەبرە ۋە خاتىرە ئىمارەت ياسالغان. مازار — ئۆلگۈچىنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنىغا قاراپ پادىشاھلار مازىرى، خوجىلار مازىرى ۋە ھەزرىتى موللام مازىرى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. پادىشاھ، خوجا ئەۋلادى، ئالىم ئۆلىمالارنىڭ قەبرىسى چوڭ ۋە كۆركەم ياسالغان، پۇقرالارنىڭ قەبرىسى بولسا، ئۇلارنىڭ مازىرىنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مازار ئادەتتە مازار دەرۋازىسى ۋە روزى مەرىكىسى (قەبرىگاھ) دىن تەركىب تاپىدۇ. كۆلىمى چوڭ بولغان مازارلاردا دىنىي پائالىيەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن تىلاۋەتخانا، ئېتىكاپخانا، مەسچىت، مەدرىس، ھۇجرا قاتارلىق بىر يۈرۈش ئۆي - ئىمارەتلەر ياسالغان ۋە روزى مەرىكىسىنى مەركەز قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

ئىمارەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا ئولتۇراق قورۇ - جاي بىناكارلىقىدىكى «ئايۋان - ساراي»، «باغ - ھويلا» شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئىچكىرى - تاشقىرى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئاساسلىق ئىمارەتلەر بىلەن قوشۇمچە ئىمارەتلەر بىر - بىرىگە ماس ھالدا ئۆز ئارا قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن بىناكارلىق تۈسىنى تەشكىل قىلغان. سىرتقى مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. ئىچىگە كۆل ياكى قۇدۇق قېزىش، ئەتراپىغا دەل - دەرەخ تىكىپ كۆكەرتىش، باغ ياساپ مېۋىلىك دەرەخ ۋە گۈل ئۆستۈرۈش ئارقىلىق گۈزەل سىرتقى مەنزىرە ھاسىل قىلىنغان. بۇ، ئىمارەتلەرنىڭ سىرتقى كۆركەملىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئۇ يالغۇز مۇسۇلمانلار دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئورۇن بولۇپلا

AltunOq

قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر ساياھەت، ئېكىسكۇرسىيە، ھېيت - بايرام ۋە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئاممىۋى مەدەنىيەت ئورنىغا ئايلانغان.

## 2- ئىمارەتلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ياسىلىش شەكلى

شىنجاڭ ئىسلام بىناكارلىقى ياغاچ قۇرۇلما، توپا - ياغاچ قۇرۇلما، خىش - كېسەك قۇرۇلما ۋە ۋاسا جۈپ تورۇس، گۈمبەز - ئەگمە تورۇس، يانتۇ تورۇس قاتارلىق شەكىللەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە ياغاچ قۇرۇلما ۋاسا جۈپ تورۇس ۋە خىش قۇرۇلما گۈمبەز تورۇستىن ئىبارەت ئىككى خىل ياساش ئۇسۇلى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

ۋاسا جۈپ تورۇسلۇق قىلىپ ياساش، ئىسلام بىناكارلىقىدا ئەڭ بۇرۇن تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئېگىز كۆتۈرۈلگەن سۇپا ئۈستىگە چاسا ياكى ئۇزۇنچاق چاسا ياغاچ تۈۋرۈكلەرنى ئورنىتىپ، ئۈينىڭ ئۈستىگە لىم، جەگە ۋە ھاراقلارنى توغرىسىغا تىزىپ ئۆز ئارا قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق ياسالغان، جەگىنىڭ ئۈستىگە باسما - كەۋزە قويۇلغان ۋە ۋاسا تىزىلىپ، لىم ۋە ھاراق ئۈستىگە ناۋا تارتىلغان. بۇ خىل ياساش ئۇسۇلى مەسچىت ۋە مەدرىسىلەرنى ياساشتا كەڭ قوللىنىلغان. قاراخانىيلار دەۋرىدە مازارلارنى ياساشتىمۇ ياغاچ قۇرۇلمىلىق ۋاسا جۈپ تورۇس قىلىپ ياساش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. تۆت ئەتراپىغا ياغاچ رىشاتكا ۋە پەنجىرە ئورنىتىلغان. خىش قۇرۇلما گۈمبەز تورۇسلۇق ئىمارەتلەرنىڭ تەكشى يۈزى تۆت چاسا، ئۇزۇنچاق چاسا ياكى سەككىز قىرلىق ياسالغان. تۆت بۇرجىكىگە ئەگمە چىقىرىش ئارقىلىق يۇمىلاق گۈمبەز چەمبىرىكى ھاسىل قىلىپ، ئۈستىگە گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان. گۈمبەز ئەگمىسى بەلگىلىك گىمونېترىك شەكىلگە ئىگە بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىن مۇستەھكەم، سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن كۆركەم ياسالغان. تەكشى يۈزى نىسبەتەن چوڭ گۈمبەزلەرنى ياساشتا، ئالدى بىلەن ئەگمە تۈۋرۈك ۋە ئەگمە تەكچىلەرنى چىقىرىش ئارقىلىق، يۇمىلاق گۈمبەز چەمبىرىكى ياسالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز ئەگمىسى قوپۇرۇلغان، گۈمبەزنىڭ ئۈستىگە قەپىزەك چىقىرىلغان، تۆت ئەتراپىغا مۇنار ياسالغان. ئېگىز دەرۋازا پەشتىقى گۈمبەز ۋە چوڭ - كىچىك مۇنارلار ئۆز ئارا قوشۇلۇپ گۈزەل سىرتقى مەنزىرە ھاسىل قىلغان.

ئىمارەتلەرنى لايىھەلەشتە قۇرۇلما ۋە ياسىلىش سەنئىتىنىڭ بىرلىكىگە، سىرتقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن كۆركەم بولۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەن. قۇرۇلما جەھەتتىكى ھەر خىل ئۆزگىرىش ئارقىلىق شەكىل كۆركەملىكىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە تۈۋرۈكلىرىنى تۆت قىرلىق، سەككىز قىرلىق، يۇمىلاق ياساش، ئىمارەتنىڭ ئىچكى - تاشقى تاملىرىغا ئەگمە تەكچە، دېرىزە ۋە ھەر خىل نۇسخىدىكى ياغاچ پەنجىرە ئورنىتىش، دەرۋازا پەشتاقلىرىغا مۇنار، ئەگمە تەكچىلەرنى چىقىرىش ئارقىلىق قۇرۇلما جەھەتتىن پۇختا بولۇشقا دەخلى يەتكۈزمىگەن ئاساستا ھەر خىل ئۆزگىرىش ئارقىلىق شەكىل جەھەتتىكى كۆركەملىكنى ئاشۇرۇشتا زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن. كۆلىمى چوڭ مەسچىت ۋە مازارلارنى ياساشتا خىش قۇرۇلما گۈمبەز تورۇسلۇق ۋە ياغاچ قۇرۇلما ۋاسا جۈپ تۈز تورۇسلۇق ئىككى خىل يا-

ساش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن ۋە بىر پۈتۈن بىناكارلىق قۇرۇلمىسىنى تەشكىل قىلغان بولۇپ، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ئارقىلىق بىناكارلىق سەنئىتى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

ئىمارەتلەرنى پۇختا ياساش ۋە يەر تەۋرەشتە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشىك، دېرىزە، گۈمبەز، مۇنار ۋە دەرۋازا پەشتاق ئەگمىلىرىنىڭ ئىتتىرىش كۈچى مەركەزلەشكەن ئورۇنلىرىغا ياغاچ تارتما قويۇلغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە لىم بىلەن چېتىشتۇرۇپ هاراق ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تۈۋرۈك بېشىغا شەرھىپە چىقىرىلغان. ھەم ناھالچە قويۇلغان. تام ئارىلىقىغا تۈۋرۈك ئورنىتىلغان. ئىمارەتلەرنىڭ تۆت بۇرجىكى ۋە دەرۋازا پەشتىقىنىڭ ئىككى يېنىدىكى مۇنارلارمۇ يەر تەۋرەشتىن ساقلىنىش كۈچىنى ئاشۇرۇشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

— مۇنار ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى. ئۇ ئەمەلىي رولى ۋە ياسىلىش شەكلىگە ئاساسەن پەشتاق مۇنارى، مەنزىرە مۇنارى ۋە خاتىرە مۇنارى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. پەشتاق مۇنارى — ئەزان ئېيتىپ مۇسۇلمانلارنى 5 ۋاخ ناماز ئوقۇشقا دەۋەت قىلىدىغان مۇھىم ئورۇن بولۇپ، ئىچىدىكى پەلەمپەي بىلەن ئۈستىگە چىقىشقا بولىدۇ. مەنزىرە مۇنارى — مەسچىت ۋە مازارلارنىڭ پەشتاق دەرۋازىسى ۋە ئاساسلىق ئىمارىتىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ياسالغان بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ سىرتقى كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، بەلكى قۇرۇلما جەھەتتە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ. خاتىرە مۇنارى — ئىسلام تارىخىدىكى ئاتاغلىق شەخسلەرنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ياسالغان. مۇنارلار قۇرۇلما جەھەتتە مۇستەھكەم بولۇپلا قالماستىن، ياسىلىش شەكلى كۆركەم ۋە نەپىس، نەقىش - بېزەكلىرى مول بولۇپ، ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە.

## 3 - نەقىش — بېزەكلىرى

ئىسلام ئىمارەتلىرىنىڭ نەقىش - بېزەكلىرى ناھايىتى مول بولۇپ، ئىمارەتلەرنىڭ ئەمەلىي رولى، قۇرۇلما جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئوخشاش بولمىغان بېزەش ئۇسۇلى ۋە نەقىش شەكلى قوللىنىلغان. ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە ياغاچ ئويما نەقىش، رەڭلىك سىزما نەقىش، خىش قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە خىش ئويما نەقىش، گەج ئويما نەقىش، كاھىش ۋە گۈللۈك خىش ئاساس قىلىنغان. خىش - ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئىمارەتلەردە نەقىش بېزەك ھۈنەر سەنئىتىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغان، ئىمارەتلەرنى زىننەتلەشتە نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۇمۇمغا ئېتىبار بېرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان. دەرۋازا پەشتاقلىرى، گۈمبەز، مۇنار، ئىشىك، دېرىزە، مېھراپ، تۈۋرۈك، لىم، هاراق، جەگە، تورۇسلاردىكى چاساخالىق ئويۇقچە، تۆكلۈك قاتارلىق كۆزگە ئاسان چېلىقىدىغان قىسىملىرى ئالاھىدە نەقىشلەنگەن ۋە نەپىس ئىشلەنگەن.

ئىسلام ئىمارەتلىرىدىكى نەقىش - بېزەكلەر ئاساسەن گېئومېترىك نەقىش، گۈل - گىياھ، ئۈسۈملۈكلەرنىڭ گۈل غۇنچىلىرى، غول يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۆزگەرتىلگەن ياكى

گۈزەللەشتۈرۈلگەن شەكىللىرى بولۇپ، نەقىشلەرنىڭ بەزىلىرى بىر ئېلېمېنتنى مەركەز قىلىپ بىر ـ بىرىگە ماس ھالدا ئىككى يانغا ياكى تۆت تەرەپكە داۋاملاشسا، يەنە بەزىلىرى بىر ئېلېمېنتنى مەركەز قىلىپ يۇمۇلاق، تۆت چاسا، ئۈچ بۇرجەك، رومبا شەكلىدە مۇستەقىل بىر نەقىش بولۇپ شەكىللەنگەن. نەقىشلەرنى ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار بىر ـ بىرىگە ماس ھالدا بىر ـ بىرىنى كېسىپ ئۆتكەن ۋە بىر ـ بىرى بىلەن ئۆز رېتىمى بويىچە باغلانغان. نەقىشنى ھاسىل قىلغۇچى سىزىقچىلارنىڭ زىچ ـ شالاڭلىقى، ئېلېمېنتلارنىڭ ئاددىي ـ مۇرەككەپلىكى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قاتار قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، قارىمۇ قارشى ئورۇنلاشتۇرۇش، ئۇلاپ داۋاملاشتۇرۇش، كېسىشتۈرۈش ۋە ئايلاندۇرۇش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئۆزگىرىشچان ھەم بىر پۈتۈن نەقىش قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

نەقىش نۇسخىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئېلېمېنتلارنىڭ تۈزۈلۈش شەكلىگە ئاساسەن غۇنچە، چېچەك، ياپراق، ئۈزۈم، بادام، ئانار، سۈخەر، يازا، كۆركۆل، زەنجى، توقۇناق، خۇنچا، شەددە، پىلتە، ناۋا، ئېسىلما، كەكىلىك قېشى قاتارلىق بىر نەچچە 10 خىلغا ئايرىلغان. نەقىشلەرنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان شەكىللەرنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىشلىتىلىش ئورنىغا ئاساسەن كۆپۈشەك نەقىش، نەمۇيەن نەقىش، گىرۋەك نەقىش، سەرراپ نەقىش، ھاراق نەقىش، تۈۋرۈك نەقىشى، جەگە نەقىشى، مېھرابچە نەقىش قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن. نەقىشلەرنى ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتىمۇ ھەر خىل بولۇپ، تەكشى يۈزلۈك سىزما نەقىش، تەكشى يۈزلۈك ئويما نەقىشلەر كۆپرەك قوللىنىلغان ھەم كۆپتۈرمە ئويما نەقىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغان.

ئىسلام بىناكارلىق سەنئىتىنىڭ مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكى نەقىش بېزەكلىرىدە شەكىل بىلەن مەزمۇن ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن. بۇ خىل ئالاھىدىلىك نەقىش بېزەكلىرىنىڭ شەكلى، رەڭگى ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدا جانلىق ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ، ئىمارەتلەرنىڭ كۆركەملىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىشلىتىش قىممىتىنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. مازار ۋە قەبرىلەرنىڭ نەقىش ـ بېزەكلىرى نىسبەتەن مول بولۇپ، ئاق، كۆك، يېشىل، توپا رەڭلەرنى ئاساس قىلغان. مازارنىڭ دەرۋازا پەشتىقى، مۇنار، ئىشىك، قەبرىلەردىكى گەج ئويما نەقىش، كاھىش، خىش ئويما نەقىش ۋە پەنجىرىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىغا قۇرئان ئايەتلىرى ھۆسن خەت ئۇسلۇبى بىلەن ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ يالغۇز نەقىش بېزەكلەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتۈن ئىمارەتنى ناھايىتى قويۇق دىنىي تۈسكە كىرگۈزگەن. مەسچىت ۋە مەدرىسەلەرنى زىننەتلەشتە نەقىش ـ بېزەكلىرى ئازادە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، دەرۋازا پەشتىقى، پەشتاق مۇنارى، لىم، جەگە، ھاراق، تۈۋرۈك، مېھراپ ۋە چاسا خالىق ئويۇقچىلارنى ئاساس قىلىنغان. كۆك، يېشىل، كارىشناۋاي، ياغاچ رەڭ قاتارلىق ئوچۇق ۋە ئىللىق رەڭلەر كۆپرەك ئىشلىتىلگەن. نەقىش بېزەكلىرىنى ئىشلەش ھۈنەر ـ سەنئىتى يۇقىرى، قۇرۇلمىسى جانلىق، شەكلى كۆركەم ۋە نەپىس بولۇپ، كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش ۋە زوقلاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە.

# شان-شۆھرەت تىنىمسىز مېھنەتتىن كېلىدۇ

**ھەبىبە نىياز**



غايە بولمىسا، يەنى بىر خىل ياخشى ئارزۇ- ئۈمىد بولمىسا، ئۇ چاغدا مەڭگۈ ياخشى رېئاللىقمۇ بولمايدۇ.

— دوستويېۋسكى

مەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا بېرىپ سەنئەت بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىگە كەلدىم. ئىشىك قىيا ئوچۇق تۇراتتى. بۆلۈم خادىملىرى جىددىي خىزمەت ئىشلەۋاتقانلىقتىنمىكىن ئىشىك چەككىنىمنىمۇ تۇيماي قالدى. مەن جاۋاب كۈتمەيلا بۆلۈمگە كىردىم – دە، تەكلىپ قىلىنغان ئورۇنغا ئولتۇردۇم.

ئۆز ۋەزىپىسىنى تولۇق چۈشەنگەن، تەشكىللاتچان، ئىقتىدارلىق مۇئاۋىن بۆلۈم مۇدىرى خۇرشىدە غوپۇر يولداشلارغا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ بۇ قېتىمقى ۋەزىپىنىڭ خاراكتېرىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: — ئىستانسىمىز رەھبەرلىكى مۇزاكىرىلىشىپ قەشقەرنىڭ يولى يىراق بولغاچقا لېنتىغا ئېلىش ماشىنىسىنى بىزگە بېرەلمەيدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. شۇڭا قەشقەرگە ئاپىرىشقا تېگىشلىك بارلىق ئاپپاراتلارنى ئوبدان تەكشۈرۈپ، ئۇسكۈنىلەرنى ئەسلى پىلاندىكىدىن ئارتۇغراق ئېلىۋالايلى،— دېدى. ئارقىدىن كىردىمچى قىزغا قاراپ،— سىز قىزلارنىڭ ۋە ياشلارنىڭ كىيىم بوياقلىرىدىن يېتەرلىك ئېلىۋېلىڭ،— دەپ ئەسكەرتتى. يولداش خۇرشىدە يەنە: بۇ قېتىمقى «نورۇز بايرىمى» غا بېغىشلانغان بەدىئىي فىلىمنى لېنتىغا ئېلىش خىزمىتى ئۈچۈن قەشقەر ۋىلايىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار نۇرغۇن پۇل ئاجراتتى. بىز ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن كەمچىل نەرسىلەر توغرۇلۇق ئېغىز ئاچساق بولمايدۇ، شۇڭا ئېلىۋېلىشقا تېگىشلىك ئاپپارات مەنقۇلاتلارنى تولۇق ئېلىۋېلىشىمىز، پۇختا تەييارلىق بىلەن يولغا چىقىشىمىز لازىم،— دېدى.

خۇرشىدەنىڭ تەمكىن، چۈشىنىشلىك ۋە كەسكىن ئېيتىلغان ھەر بىر جۈملە سۆزىنى ئاڭلىغىنىمىزدا ئۇنىڭ ئۆز زىممىسىگە يۈكلەنگەن خىزمەت ۋەزىپىسىگە نىسبەتەن نەقەدەر ئەستايىدىل ھەم ئىنچىكىلەپ مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. كىشى ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇنلىغان ئەگرى – توقاي، ئوڭغۇل – دوڭغۇل زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. ئىرادىسى مۇستەھكەم كىشىلەر ھەر قانچە مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنىمۇ مۇۋاپىق ھەل قىلىپ كۆزلىگەن مەقسىتىگە ھامان يېتەلەيدۇ. شۇڭا جەمئىيىتىمىزدىكى ھەر قايسى ساھە ۋە ھەر قايسى

كەسپلەر بويىچە نۇرغۇنلىغان پروفېسسور ۋە ئىقتىدارلىق كىشىلەر بارلىققا كېلىپ، خەلقىمىز ئۈچۈن نى - نى ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلدى. جۈملىدىن ئۇسسۇل كەسپىدىمۇ نۇرغۇنلىغان تالانتلىق ۋە ئىقتىدارلىق ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسلىرى مەيدانغا كېلىپ ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرۈش ۋە يېتىشتۈرۈش يولىدا كۆپلەپ ئەجىر قىلدى. ئۇسسۇل كەسپىمۇ سەنئەتنىڭ باشقا تۈرلىرىگە ئوخشاشلا ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغان مۇستەقىل كەسىپ بولۇپ، ئۇ نازاكەتلىك، ئويناق، چەۋەندار خۇسۇسىيىتى ئارقىلىق كىشىگە ئىستېتىك زوق بەخىش ئېتىدۇ. بىراق بەزى كالتە پەم ئادەملەر ئۇسسۇل كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا توغرا مۇئامىلە قىلمايدۇ. ئۇلار، ئۇسسۇل ئۆگەنگۈچىلەر كىچىككىدىنلا شۇ كەسىپكە كىرىشكەنلىكتىن يېشى چوڭايغاندا كەسپىنى ئۆزگەرتسە، باشقا ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ، ئۇسسۇلچىلار زادى ئىستىقباللىسىز ئادەملەر دەپ قارايدۇ. ئۇلار كۆپ ساندىكى ئۇسسۇلچىلارنىڭ ماركسىزملىق سەنئەت نەزەرىيىسىنى ۋە سەنئەت قانۇنىيەتلىرىنى پۇختا ئىگىلىگەنلىكىنى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتتىن قورقمايدىغان پولاتتەك قەيسەر ئىرادىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

يولداش خۇرشىدە غوپۇر ئۇسسۇل كەسپى بىلەن شۇغۇللانغان ئون نەچچە يىللىق سەھنە ھاياتىدا يالغۇز ئۇسسۇل ماھارىتىنى قاتتىق تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، سىياسىي - ئىدىيىۋى جەھەتتە ۋە ماركسىزملىق سەنئەت نەزەرىيىسى جەھەتتىمۇ پۇختا تەربىيىلىنىپ، ئەتراپلىق يېتىلگەنلىكتىن ئۇسسۇل كەسپىنى ئۆزگەرتىپ تېلېۋىزىيە سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىنمۇ بۇ يېڭى كەسىپكە تېزدىنلا ماسلىشىپ، ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ھەممىگە قادىر كەسىپ ئەھلى ئىكەنلىكىنى ھەقلىق يوسۇندا نامايەن قىلدى.



خۇرشىدە 1964 - يىلى قەشقەردە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىدا شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئۇسسۇل ئەترىتىگە قوبۇل قىلىندى. بەستى - بويى ئاجايىپ كېلىشكەن بۇ سۇباتلىق قىز قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ئۇسسۇلنىڭ ئاساسىي ماھارەت بىلىملىرىنى پىششىق ئىگىلەپ «قوشۇنىمىز قۇياشقا باقىدۇ» ناملىق چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىرغا قاتناشتى. ئۇ قىسىملارغا بېرىپ ئويۇن قويۇش جەريانىدا ئۆمەكتىكى نەچچە يىل مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن پېشقەدەم ئارتىسلاردىن كىچىك پېئىللىق بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگەندى. 1965 - يىلىدىن باشلاپلا ئۇ چوڭ - كىچىك

AltunOq

ئويۇن قويۇش ۋەزىپىلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقىشقا باشلىدى. خۇرشىدە ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە ئاساسىي ماھارەت مەشىقىنى قەتئىي توختىتىپ قويمىدى. شۇڭا ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆمەكتىكى ئاساسلىق ئۇسسۇلچىلاردىن بولۇپ قالدى، ئارمىيىدىكى ھەربىي تۇرمۇش بۇ نازاكەتلىك مۇلايىم قىزنىڭ ئەخلاقلىق، ئىرادىلىك بولۇپ يېتىلىشىگە ئوبدان ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. 1972 - يىلى ئۇ «مۇشۇنداق مەشىق ياخشى» ناملىق ئۇسسۇللۇق تىياترغا قاتنىشىپ ئۇسسۇل ئىجرا قىلىشتا زۆرۈر بولغان ئورۇنداش ماھارىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەل ئىگىلىدى. ئۇ 1977 - يىلى پۈتۈن ئارمىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن 4 - قېتىملىق سەنئەت كۆرىكىدە «قايماق چاي»، «ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا»، «پامىر خۇشاللىقى» قاتارلىق كوللېكتىپ ئۇسسۇللارغا قاتنىشىپ كۆرەك ئىشخانىسى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر ئارتىس» دېگەن نام بىلەن مۇكاپاتلاندى.

يولداش خۇرشىدە مۇشۇنچىلىك قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە كەسىپ جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن دائىم تىلغا ئېلىنىپ تەقدىرلىنىدىغان بولۇپ قالدى. «تاما - تاما كۆل بولار» دېگەندەك خۇرشىدە ئەمەلىيەتتە ئۇسسۇل ئويناش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن بارا - بارا ئۇسسۇل ئىجادىيىتىگىمۇ ئۆزلۈكىدىن كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۇسسۇل ئىجادىيەتچىسى خې مىنداۋ بىلەن تەۋۋەنگە چۈشۈپ تۇرمۇش ئۆگىنىپ، ئىككىسى بىرلىكتە «مۇز تاغ باغرىدا باھار»، «ئىشچىلار ئۇسسۇلى» قاتارلىق ئۇسسۇللارنى ئىجاد قىلدى. خۇرشىدە يەنە 8 يۈرۈشلۈك مىللىي ئۇسسۇل مەشىق ھەرىكەتلىرى بىرىكمىسىنى تۈزۈپ چىقىپ، ئۆمەكتىكى ئۇسسۇلچىلارغا ئۆگەتتى. تېخى يېقىندىلا باشقىلاردىن ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرىنى ئۆگىنىۋاتقان بۇ زىرەك قىزچاقنىڭ، نۇرغۇن ھەرىكەت بىرىكمىلىرىنى ئىجاد قىلىپ باشقىلارغا ئۆگىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پېشقەدەم ئارتىسلار ئۇنىڭ مۇستەھكەم، قەيسىرانە ئىرادىسىگە ۋە يېتۈك ئىقتىدارىغا ئاپىرىن ئوقۇپ ئۇنىڭغا قىزغىن ئىلھام بەردى ۋە ئۇنىڭ پارلاق ئىستىقبالىدىن زور ئۈمىد كۈتتى.

خۇرشىدەدىكى سەنئەتكە بولغان ئاتەش مۇھەببەت، يۈكسەك ئۈمىدۋارلىق ئۇنى كەسپىي جەھەتتىنلا ئەمەس بەلكى ئىدىيىۋىي ئەخلاق جەھەتتىنمۇ نۇرلۇق يولغا يېتەكلىدى. ئۇ 1978 - يىلى شەرەپ بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئەزا بولۇپ كىردى. ئۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى بۇ زور ئىشنى خەلق ۋە پارتىيە ئالدىدا زىممىسىگە ئالغان مۇقەددەس بۇرچى ۋە ۋەزىپىسىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقى، دەپ ھېسابلاپ، تۇرمۇش ۋە خىزمەت جەريانىدا يولۇققان ھەر قانداق بىر ئىشقا نىسبەتەن كوممۇنىستىك ئاڭ يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلدى ھەمدە ھەر قانداق بەسى مۈشكۈللەرگە دۇچ كەلسىمۇ ئۇنىڭغا قىلچە باش ئەگمىدى. ئۇ شىنجاڭ ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكىدىن شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا يۆتكىلىپ بېرىپ ئارىدىن بىر يىل ئۆتمەيلا — رېژىسسورلۇق قىلىش، كىرىشتۈرۈش قاتارلىق كەسپچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان تېخنىكىۋىي بىلىملەرنى تېزدىنلا ئىگىلەپ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ئىشلىيەلەيدىغان سەۋىيىگە يەتتى، 1981 - يىلىدىن 1989 - يىلىغىچە بولغان 8 يىل ئىچىدە 500 دىن ئارتۇق ناخشا - ئۇسسۇل نومۇر-

لىرىنى ۋە يەنە «مۇقام ئۇستازى»، «مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن»، «سىز بىزگە ئىشىنەمسىز»، «مۇقام ئەجدادلىرى»، «غۇنچەم»، «كۆمۈلمەس ئىزلار»، «كۈتۈلمىگەن توي» قاتارلىق چوڭ تىپتىكى تىياتىرلارنى لېنتىغا ئېلىشقا رېژىسسورلۇق قىلدى. ئۇسسۇللۇق تىياتىر، دراما، ئوپېرا، كومېدىيە، سىمفونىيە قاتارلىق ھەر خىل ژانىردىكى سەنئەت نومۇرلىرىغا رېژىسسورلۇق قىلىش جەريانىدا ئۇ ئۆزىگە خاس بولغان ئالاھىدە ئۇسلۇب يېتىلدۈرۈپ ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن تالانتىنى يەنە بىر قېتىم نامايەن قىلىپ، تېلېۋىزىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ رېژىسسورلۇق قىلغان تېلېۋىزىيە نومۇرلىرى خۇددى رەڭگارەڭ ئېچىلغان خۇشپۇراق گۈللەردەك ئاممىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. خۇرشىدە رېژىسسورلۇق قىلىش جەريانىدا يولۇققان قىيىنچىلىقلار ۋە تەسىراتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مەن دەسلەپتە ئۇسسۇل كەسپىنى سەنئەت، دەپ ھېس قىلغان ئىكەنمەن، ئەمدى ئۇسسۇل ساھەسىدىن چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن سەنئەت ئالىمىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يېتىۋاتىمەن. ئۇسسۇلچى بولۇشتا باسقان قەدىمىم بۇ پايانسىز ئالەمگە چىقىشىمنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ئىكەن. تېلېۋىزىيە سەنئىتى بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەنئەت بولغاچقا ھەر قايسى تۈرلەر بويىچە ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ ئىشلەش ئۈچۈن ئەتراپلىق بىلىم كېرەك ئىكەن، بولمىسا، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدىكەن.»

سەھنە سەنئىتى بىلەن ئېكران سەنئىتى تولىمۇ پەرقلىق بولۇپ نۆۋەتتە بۇ ساھەدىكى مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار خېلىلا كەمچىل، نەزەرىيىنى پۇختا ئۆگىنىپ نۆۋەتتىكى ۋەزىيەت ۋە كەڭ تاماشىبىنلار تەقەززا بولۇۋاتقان مول سەنئەت نومۇرلىرىنى تەييارلاپ چىقىش ئۈچۈن ماتېرىيال قىيىنچىلىقىنى يېڭىپ، ئەتراپلىق ئىزدىنىش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ جاپالىق ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

ئىزدىنىش — يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاچقۇچى. ئىزدەنمىگەندە ۋەزىيەت تەرەققىياتىنى توغرا ئىگىلىگىلى بولمايدۇ. قېتىرقىنىپ ئىزدەنمەستىن باشنى چۆكۈرۈپ قارىغۇلارچە ئىشلىگەندە تېلېۋىزىيە خىزمىتىگە جەزمەن نۇقسان يېتىدۇ. خۇرشىدە بۇنىسىنى ناھايىتى ئوبدان چۈشىنەتتى. شۇڭلاشقا بۇ خىزمەتلەردە نەتىجە كۆرۈلگەندە مەغرۇرلۇق ۋە قانائەتلىنىشتىن ساقلىنىپ ئىزچىل تۈردە ئىزدەندى. لېنتىغا ئېلىشقا دائىر خىزمەتلەر ھەقىقەتەنمۇ مۇرەككەپ ھەم تەس ئىش. ھەر قەدەمدە توسالغۇلارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. 5 مىنۇتلۇق بىر ئۇسسۇلنى لېنتىغا ئېلىش ئۈچۈن ئارتىس بىلەن ئالاقىلىشىشتىن سىرت يەنە كىيىم - كېچەك، مۇزىكا، دېكوراتسىيە، لېنتىغا ئېلىنىدىغان جاي قاتارلىق بىر - بىرىگە چېتىشلىق بولغان



ئىشلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ ئىشلار ھەددىگە ئىدە بىر - بىرىگە ماس كېلەۋەرمەيدۇ. دېمەك ئەنە شۇ خىل داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدىغان توسالغۇلارنى بىر - بىرلەپ يېڭىپ ھەل قىلالىغاندا ئاندىن يېرىم سائەتلىك بىر نومۇر مۇكەممەل ھالدا ۋۇجۇتقا كېلىپ ئېكراندا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ. خۇرشىدەنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە مۇشۇنچىۋالا زور نەتىجىلەرگە مۇۋەپپەق بولالىشىنى ئۇنىڭ زېرىكمەي - تېرىكمەستىن ئۈزلۈكسىز تۈردە جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرگەنلىكىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

1983 - يىلى قەشقەر ۋىلايىتىدە 12 ناھىيە بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت كۆرىكىگە ئاپتونوم رايونلۇق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ لېنتىغا ئېلىش گۇرۇپپىسى قاتناشقانىدى. خۇرشىدەنىڭ رېژىسسورلىقىدىكى بۇ گۇرۇپپا كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ لېنتىغا ئېلىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ قىلچە ئارام ئالماستىن دائىم ئارىلاپ يۈرۈپ ئارتىسلار بىلەن ئالاقە قىلىپ، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىنچىكە ھەم پۇختا ئىشلىدى. رەسمىي ئىش باشلانغاندا بەزى نومۇرلارنى قايتا - قايتا ئېلىشقا توغرا كېلەتتى. بەزى كۈنلىرى ئۇلار تاكى تاڭ ئاتقىچە تىنىم تاپماستىن جاپالىق ئىشلەپ، لېنتىغا ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورۇندىدى.

1985 — 1986 - يىللىرى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەتلەر تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىم «دۇلدۇل» مۇسابىقىسىدا، خۇرشىدە رېژىسسورلۇقىدا ئىشلەنگەن بەدىئىي فىلىملاردىن «تەڭرى تاغ سىمفونىيىسى» بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «بايرام ناۋاسى» 2 - دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1984 - يىلى خۇرشىدەمۇ قاتناشقان غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە بىرلىشىپ ئىشلىگەن چوڭ تىپتىكى تېلېۋىزىيە بەدىئىي فىلىم — «غەربىي دىيار ناخشىسى» مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا قويۇلۇپ «ئىتتىپاقلىق» مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. يەنە خۇرشىدە رېژىسسورلۇق قىلىپ ئىشلەپ چىققان «ئۇسسۇل چولپىنى» قاتارلىق بىر قانچە سائەتلىك مەخسۇس ناخشا - ئۇسسۇل فىلىملىرىمۇ مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ۋە باشقا قېرىنداش ئىستانسىلار بىلەن ئالماشتۇرۇلدى. شۇنداقلا بۇ فىلىملار چەت ئەللەردىمۇ ئۆزىنىڭ بەدىئىي جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بىلەن زور شان - شۆھرەت قازاندى.

شۇنىڭدەك ئۇ يەنە ئىشلىگەن «باغۋەن ۋە غۇنچىلار»، «شىنجاڭنى سۆيىمەن» تېمىسىدا قوبۇل قىلىنغان ناخشىلار، «ئانا يۇرتقا مۇھەببەت»، «باھار بەزمىسى»، «نوزۇز چاچقۇسى»، «يەردە سانا، كۆكتە ناۋا» ۋە «نورۇز بۇلاق» قاتارلىق بەدىئىي فىلىملارمۇ كەڭ ئاممىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

دېمەك، خۇرشىدە غۇپۇر ئىشلىگەن ھەر بىر بەدىئىي فىلىم خەلقىمىزنىڭ ھېيت - بايراملىرىدىكى خۇشاللىقلىرىغا تېخىمۇ خۇشاللىق بېغىشلىدى. يۇقۇرىدىكى فىلىملەرگە بېرىلگەن ياخشى باھا ۋە تەبرىك خەتلىرى تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا ئارقا - ئارقىدىن ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇردى.

يولداش خۇرشىدە سەنئەت سېپىدە ئىشلىگەن 25 يىل جەريانىدا نۇرغۇن قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشتى؛ ئۇ 1968 - يىلى ھەربىي رايون سەنئەت ئۆمىكى بويىچە «ئۆگىنىش ئىلغارى»

(ئاخىرى 88 - بەتتە)

# نەيچىلىكنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى توغرىسىدا

**ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم**

نەي ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈچ مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە، قەدىمكى چالغۇلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر مۇزىكىلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ كەلمەكتە.

مەن تۆۋەندە نەينىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى توغرىسىدا جۈملىدىن نەي تۈرۈبىسىنىڭ ئۈستۈنكى (باش) قىسمىنى قانداق ئىشلىتىش، قانداق پايدىلىنىش، ھەم ئۇنى قانداق ئۆزگەرتىش توغرىسىدا بەزىبىر كۆز قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

## 1. نەي تۈرۈبىسىنىڭ ئۈستۈنكى (باش) قىسمىدىن پايدىلىنىپ، پۈشتەك نەي ياساش توغرىسىدا

بىز چوڭ ياكى كىچىك تېپتىكى مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئورۇنداۋاتقان چېغىمىزدا ئەسەرنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن بەزىدە تەبىئەت مەنزىرىسى ياكى ھەر خىل جان - جانىۋارلارنىڭ سايراشلىرىنى ئىپادىلەشكە توغرا كەلسە، قولىمىزدىكى نەينى قويۇپ تۇرۇپ ئىسقىرتما نەي ياكى باشقا بىرەر مۇۋاپىقراق بولغان نەرسىنى ئېلىپ، شۇ تەبىئەت مەنزىرىسىنى كۆيلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. بۇنداق قىلىش سەھنە ئىستىلىغا مۇۋاپىق كەلمەيلا قالماستىن، بەلكى ئويۇن كۆرگۈچىلەرگىمۇ ياخشى تەسىر بەرمەيدۇ. بىز بۇ خىل ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، نەي تۈرۈبىسىنىڭ باش تەرىپىدىن پايدىلىنىپ، پۈشتەك نەي ياسىۋالساقلا ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.

## 2. پۈشتەك نەي ياساشقا نېمىلەر كېتىدۇ؟

پۈشتەك نەي ياساشقا پەقەت تۆشۈك ئاچىدىغان بىر دانە قىرلىق ئۆشكە (1 - رەسىمگە قارالسۇن) بىلەن بىر دانە قاپلانما تەگشەك ياساشقا ئىشلىتىدىغان يۇمشاق پورياغاچ ياكى كىچىك دورا بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىلا بولسا كۇپايە.

تۆشۈك تېشىدىغان قىرلىق ئۆشكىنى ياسىۋېلىش بىر قەدەر ئاسان بولۇپ، بىز ئالدى بىلەن F ياكى G كۆيلىك نەينىڭ تومىلىقى بىلەن ئوخشاش بولغان ياغاچتىن 5 سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتا كېسىۋېلىپ، قالپىقى كېسىپ تاشلانغان يېرىم تال چوڭ مىقنى شۇ كېسىۋېلىنغان ياغاچقا قېقىپ كىرگۈزۈپ، مىدىرلىمىغىدەك چىڭ تىك ھالەتكە كەلتۈرىمىز. ئاندىن مىقنىڭ چىقىپ تۇرغان ئۇچىنى بولقا بىلەن ئۇرۇپ ياپىلاق شەكىلگە كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئىگەك بىلەن ئىگەكلەپ سىلىقدايمىز. مىقنىڭ سىلىقلانغان قىسمىنى يەنە ئىگەكلەپ ئۈچ تال چىش چىقىرىپ، بۇ ئۈچ تال چىشنىڭ ھەممىسىنى ئۇچلۇق، قىرلىق ھەم ئۆتكۈر ھالەتـ

1-رەسىم . قىرلىق ئۈشكىنىڭ ياسىلىش شەكلى



كەلتۈرىمىز. مانا بۇ «قىرلىق ئۈشكە» بولۇپ، ئۇنىڭ نۇمۇنىسى شەكلىنى 1 ـ رەسىمدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ بىزنىڭ نەيلەرگە قىرشۇمچە تۆشۈك ئېچىش ياكى پۇشتەك نەيگە پۈۋلەش تۆشۈكى ئېچىشقا ئىشلىتىدىغان بىردىنبىر مۇھىم قورالىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قىرلىق ئۈشكىنىڭ ئۈچ چىشىنىڭ ئېگىز ـ پەسلىكى بىر خىل تەكشىلىكتە بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چىشى ئېگىزرەك بولۇپ، ئىككى تەرىپىدىكى چىشى پەسرەك ھەم بىر پاراللېل بولۇشى كېرەك. نەيدىكى تۆشۈكچىلەرنىڭ مەيلى قايسىسى بولسۇن، بىرەر تۆشۈكچە ئاچماقچى بولساق چوقۇم يۇقىرىدا ئېيتىلغان قىرلىق ئۈشكە بىلەن ئېچىش كېرەك.

تۆشۈكنى باشقا تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن ئاچساق، ئېچىلغان تۆشۈكچە تەلەپكە لايىق بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئەگرى ـ بۈگرى، سۈپەتسىز بولۇپ قالىدۇ ياكى نەي ئاسانلا يېرىلىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا تەكىتلەيدىغىنىمىز، نەيگە قىرشۇمچە تۆشۈكچىلەرنى ياكى پۇشتەك نەينىڭ پۈۋلەش (يەل بېرىش) تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن، قىرلىق ئۈشكىدىن باشقا نەرسىلەرنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

## 3. پۇشتەك نەي ياساش توغرىسىدا

پۇشتەك نەينى ياساش ئۈچۈن، ئۆزىمىز چېلىۋاتقان F ياكى G كۈيلۈك نەيلىرىمىزنىڭ باش قىسمىدىن تەخمىنەن ئۈچ سانتىمېتر ئەتراپىدا ئورۇن قالدۇرۇپ بىرلا پۈۋلەش تۆشۈكچىسى ئېچىپ، ئاندىن ئېچىلغان پۈۋلەش تۆشۈكچىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ قوم قەغەزنى پىلتىكەش شەكلىدە قىلىپ يوگەپ، تۆشۈكچىنىڭ ئىچى ۋە يان تەرەپلىرىنى سىلىقداپ بولغاندىن كېيىن، يۇمشاق پور ياغاچتىن ياسالغان قاپلانما تەڭشىگۈچنى پۇشتەك نەيگە ئېچىلغان پۈۋلەش تۆشۈكچىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق، پۇشتەك نەينى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقالايمىز.

يۇقىرىدىقى ئۇسۇل بىلەن ئۆزگەرتمەكچى بولغان نەي G كۈيگە تەڭ بولغان بولسا، بىز ياسىغان پۇشتەك نەينىڭ ئەڭ ئېگىز سول قولىمىزنىڭ باش مالتىقى ئېچىۋەتكەن چاغدىكى ئاۋازى «رەي» (D) گە تەڭ بولۇشى ياكى ئېگىز ئاۋاز «مى» (F) گە تەڭ بولۇشى كېرەك.

ئەگەر F كۈيلۈك نەينىڭ باش تەرىپىگە پۇشتەك نەي ياساشقا توغرا كەلسە، ياسالغان پۇشتەك نەينىڭ ئەڭ ئېگىز ئاۋازى «دو» (C) ياكى «رەي» (D) گە باراۋەر بولۇشى كېرەك.

پۇشتەك نەينىڭ ئاۋازىنى ئۆزىمىز مەقسەت قىلغان شۇ ئاۋازلارنىڭ بىرەرسىگە كەلتۈرۈش ھەم توغرىلاش ئۈچۈن، نەي تۇرۇبىسىنىڭ باش تەرىپىدىن قىستاپ كىرگۈزۈلگەن

AltunOq

قاپلىماتەگشەكنى پۇشتەك نەيدىكى پۇۋلەش تۆشۈكچىسىنىڭ ئۇرۇق تەرىپىگە ئىتتىرىپ ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئۇنى چېلىپ كۆرۈش ئارقىلىق پۇشتەك نەيدىكى ئەك ئېگىز ئاۋازنىڭ قايسى ئاۋازغا توغرىلانغانلىقى ياكى قايسى ئاۋازغا يېقىنلاشقانلىقىنى ھېس قىلىمىز. ئەگەردە ئاۋاز بىر كۆتەكەن ئاۋازنىڭ ئېگىزلىك دەرىجىسىدىن ئېگىزلەپ كەتكەن بولسا، قاپلانما تەگشەكنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئازراق ئىچىگە سۈرۈپ كۆرۈپ بېقىپ، بىز دېگەن ئاۋازنىڭ ئېگىز - پەسلىك دەرىجىسى تەلەپكە لايىق بولغان بولسا، ئۇ چاغدا قاپلانما تەگشەكنى سۇرمەسلىك كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئاۋازنى مۇقىملاشتۇرۇش سىنىقى پۇشتەك نەيگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈلگەن قاپلانما تەگشەك پۇشتەك نەيدىكى پۇۋلەش تۆشۈكىنىڭ ئۇ تەرىپىگە (ئۇرۇق تەرىپىگە) ئۆتكەندىن كېيىنلا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا پۇشتەك نەيدىن چىققان ئاۋاز بىز ئويلىغان ئاۋازدىن تۆۋەنلەپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، نەيدە ئەسلى بار بولغان قاپلانما تەگشەكنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن پۇشتەك نەينىڭ قاپلانما تەگشىكىنى چىقىرىش كېرەك ھەمدە بۇ خىل ئەھۋالغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم.

پۇشتەك نەينى ياساش ۋە ئۇنىڭ ئاۋازىنى مۇقىملاشتۇرۇش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن، ئۇنى چېلىش ھەم ئىشلىتىش ئانچە قىيىنغا چۈشمەيدۇ. ئاھاڭلارنىڭ تەلىپى بويىچە قۇشلارنىڭ ئاۋازلىرىنى بىر قەدەر ئەينەن چىقىرىشتا يەنىلا بۇرۇنقىدەك نەينى ئوڭ قولىمىزدا تۇتۇپ كالپۇكىمىزغا تاقاپ تۇرۇشىمىز، سول قولىمىزنىڭ باشمالتىقى بىلەن پۇشتەك نەينىڭ يەل چىقىش ئېغىزىنى مۇۋاپىق يوسۇندا ئېچىپ - يېپىش ئارقىلىق ياكى يېرىم ئېچىپ - يېرىم يېپىش ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.
(2 - رەسىمگە قارالسۇن)

2 - رەسىم. نەي ۋە پۇشتەك نەينىڭ ياسىلىش شەكلى




دېمەك، بىز يۇقىرىدىقى ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇيغۇر نەيلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكلىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا، نەينىڭ ئۈستۈنكى (باش) قىسمىدىن پايدىلىنىپ پۇشتەك نەينى ياساپ چىقىپ، چېلىۋاتقان نەيلىرىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتەردۇق ھەم نەينىڭ يېڭىچە بىر خىل شەكلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردۇق.

## 4. قوش ئاۋازلىق نەي ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى توغرىسىدا

بىزنىڭ ھازىر ئىشلىتىۋاتقان تاق ئاۋازلىق نەيلىرىمىزنى ئۆزگەرتىپ قوش ئاۋازلىق قىلىپ ياساپ چىقىشقا تامامەن مۇمكىن. يالغۇز نەي ئاھاڭلىرى ياكى باشقا مۇزىكا ئەسەرلىرىنىڭ مەلۇم جايلىرىغا مۇۋاپىق يوسۇندا قوش ئاۋازلىق نەي ئىشلەتسەك، مۇزىكا ئاھاڭلىرىغا يېڭىلىق قوشۇلۇپ، ئاڭلىغۇچىلارغا يېڭىچە زوق بېغىشلايدۇ.

مەن تۆۋەندە يولداشلارنىڭ پايدىلىنىپ كۆرۈشى ئۈچۈن قوش ئاۋازلىق نەينىڭ ياسىلىشى، ئاۋاز دائىرىسى ھەم قوش ئاۋازلىق نەينى قانداق چېلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا بىر ئاز توختىلىپ ئۆتىمەن.

قوش ئاۋازلىق نەي يەنىلا بىز ئىشلىتىپ كېلىۋاتقان نەيلەرنىڭ ئۈستۈنكى (باش) قىسمىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش بىلەن ئەسلى نەيدىكى پۇۋلەش تۆشۈكچىسىنىڭ يېنىغا يەنە بىر پۇۋلەش تۆشۈكچىسى ئېچىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ئەسلىدىكى نەينىڭ ئۈستى تەرىپىگە ياسالغان نەي — «ئۈستى نەي»، ئەسلىدىكى نەي قىسمى — «ئاستى نەي» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاستى، ئۈستى نەيلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا چىقىرىش دەرىجىسىگە يەتكۈزگەنلىكىمىز ئۈچۈن، بۇ خىل نەيلەرنى قوشۇپ «قوش نەي» ياكى «قوش ئاۋازلىق نەي» دەپ ئاتىساق مۇۋاپىق بولىدۇ.

قوش ئاۋازلىق نەينى ياساشتا، ئالدى بىلەن چېلىۋاتقان ئەسلى نەيدىكى پۇۋلەش تۆشۈكچىسىنىڭ يېنىغا (يۇقۇرقى تەرىپىگە) يەنە بىر پۇۋلەش تۆشۈكچىسى ئېچىش ھەم ئېچىلغان پۇۋلەش تۆشۈكچىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ئەسلى نەيدىكى پۇۋلەش تۆشۈكچىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن ئوخشاش بولۇشى، شۇنداقلا بۇ ئىككى پۇۋلەش تۆشۈكلىرىنىڭ ئارىلىقى ئىنتايىن يېقىن ھەتتا تۆمۈر كېسىدىغان ھەرىنىڭ بىسىدىنمۇ نېپىز بولۇشى كېرەك. نەينى بۇ خىل ھالەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، 1 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەن «قىرلىق ئۆشكە» بىلەن 3 - رەسىمدە كۆرسىتىلگەن «قىرىش پىچىقى» قاتارلىق سايمانلار مۇھىم رول ئوينايدۇ.



3 - رەسىم. قىرىش پىچىقىنىڭ شەكلى

يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەسۋاب بىلەن تېشىلگەن «ئاستى نەي» ھەم «ئۈستى نەي» نىڭ پۇۋلەش تۆشۈكچىلىرى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ ئېچىلغان بولۇشى ھەم بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتمىگەن بولۇشى كېرەك ھەمدە بۇ ئىككى پۇۋلەش تۆشۈكچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق قانچىكى نېپىز بولسا (يېقىن) شۇنچە ياخشى ھەم تەلەپكە ئۇيغۇن بولۇپ، قوش ئاۋاز چىقىرىشقىمۇ شۇنچە ئوڭاي بولىدۇ، ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، قوش ئاۋاز چىقىرىش قىيىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ ئىككى پۇۋلەش تۆشۈكچىسىنىڭ ئارىلىقى چوقۇم نېپىز بولۇشى كېرەك.

يۇقىرىدا ئېيتقانلىرىمىز قوش ئاۋازلىق نەي ياساشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بولۇپ، بۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلانغاندىن كېيىن، ئۈستى نەينىڭ پۈۋلەش تۆشۈكچىسى ئېچىلىشىنىڭ ئالدىدا ئېلىپ تاشلانغان قاپلىما تەگشەك (يۇمشاق پور ياغاچ) نى ساقال ئالىدىغان بىر-تىغۋا بىلەن كېسىپ، ئېچىلغان ئىككى پۈۋلەش تۆشۈكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېھتىيات بىلەن ئورۇنلاشتۇرىمىز. ئاندىن بۇ قاپلىما تەگشەك چوقۇم ئىككى پۈۋلەش تۆشۈكىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشتۇرۇلۇشى لازىم.

قاپلىما تەگشەكنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلغان ياكى ئورۇنلاشتۇرۇلمىغانلىقى، يەل قاچىدىغان ياكى قاچمايدىغانلىقى تەكشۈرۈلۈپ مۇۋاپىق ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئىككىنچى قەدەمدە ئۈستى نەينىڭ ئاۋاز تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىشقا كىرىشىمىز.

بىز ئۈستى نەينىڭ ئاۋاز تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىشتىن بۇرۇن، چوقۇم دەسلەپتە ئېچىلغان پۈۋلەش تۆشۈكچىسىنى سىناپ كۆرۈشىمىز، ھەم ئۈستى نەينىڭ ئاۋازىنىڭ قايسى ئاۋازغا توغرىلانغانلىقىنى بىلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

ئەگەر بۇنىڭدىن چىققان ئاۋاز G كۇيلىك نەينىڭ G (سو) ئاۋازىدىن 3 — 4 گرادۇس تۆۋەن بولماستىن ئېگىز چىقىپ قالسا، ئۇ ھالدا ئۈستى نەينىڭ تۇرۇبىسى قىسقا كېلىپ قالغانلىقى ياكى ئۈستى نەي تۇرۇبىسىنىڭ ئىچى مەلۇم دەرىجىدە كەڭرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئۇنى توغرىلاش ئۈچۈن، ئۈستى نەي تۇرۇبىسىنىڭ يەل چىقىش قىسمىغا مۇۋاپىق كەلگىدەك يۇمشاق ياغاچ ياكى دورا بىر تۈلكىسىنىڭ ئېغىزىدىكى پور ياغاچنى يېرىم ياكى ئۇنىڭدىن كىچىكرەك ياي شەكلىدە ياساپ، ئۇنى ئۈستى نەي تۇرۇبىسىنىڭ يەل چىقىش ئېغىزىغا سېلىپ، ئۈستىنى شام ئېرىتمىسى بىلەن سىلاپ بېكىتىۋېتىمىز.

ئەگەر بىز سىناپ كۆرگەن ئاۋاز، بىز كۆزلىگەن ئۆلچەمدىن تۆۋەن چىقىپ قالسا، ئۇ ھالدا ئۈستى نەي تۇرۇبىسىنىڭ ئۇچى تەرىپىدىن ئازراق كېسىۋەتسەك، ئۇ ھالدا چىقىرىدىغان ئاۋاز ئېگىزلەپ بىز كوزلىگەن مەقسەتكە يېقىنلىشىدۇ ياكى تامامەن ئۇيغۇنلىشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ دەسلەپكى ئاۋازنىڭ چىقىش دەرىجىسىنى 3 ياكى 4 گرادۇسقا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئاندىن باشقا ئاۋاز تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىشقا كىرىشىمىز. (4 - رەسىمدىن قوش ئاۋازلىق «ئاستى نەي» ۋە «ئۈستى نەي» نىڭ ياسىلىش جەھەتتىكى ئومۇمى شەكلىنى كۆرۈڭ.)

4 - رەسىم، ئۈستى نەينىڭ ئاۋاز تۆشۈكچىلىرى



ئۇستى نەيدىكى ئاۋاز تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن ئۇستى نەي تۈرۈبىسىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى، توم - ئىنچىكىلىكى بىلەن ئوبدان ھېسابلىشىپ، ئاچماقچى بولغان ئاۋاز تۆشۈكلىرىنى زادى قەيەرگە ئېچىش مۇۋاپىق ئىكەنلىكى ئۈستىدە ئوبدان باش قاتۇرۇپ بىر پىكىرگە كېلىشىمىز لازىم.

يۇقىرىدىكى تەييارلىقلار ياخشى ئىشلەنمىسە، بىز ئاچقان ئاۋاز تۆشۈكلىرىدىن چىقىدىغان ئاۋازلارنىڭ ئېگىز - پەسلىكى ئۆلچەمگە توشماي قالىدۇ، ياكى نەي كېرەكتىن چىقىدۇ. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال يۈز بەرگەن چاغدا ئەشۇ خاتا ئېچىلغان تۆشۈكنى شام ئېرىتمىسى بىلەن ئېتىۋېتىپ، ئەھۋالغا قاراپ باشقىدىن ئاچساقمۇ بولىدۇ ياكى قىرىش پىچىقى بىلەن قىرىپ، ئاۋاز تۆشۈكچىسىنى چوڭايتىپ مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاۋازنىڭ ئېگىز - پەسلىكىنى كۆزلىگەن ئۆلچەمگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

يۇقىرىقى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئاساسىدا «ئۇستى نەي» نىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى ئاۋاز تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىشقا كىرىشسەك بولىدۇ. قوش ئاۋازلىق نەيدىكى «ئۇستى نەي» نىڭ ئاۋاز دائىرىسى ھازىر بەش خىل ئاۋاز چىقىدىغان دەرىجىگە يەتتى.

يالغۇز نەي ئاھاڭى — «زامان ئىشقى» نىڭ ئۈچىنچى قىسمى ھەم ئەڭ ئاخىرقى قىسمىغا ئەنە شۇ قوش ئاۋازلار ماسلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلىرىمىزدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللىي چالغۇلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ، بۇ ساھەدە يېڭى - يېڭى مۆجىزىلەرنى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

---

(بېشى 111 - بەتتە)

ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆزى دېگىنىدەك تىرىشىپ ئىشلىمەكتە، ئىزدەنمەكتە ۋە ئىجاد قىلماقتا. كومپوزىتورنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ نوتىغا ئېلىپ نەشرگە تەييارلىغان «ئون ئىككى مۇقام» ناملىق كىتابى كەڭ خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئالدىدا تۇرماقتا.

بىز كومپوزىتور ۋە ئاتاقلىق مۇقامشۇناسنىڭ تالانت ۋە ئىجتىھاتىغا باھا بېرىشتە، ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىگە بۇندىن 33 يىل ئىلگىرى كومپوزىتور ئابلىكىم ئابدۇللايېۋنىڭ يېزىپ بەرگەن مۇنۇ جۈملىلىرىگە كۆز تاشلىساق كۇپايە قىلار...

ئىنىم ئابلىز ھاشىمۇۋغا:

ئىنسانلاردا بىر تۈرلۈك نەرسىگە قىزىقىش بولىدۇ ... سىز گەرچە باشقا ئىشلار بىلەن خېلى كۆپ شۇغۇللىنىپ كۆرگەن بولسىڭىزمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئاساسلىق قىزىقىشىڭىز بىلەن باشقىلارنى يېڭىپ چىقالايسىز، دەپ ھېس قىلىمەن.

مەن سىزنىڭ مۇزىكىغا بولغان قىزىقىشىڭىزنى ساقلاپ قېلىشىڭىزغا تىلەكداشمەن.

— ئابلىكىم ئابدۇللايېۋ

1956 - يىلى، ماي.

# تالانت ۋە ئىجتىھات

(ئۇيغۇر كومپوزىتورى، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس ئابلىز ھاشىموۋ توغرىسىدا)

**تەلئەت ناسىرى**



ئۆزبېكىستان كومپوزىتورلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان جاپپاروۋ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان سۆھبىتىمىزدە، ماڭا بىر تۈركۈم ئاتاقلىق ئۆزبېك كومپوزىتورلىرىنى تونۇشتۇرغانىدى. ئەنە شۇلار قاتارىدا 1950 – ۋە 1960 – يىللىرى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن سوۋېتقا چىقىپ كەتكەن ئۇيغۇر كومپوزىتورلىرىدىن شەھىدە شايىمەردانوۋا، ئابلىز ھاشىموۋلارنىمۇ ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. مەن ئابلىز ھاشىموۋنى ئوبدان بىلەتتىم. ئۇ 1950 – يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئۈرۈمچىدىكى «شىنجاڭ مېدىتسىنا ئىنستىتۇتى» دا ئوقۇپ، كېيىن ئاتا – ئانىسى بىلەن بىللە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەنىدى. بىر مېدىتسىنا خادىمىنىڭ ئاتاقلىق كومپوزىتورلار قاتارىغا ئۆتۈپ قېلىشى ھەيران قالارلىق ئىش. بىراق بۇ بەك ئەجەبلىنەرلىكمۇ ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ بالا ۋاقتىدىلا مۇزىكىغا، سەنئەتكە ئىشتىياق باغلىغانىدى. مەن غۇلجىدىكى ئۆزبېك سانائىي نەفىسىدە چاڭ چېلىپ يۈرگەن چاغلاردا ئۇمۇ ئۇيغۇر سانائىي نەفىسىنىڭ چاڭ چالغۇچىسى ئىدى. ئابلىزنىڭ 12 — 13 ياشلاردا پېشقەدەم مۇزىكانتلار قاتارىدا چاڭ چېلىپ چۈشكەن سۈرىتىنى تېخى بىر نەچچە يىل ئىلگىرىلا غۇلجىدا كىمنىڭدۇر بىرسىنىڭ ئۆيىدە كۆرگەنىدىم. ئادەم چىراي، مىجەز، كەسىپ جەھەتتە ئۆزگىرىشى مۇمكىن، ئەمما ھەۋەس، ئىشتىياق، تالانت ئۆزگەرمەيدىكەن.

تاشكەنت شەھىرى يۇنۇس ئاۋاق رايونىدىكى كومپوزىتور ئابلىز ھاشىموۋنىڭ قەۋەتلىك بىناسىدىكى كەڭ – ئازادە ئۆيىدە مېھمان بولغان چېغىمىزدا ئىككىمىزنىڭ سۆھبىتى يەنىلا مۇزىكا ئىجادىيىتىگە مەركەزلەشتى. كومپوزىتور ماڭا بۇ بىناغا يېقىندا كۆچۈپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزبېكىستان مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ بۇ ئالىي دەرىجىلىك ئۆيلەرنى سەنئەت ئەربابلىرىغا تەقسىم قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئۇدۇلدىكى قوشنىسى — خەلق ئارتىسى، ئاتاقلىق ناخشىچى ئابدۇرېھىم ئەخمىدى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

AltunOq

ئۇ مېنى خىزمەتخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭ كىتاب جاھازىلىرىغا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە مۇزىكا نەزەرىيىسىگە ئائىت رۇسچە كىتابلار ھەمدە ياۋروپا جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى داڭلىق مۇزىكا ۋە ناخشىلار توپلاملىرى تىزىلغانىدى. ئۇدۇلدىكى تامدا دۇتار، تەمبۇر ئېسىقلىق تۇراتتى. كاتتا ئۆيىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە پىئانىنو تۇراتتى. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىگە سىنچىلاپ قارىدىم ـ دە، ئاندىن ئۇنىڭغا: «ئاخىرى مۇرادىڭىزغا يېتىپسەن، ئاغىنە»، ــ دېدىم. «ياق!» دېدى ھاشىموۋ: «مەن ھازىر س س س ر كومپوزىتورلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى، شۇنداقلا ئۆزبېكىستان ھەمزە نامىدىكى سەنئەتشۇناسلىق ئىلمىي تەتقىقات ئىنىستىتۇتىنىڭ ئىلمىي خادىمى، 1988 ـ يىلى ئۇيغۇر 12 مۇقامى تېمىسىدا كاندىداتلىققا دېسسېرتاتسىيە ياقلىدىم. بۇ مېنىڭ پەقەت مۇزىكا ئىجادىيىتى ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلاردا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمنىڭ نىشانى. مۇرادقا يېتىش يولىدا يەنە ئۈزلۈكسىز تىرىشىۋاتىمەن. ئادەم ئۆزىگە تەلەپچان بولغانسېرى مۇرادقا يېتىش شۇنچە قىيىنلىشىدىكەن.»

مانا بۇ، ئۇيغۇر سەنئىتىگە شۇنچە قاتتىق تىرىشىپ ئەجىر سىڭدۈرۈپ كېلىۋاتقان كومپوزىتورنىڭ يۈرەك سۆزىنى خەلققە يەتكۈزۈشۈمنىڭ سەۋەبكارى بولۇپ قالدى.

ئاتاقلىق كومپوزىتور، مۇقامشۇناس ئابلىز ھاشىموۋنىڭ بالىلىق دەۋرى غۇلجا شەھىرىدە ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئاتىسى ساتتار ئاكا ئۇستا سەيپۇڭ ئىدى. ساتتار ئاكا سەنئەتكە بەكمۇ ھەۋەسمەن بولغانلىقتىن ئاتاقلىق مۇقامچى روزى تەمبۇر بىلەن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەنىدى. شۇ سەۋەبتىن ساتتار ئاكىنىڭ دۇكىنى ياكى ئۆيى بولسۇن، غۇلجىدىكى روزى تەمبۇر باشلىق سازەندە ۋە خەلق ناخشىچىلىرىنىڭ ئۆز تالانتلىرىنى جارى قىلدۇرىدىغان نۇقتىلىق سورۇنلارنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مانا بۇ مۇھىت سەبى بالا ئابلىزنىڭ يۇمران قەلبىدە خەلق ناخشا ـ مۇزىكىلىرىغا نىسبەتەن كۈچلۈك ھەۋەس ئۇرۇقىنى تىككەنىدى. شۇڭا ئۇ بالا ۋاقتىدىن باشلاپ ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىپ، دۇتار، تەمبۇر، چاڭلارنى بىمالال چالالايدىغان بولغانىدى.

تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن ھاشىموۋلار ئائىلىسى 1960 ـ يىلى سوۋېت ئۆزبېكىستاننىڭ مەركىزى تاشكەنت شەھىرىگە كۆچۈپ بارىدۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ ئابلىز تاشكەنت شەھىرىدىكى ئاخۇن بابايوۋ نامىدىكى مەدەنىيەت يۇرتىدا بىر قىسىم ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرى بىلەن «ئۇيغۇر ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبلى» نى قۇرىدۇ. ئۇ ئۆزى ئانسامبلىنىڭ مۇزىكا ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدۇ.

1965 ـ يىلى ئابلىز ھاشىموۋنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىپ، ھەمزە نامىدىكى تاشكەنت مۇزىكا بىلىم يۇرتىنىڭ نەزەرىيە بۆلۈمىگە ئوقۇشقا كىرىدۇ. 1969 ـ يىلى بىلىم يۇرتىنى پۈتتۈرىدۇ. ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ مول بايلىقىنى ئېچىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن زور مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەن ھاشىموۋ ئازغىنە بىلىم بىلەن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ داۋاملىق ئوقۇشقا بەل باغلايدۇ. ھاشىموۋ يەرلىك ئۆزبېك سەنئەت ئەربابلىرىنىڭ ياردىمىدە بىرلا ۋاقىتتا تاشكەنت مۇزىكا ئىنىستىتۇتىدىكى ئىككى فاكۇلتېتتا ئوقۇپ، 1976 ـ ۋە 1977 ـ يىللىرى تاماملايدۇ. ئۇ ئوقۇغان فاكۇلتېتـ

لارنىڭ بىرى كومپوزىتورلۇق كەسپى، يەنە بىرى 1972 - يىلى كونسېرۋاتورىيىدە بىرىنچى قېتىم تەشكىل قىلىنغان شەرق مۇزىكىسى كافېدراسى ئىدى. ھاشىموۋ بۇ ئىككى فاكۇلتېتنى تەڭلا پۈتتۈرۈپ زور نەتىجە ھاسىل قىلىدۇ.

كومپوزىتورلۇق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتا، ئۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي قەھرىمانى سادىر پالۋان ھەققىدە خور ۋە سىمفونىك ئوركېستىر ئىشلەش ئۈچۈن 6 قىسىملىق ۋەقەلىك مۇزىكا يازىدۇ. بۇ ئەسەر ئۆزبېكىستاندىكى «باھار ئانسامبلى» كونسېرت زالىدا ئورۇندىلىپ، كەڭ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ ئىجاد قىلغان ئۇيغۇرچە ناخشىلىرى ئۇيغۇر ئانسامبلىدىكى ناخشىچىلار تەرىپىدىن ئېيتىلىپ، پىلاستىنكىلارغا ئېلىنىدۇ.

ئۇ 1976 - يىلى كونسېرۋاتورىيىنىڭ نەزەرىيىۋى فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتا «ئىلى مۇقاملىرى» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىنى يېزىپ چىقىدۇ. ئۇ يەنە ئون نەچچە يىللىق ئوقۇش جەريانىدا ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق رېسپۇبلىكىلاردىكى ئۇيغۇر خەلق ناخشىچىلىرى ئارىسىغا بېرىپ ئەمەلىي بىلىم ئالىدۇ. ئۆگەنگەنلىرىنى بالىلىق دەۋرىدە غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىلەردە ئۆگەنگەن ناخشا - مۇزىكا، مۇقاملارغا سېلىشتۇرۇپ رەتلەپ چىقىپ 500 پارچە ناخشا، بىرداستان ۋە ئىلى سەنئىتى ناغرا كۈيلىرىنى نوتىغا ئالىدۇ.

مۇقامشۇناس ھاشىموۋ كونسېرۋاتورىيىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە، يەنى 1974 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە مۇقام ژانىرىغا بېغىشلانغان بىرىنچى قېتىملىق ئىلمىي كونفېرېنسىيىدە ئۇيغۇر مۇقاملىرى ھەققىدە دوكلات بېرىدۇ. ئۇ ئون ئىككى مۇقامنىڭ قەشقەر، ئىلى، خوتەن، دولان ۋارىيانتلىرى ۋە بىرلىك ئاساسى، شۇنداقلا مۇقام تېرمىنلىرى، ناملىرىنىڭ تەرتىپى قاتارلىقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، مۇقامشۇناسلارنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. خەلقئارا مۇقامشۇناسلارنىڭ 3 - قېتىملىق مۇقام ژانىرىغا بېغىشلانغان سەمەرقەنت سىمپوزىئومىغا قاتنىشىدۇ. مۇقامشۇناسلار ئۇنىڭ «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» تېزىسىدىكى ئىلمىي دوكلاتىنى ۋە ئۆزى تەمبۇر بىلەن ئورۇنداپ ئەمەلىي كۆرسۈتۈش ئارقىلىق بەرگەن ئىزاھاتلىرىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ. خەلقئارالىق مۇزىكا سوۋېتىنىڭ پرېزىدېنتى د. روبېرتىس، ئامېرىكىلىق مارك سلوبىن ۋە لېۋىن، ئىرانلىق مېخدى باركاشلى ۋە مۇستاپا پورتوراپ، شەرقىي گېرمانىيىلىك يۈرگىن ئىلىسنېر، ئەنگلىيىلىك يوگ ۋە باشقا مۇزىكىشۇناسلار ھاشىموۋنىڭ نەتىجىلىرىگە يۇقىرى باھا بېرىشىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئون ئىككى مۇقامىنى بىرىنچى بولۇپ خەلقئارا مۇزىكا ئىلمىي سەھنىسىدە تونۇشتۇرغان بۇ ئاتاقلىق مۇقامشۇناس شۇنداق ئويلايتتى: «ئەگەر ئۆز دەۋرىدە ئۇيغۇرلاردىمۇ خۇددى ياۋروپادىكى بېتخوۋېن، چايكوۋىسكىي، موزارت ... لارنىڭ سىمفونىيىلىرىنى ئورۇندىغان مىللىي ئوركېستىرلار بولغىنىدا، جۈملىدىن مۇزىكا — سەنئەتشۇناسلىق بىلىم يۇرتلىرى بولغىنىدا، جاھاندا بىزنىڭ ئون ئىككى مۇقامىمىزغا نېمە تەڭ كېلەلەيتتى؟! ياق، ئەمدى كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا بولمايدۇ. تىرىشىش، ئىشلەش، ئىزدىنىش، ئۆگىنىش، ۋۇجۇدقا چىقىرىش لازىم.»

(داۋامى 108 - بەتتە)

# رېژىسسورنىڭ بەدىئىي ئىجادچانلىقىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە

(جياۋ جۇيىننىڭ رېژىسسورلۇق سەنئىتى توغرىسىدىكى لېكسىيىلىرىدىن)

ئەسلىدىكى تەھرىر ئىلاۋىسى:

1985 - يىلى 12 - ئايدا ئېلىمىزنىڭ تىياتىر رېژىسسورلۇق سەنئىتى ساھەسىدىكى ئاتاقلىق ئۇستاز جياۋ جۇيىننىڭ تۇغۇلغانلىقىغا 80 يىل ۋە ۋاپات بولغانلىقىغا 10 يىل بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن بېيجىڭ خەلق بەدىئىي تىياتىر ئۆمىكى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. يولداش جياۋ جۇيىن 1959 - يىلى 9 - ئايدىن 1960 - يىلى 4 - ئايغىچە مەكتىپىمىزنىڭ رېژىسسورلۇق فاكۇلتېتىدا دەرس ئۆتكەنىدى. ئەسلىدىكى كونسپېكت ئۇن يىللىق قالايمىقانچىلىقتا يوقىلىپ كەتكەنىكەن. بۇ ماتېرىيال بىر نەچچە نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ خاتىرىسىگە ئاساسەن رەتلەندى. شۇڭا يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقلاردىن خالى بولۇشىمىز تەس. مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ تۈزىتىش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## 1 - قانداق قىلغاندا تىياتىرنى كۆپ، تېز، ھەم سۈپەتلىك تەييارلىغىلى بولىدۇ؟

تېز بولۇش بىلەن ياخشى بولۇش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بار. ئەگەر بەدىئىي ئىجادىيەتچىدە ئۇلۇغۋار غايە بولسا، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ شۇ ئارزۇ ھەم غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا داۋاملىق تىرىشىدىغانلا بولسا، تېز بولۇش بىلەن ياخشى بولۇشنى مەلۇم دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن: ئوقۇغۇچى ئىمتىھان ۋاقتىدا كېچىلەپ تەييارلىق قىلسا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قېلىشىمۇ ياكى ئۆتۈپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ناھايىتى ئېنىق، نىشانى توغرا بولىدۇ. ئويۇن كۆرسەتكۈچى ئورۇننىڭ زەربىدارلىق ۋەزىپىلىرى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ ھەم مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ، ئەلۋەتتە بىز ئويۇننى رەسمىي يەنى مۇنتىزىم ئاساستا تەييارلاشنى تەشەببۇس قىلىمىز. بۇ بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئاساسى. رەسمىي — مۇنتىزىم ئويۇن تەييارلاش تۈزۈمى بولمىسا بولمايدۇ. زەربىدارلىق ۋەزىپىلىرى كىشىنى ئالدىرىتىپ قويىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ياخشى تەرىپى شۇكى، ئويۇن تەييارلاش قاتمال بولۇپ قالمايدۇ. شۇنداقلا ئۇ رېژىسسور ھەم ئارتىسنىڭ نەق مەيداندىلا ئىجاد قىلىش قابىلىيىتىنى چېنىقتۇرىدىغان ياخشى پۇرسەت. شۇنداقلا ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئىجادىيەت ئىلھاملىرى بارلىققا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن رېژىسسور سىياسىي قىزغىنلىقتىن باشقا، مەلۇم جەھەتتە مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە، بەدىئىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشكە ۋە مول تۇرمۇش بايلىقىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. زەربىدارلىق ۋەزىپىلىرى كۆپ بولغان ئەھۋالدىمۇ مۇنتىزىم يوسۇندا ئويۇن تەييارلاشنى چىڭ تۇتۇش كېرەككى ھەرگىزمۇ بۇنىڭدىن ئېغىشقا بولمايدۇ. داۋاملىق شۇنداق قىلغاندىلا سەۋىيە بارا - بارا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

بەزى چاغدا بىز تۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ بىر تەڭچە ئايدا بىر كېچىلىك ئويۇن تەييارلايمىز، لېكىن دېگەندەك ياخشى بولماي قالىدۇ، بىزنىڭ ئويۇن تەييارلاش ۋاقتىمىزنىڭ ئۇزۇن بولۇپ كېتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىدىيە جەھەتتىكى بوشاڭلىقتۇر، شۇڭا تۇرغۇن ۋاقىت ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ. ھازىر مۇنتىزىم سەنئەت ئۆمەكلىرىدە ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان خىزمەتلەر بەكمۇ كۆپىيىپ كەتتى. ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارنى ئانالىز قىلىش بەكمۇ كۆپ بولۇپ كەتتى. يەنە بىر يېتەرسىزلىك شۇكى، ھېس قىلىش (ئۆز بېشىدىن كۆچۈرۈش) نى تەكىتلەپ، ئىپادىلەش بوشاشتۇرۇپ قويۇلدى ياكى ئۇنىڭغا سەل قارالدى. ھەقىقىي ئەمەلىي ئويۇن تەييارلاش جەريانىدىكى تالاش - تارتىشلارنى پەقەت ئانالىزدىلا تايىنىپ ھەل قىلغىلى بولمايدۇ، رېپېتىتسىيە جەريانىدا ئارتىسنىڭ ئويلىغىنى بىلەن رېژىسسورنىڭ ئويلىغىنى بىر يەردىن چىقماسلىقى، بولۇپمۇ پېرسوناژلارغا نىسبەتەن تونۇشىنىڭ بىرلىككە كەلمەسلىكى، تېزپەيلىدىن ۋاقىت بەكمۇ ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. زەربىدارلىق خىزمەتلىرىدە مۇنتىزىم خىزمەت ئۇسۇلى بويىچە رېپېتىتسىيە ۋاقتىنى ئالاھىدە قىسقارتقىلى بولىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا رېژىسسور ئەڭ مۇھىمى ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى، ئىدىيىسىنى، ئىزچىل ھەرىكەتنى ۋە ئەڭ ئالىي ۋەزىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن ئانالىز قىلىپلا رېپېتىتسىيىنى دەرھال باشلاش كېرەك. بەزى ۋاقىتلاردا رېپېتىتسىيە بىر دەم بولغاندا ئەسەرگە، پېرسوناژغا بولغان تونۇشتا ئىلگىرىلەش بولۇشى، ھەتتا دەسلەپكى تونۇش ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئەمەلىيەت ئارقىلىق خاتالىقنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. بۇنىڭغا گەرچە ۋاقىت كۆپرەك كەتسىمۇ لېكىن ئەسەرگە بولغان تونۇش توغرىلانسىلا، كېيىنكى رېپېتىتسىيە تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. زەربىدارلىق بىلەن رېپېتىتسىيە قىلىش جەريانىدا ئارتىسنىڭ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇلۇشى لازىم. رېژىسسور ئارتىسنى ئىجاد قىلىشقا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى، ھەرگىزمۇ ئارتىسنىڭ ئىجادچانلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەسلىكى كېرەك. ئارتىسنى رىغبەتلەندۈرۈشتە نەزەرىيىنى ئازراق سۆزلەپ ئەمەلىي ھەرىكەت، بولۇپمۇ سىرتقى ھەرىكەت ئارقىلىق ئىلھام بېرىشى كېرەك. ئارتىسنىڭ ئويلىغان، ئىشلىگەنلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشقا بولىدىغانلا يېرىنى چوقۇم قوبۇل قىلىش كېرەك. رېژىسسور بىلەن ئارتىسنىڭ ئويلىغىنى ئوخشاش بولغان ئەھۋال ئاستىدا رېژىسسور ئالدى بىلەن ئارتىسنىڭ ئويلىغىنىنى قوبۇل قىلىشى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىنى ئارتىسقا بارا - بارا سىڭدۈرۈشى كېرەك. دېمەك، ئارتىسنى ھەرىكەت ئارقىلىق ئىلھاملاندۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

## زەربىدارلىق بىلەن ئويۇن تەييارلاشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

(1) ئويۇننىڭ مەركىزىي ئىدىيىسىنى چوقۇم توغرا تونۇشى لازىم.

(2) رېژىسسور ئەسەرنى كۆڭۈل قويۇپ تولۇق چۈشىنىشى ھەم ئۆزلەشتۈرۈشى كېرەك. ئەسەرنىڭ ئۆزىگە ئەڭ تەسىر قىلغان جايلىرىنى پۇختا ئىگىلىشى لازىم. چۈنكى بۇ رېژىسسورنىڭ ئويۇننى قانداق رېژىسسورلۇق قىلىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. «ئۈچ كويى پۇل» دېگەن دراممىنى تەييارلىغاندا، مەن ئۆز كۆڭلۈمدە بۇ دراممىنى جېدەل - ماجىرا تۈسىنى ئالغان كومېدىيە، دەپ ھېس قىلغانىدىم، ساقچىغا بولۇپمۇ لى يەڭگىگە ئالاھىدە ھېسـ

داشلىق قىلغانىدىم. لېكىن بۇ ئويۇن تاماشىبىنلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن تونۇشۇمدا ئۆزگىرىش بولۇپ ھەممە جەھەتتە لى يەڭگىللا كۆزدە تۇتۇش لازىملىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ يېتەرسىز جايلىرىنى تولۇقلىدىم.

(3) رېژىسسور ئىلھام خاراكتېرلىك ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى داۋاملىق مەشىق قىلىپ ئۇنى يېتىلدۈرۈشى لازىم. تۇرمۇشنى كۆپ كۆزىتىشنى ئۆگىنىشى كېرەك. بارلىق شەيئىگە كۆڭۈل كۆزى ۋە ھېسسىي كۆزى بىلەن قارىشى كېرەك. كىشىلەرنى كۆزەتكەندە ئۇلارنى بىۋاسىتە ھېس قىلغان ئاساستا چوڭقۇر كۆزىتىشى، شۇنداقلا ئىنچىكە، تەپسىلىي كۆزىتىشى كېرەك. رېژىسسور ئەدەبىيات، كىنو، رەسىم سىزىش، مۇزىكا ... قاتارلىق جەھەتلەردە تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىشى كېرەك. رېژىسسور مول تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە بىرلەشتۈرۈپ تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. مول جۇغلانمىدىن نۇرغۇن، تېز، ئىلھام خاراكتېرلىك ئىجادىيەتلەر بارلىققا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا ئويۇننىڭ يۈزەكى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

(4) رېژىسسور تېخنىكىلىق مەشىقنى كۈچەيتىشى لازىم.

رېژىسسورنىڭ ئىگىلىگەن تېخنىكىسى كۆپ بولسا ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قابىلىيىتىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. زەربىدارلىق بىلەن ئويۇن تەييارلاشنىڭ سۈرئىتى تېز بولىدۇ. سەھنە تېخنىكىسى كۆپ نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

① سەھنە ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى. ② رېژىسسورنىڭ سەھنىدىكى كۆرۈنۈشلەرنى بىر تەرەپ قىلغاندا تەكشۈكلۈق ئاساسىدا ماسلاشتۇرۇشقا، تەكىتلەيدىغان، كۈچەيتىدىغان جايلار ۋە مەركىزىي نۇقتا، قوشۇمچە نۇقتا قاتارلىقلارنىڭ تەكشۈكلۈق شەرتى ئاستىدا ئۆزگىرىش ياسىشىغا دىققەت قىلىش كېرەك. ③ سەھنىدىكى ئۆزگىرىشلەر؛ ۋە قارىمۇ - قارشى ئىككى تەرەپ ھامان زىددىيەت ئىچىدە بولىدۇ، شۇڭا رېژىسسور زىددىيەت، ئوبراز ۋە خاراكتېرنى قانداق تەكىتلەشنى، دراماتىك سۈكۈتتىن قانداق پايدىلىنىشنى بىلىشى كېرەك. بىر كىشىنىڭ يەككە - يېگانە تۇرۇشىنىڭ ئۆزى بىر خىل تەكىتلەش بولىدۇ.

«سەيۋەنجى» دراممىسىنى رېپېتىتسىيە قىلغاندا مەن ناھايىتى نۇرغۇن تېخنىكىلىق ماھارەتلەرنى ئىشلەتتىم. لېكىن تېخنىكىلىق ماھارەتنى قوللىنىشتىكى مەقسەت ئۇنى كۆز - كۆز قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «سەيۋەنجى» دراممىسىنى ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشتىن ئىبارەت. رېژىسسور ئۈچۈن يەنە نۇرغۇنلىغان ۋاستىلىق پەن - تېخنىكىمۇ زۆرۈر بولىدۇ. مەسىلەن: فىزىكا كېرەك بولىدۇ، ئاساسلىقى نۇر ھەم رەڭ، بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ نۇر بىلەن رەڭگە بولغان تەلىپىنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە مەسىلەن: تۇرمۇشتىكى نۇردىن سەھنىدە قانداق پايدىلىنىش كېرەك؟ شۇنىڭدەك يەنە پسىخولوگىيە بولۇپمۇ باپلۇۋنىڭ «تونۇش نەزەرىيىسى» بىلەن «ئەكس تەسىر نەزەرىيىسى» نى چوڭ مېڭىنىڭ رولى، ئىرادە ۋە ھېسسىيات قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. زەربىدارلىق بىلەن ئويۇن تەييارلىغاندا دەسلەپكى رېپېتىتسىيىدىن بىرلەشمە رېپېتىتسىيە قىلىشقا قەدەر ئاساسەن چۈشىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش جەريانى بولىدۇ. شۇڭا دەسلەپكى رېپېتىتسىيە رەسمىي ئويۇن قويۇشقا قەدەر بولغان ئارىلىقتا سىرتقى ھەرىكەتلەر بىلەن ئىپادىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت

AltunOq

بېرىش كېرەك. بۇ ئىككىسى ئايرىم - ئايرىم نەرسە بولماستىن، بەلكى بۇ ئىچكى ھەرىكەت ئىپادىسىدىن تاشقى ھەرىكەت ئىپادىسىگە ئۆتۈش جەريانى بولۇپ، بۇلارنى مۇۋاپىق بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

زەربىدارلىق بىلەن ئويۇن تەييارلاش ۋەزىپىسى تۈگىگەندىن كېيىن چوقۇم بەدىئىي جەھەتتىن خۇلاسە چىقىرىپ، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، كېيىنكى قېتىملىق رېپېتىتسىيىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئاساس سېلىش كېرەك.

## 2 - ئەسەرنى قانداق تاللاش كېرەك؟

ئەسەر تاللاشتا شەخسنىڭ (رېژىسسورنىڭ) ھەۋەسىنى ئۆمەك ۋە جەمئىيەتنىڭ تەلىپىگە ئويغۇنلاشتۇرغان ياخشى. بىراق بەزى ۋاقىتتا بۇنداق قىلىۋەرگىلىمۇ بولمايدۇ.

رېژىسسور بەدىئىي ئورۇنلاشتۇرۇش قابىلىيىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشى، سەھنە ئەسەرلىرىگە قىزىقىدىغان بولۇشى ھەم كۆڭلىگە نۇرغۇنلىغان ئارزۇ - ئىستەكلەرنى پۈككەن بولۇشى لازىم. ئۆمەك رېژىسسورنىڭ بەدىئىي ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ياخشى كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك.

رېژىسسور ئۆزى بەكمۇ قىزىقىدىغان ئەسەرگە ئېرىشكەندە ئېھتىياتچان بولۇشى لازىم. چۈنكى رېژىسسور بۇ جەھەتتە ناھايىتى چوڭقۇر تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن شەخسىي خاھىش سەۋەبىدىن ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ئاسانلا بۇرمىلىنىپ قېلىشى مۇمكىن.

رېژىسسور ھەتتا ئۆزى پەقەت ياقتۇرمايدىغان ئەسەرلەرنىمۇ سەھنىلەشتۈرۈشكە ئادەتلىنىشى لازىم.

رېژىسسور يازغۇچىلارنى داۋاملىق تەتقىق قىلىشى، سەھنە ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ كۆرۈشى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ئەسەرنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبىنى بارا - بارا ئىگىلەپ بارىدۇ. پەقەت ئۆز تەجرىبىلىرىگە تايىنىپلا ئەسەرنىڭ سەۋىيىسىگە باھا بەرمەسلىك لازىم. ئەسەرلەرنى كۆپلەپ ئوقۇغاندا ئەدەبىيات - سەنئەت جەھەتتىكى بىلىمى بېيىپ بارىدۇ. بەدىئىي سەۋىيىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ، ۋاستىلىق تۇرمۇش بىلىمى كۈنسېرى ئېشىپ بارىدۇ.

ئەسەر تاللىغاندا ئالدى بىلەن شۇ ئەسەر ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشى لازىم. ئاندىن يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ يازغۇچىنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشى كېرەك. يازغۇچىلارنى ئۆمەككە تونۇشتۇرۇش، بولۇپمۇ ياش يازغۇچىلارغا يار - يۆلەك بولۇشى كېرەك.

ئەسەر تاللىغاندا ئۆمەكتىكى ئارتىسلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك. ئەلۋەتتە ئالدى بىلەن ئويۇن قويۇش ۋەزىپىسىگە ماسلىشىشى كېرەك. يەنى ئويۇننىڭ رېئال ئەھمىيىتى بىلەن ھېسابلىشىپ كۆرۈپ ئاندىن ئارتىسلارنى ئويلاش كېرەك. چۈنكى بىز ئەسەر تاللىغاندا تىياتىرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئويلاشماسلىق بولمايدۇ. تەربىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك بولغان ھازىرقى زامان ئەسەرلىرىنى كۆپرەك تاللاش كېرەك. تىياتىرنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن تاماشىبىنلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ. لاۋشې ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى ئاساسىي جەھەتتىن كونا جەمئىيەت بىلەن يېڭى جەمئىيەتنىڭ سېلىشتۇرمىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئەسەردە كېلىچەك ئىستىقبالنى كۆرسىتىپ بېرىش

كەمچىل. پەقەت كونا جەمئىيەت بىلەن يېڭى جەمئىيەتنى سېلىشتۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. گەرچە ئۇنىڭ تىياتىرلىرى ناھايىتى تەسىرلىك بولسىمۇ، لېكىن ئادەمنى تۇرمۇشقا ئىنتىلدۈرەلمەيدۇ. كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ بەزىلىرىدىمۇ يۇقىرىسىقىدەك مەسىلىلەر يەنى ئەسەرنى ھازىرقى زامانغا قانداق ماسلاشتۇرۇش مەسىلىسى مەۋجۇت. مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم، لېكىن بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالساق بولمايدۇ.

چېخوۋنىڭ ئەسەرلىرى پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، ھېس - تۇيغۇسى ۋە ئىچكى دۇنياسىنى بەكمۇ ئىنچىكە، تولۇق ئېچىپ بېرىشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. گوركى ئۆز ئەسەرلىرىدە پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى ھەرىكىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى، نېمە ئىش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ناھايىتى تەپسىلىي كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىزنىڭ شىنجاڭ تىياتىرلىرىمىزدا پېرسوناژلار قىيۇق ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتكە ۋە مىللىي پۇراققا ئىگە. پېرسوناژلار خاراكتېرى ناھايىتى روشەن گەۋدىلەنگەن. ئوبرازلارنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەمەلىي پائالىيەت جەريانلىرىنى ئىپادىلەشتە ناھايىتى تەپسىلىي، ئىنچىكە بولۇش كېرەك. بۇ جەھەتتە بىزنىڭ دراملىرىمىزدا خېلىلا ئاجىزلىقلار بار. شۇڭا مەن كەلگۈسىدە شىنجاڭ تىياتىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى دراملاردىمۇ كۆپرەك قوللىنىشنى ئويلىشىۋاتىمەن.

رېژىسسور كىنو سىنارىيىلىرىنىمۇ كۆپرەك كۆرۈشى، كىنو كۆرۈنۈشلىرىنى ئوبدان تەتقىق قىلىشى لازىم. كىنو سىنارىيىلىرىنى دراما قىلىپ ئۆزگەرتىشكە بولامدۇ - يوق؟ بۈگۈنكى سەھنە ئەسەرلىرىدە كىنو ئۇسلۇبىنى قوبۇل قىلىش ناھايىتى مۇھىم. سەنئەت ئىجادىيىتى نۇرغۇنلىغان چارە - تەدبىرلەرنىڭ بىرلىشىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۆمەكلەردە پارتىيىنىڭ فاكچېن، سىياسەتلىرى شۇ ئۆمەك ئورۇنلىغان ئەسەرلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئېيتقاندا ئەسەر تاللاشتا ئالدى بىلەن سىياسى ۋەزىپىنى، ئاندىن تاماشىبىنلارنى، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ھەۋىسىنى كۆزدە تۇتۇش لازىم.

## 3 - چەت ئەل ئەسەرلىرىنى ئورۇنلاش ۋە مىللىيلاشتۇرۇش مەسىلىسى

رېژىسسور چەت ئەل ئەسەرلىرىنى تەييارلىماقچى بولغاندا تاماشىبىنلارنىڭ ئويۇننى كۆرۈپلا چۈشىنەلەيدىغان بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. سەھنىدە كۆرسىتىلگەن تۇرمۇش ھادىسىلىرى ھەر قانچە ماھىيەتلىك مەسىلىلەر بولسىمۇ ئەگەر تاماشىبىنلار قوبۇل قىلالمىسا ئۇ بەرىبىر ئەھمىيەتسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. سەھنە سۆزى ۋە ئوبرازلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرىگە دىققەت قىلىش كېرەك. لېكىن ئەسەرنىڭ ئەسلى روھىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. ئەسەرلەرنىڭ (چەت ئەل ئەسەرلىرىنىڭ) ئۆزگەرمەس ئۆرپ - ئادەتلىرىنى بەكمۇ قوغلىشىپ كېتىش ھاجەتسىز. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تىلى تەرەققىي قىلماقتا، ھەر بىر دۆلەتنىڭ تىلىمۇ تەرەققىي قىلماقتا، بەزى سۆزلەرنى زورمۇ - زور چەكلەپ قويماسلىق لازىم. سۆزنىڭ ساپلىقى ۋە ساغلاملىقىنى قوغداش ئاساسىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. سۆزنى ئەدەبىيلەشتۈرۈش كېرەك، كەڭ تاماشىبىنلار بىر ئاڭلاپلا چۈشىنەلىشى كېرەك. چەت ئەل

تىياتىرنىڭ سۆزى چەت ئەلچە تۈزۈلگەن بولۇپ ئۇنىڭ ئۆزگىچە ئىپادىلەش لوگىكىسى ھەم تەرتىپى بولىدۇ. بۇ پۈتۈنلەي تەرجىمىگە باغلىق. بەزىلەرنىڭ تەرجىمە سەۋىيىسى تۆۋەن. شۇڭا تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنى رېژىسسور، ئارتىس كۆرۈپ چۈشىنەلمەيدۇ. بۇنداق ئەھۋالغا ئۇچرىغان رېژىسسور ئەسەرنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. لېكىن ھەممىنى جۇڭگونىڭ تۇرمۇش ئادىتى بويىچە ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. ئۇنداق ئۆز مەيلىچە ئۆزگەرتىۋەرسە چەت ئەل تىياتىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەم پۇراقلىرى يوقاپ كېتىدۇ.

چەت ئەل تىياتىرلىرىنى قايسى ئاساستا مىللىيلاشتۇرۇش ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. ئەسەردىكى ھالىي روھىي قىياپەتنىڭ چەت ئەل مىللەتلىرىنىڭكى بىلەن ئوخشايدىغان جايلىرىنى تېپىش كېرەك. روھىي قىياپەت دېگىنىمىز كىشىلەرنىڭ تەبىئىتىنى كۆرسىتىدۇ. ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە بەزىلەر تۇرگېنيېۋنىڭ ئەسەرلىرىنى بەكمۇ قىزىقىپ كۆرەتتى. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب ئەسەردىكى پېرسوناژلار ئۇلاردا ئەكس سادا قوزغىغانىدى. چەت ئەل تىياتىرلىرىنى ئويناۋاتقاندا بەزى ئارتىسلار ئۆزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تامامەن چەت ئەلچە بولۇپ كېتىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس. شۇنداقلا بۇ ھەم ئەمەلگە ئاشمايدۇ. مەلۇم مۇھىتلاردا ئىدىيىۋى ھېسسىياتتا ئوخشاشلىقمۇ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. ئوخشىماسلىق پەقەت چەت ئەللىكنىڭ ھالىي ئۆرپ - ئادەتلىرى ۋە تۇرمۇش يوسۇنلىرى جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. شۇڭلاشقا ئارتىسلار ئەڭ ئاساسلىقى ئەسەردىكى دەۋر روھىنى ۋە پېرسوناژلارنىڭ روھىي قىياپىتىنى ئىگىلىشى لازىم.

بىزنىڭ ئۆمەكلىرىمىزدە چەت ئەل تىياتىرلىرىنى تەييارلىغاندا ئالدى بىلەن ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى، روھىي - ھالىتىنى ئىگىلىشىمىز، ئاندىن سىرتقى ھەرىكەت شەكىللىرىنى بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك.

بىز غەيرىيلىكنى قوغلىشىشقا قارشى. پېرسوناژنى ئاساس قىلماستىن، مۇناسىۋەتسىز بولغان سىرتقى ھەرىكەتلەرنى خالىغانچە قوراشتۇرۇپ چىقىشقا قارشى تۇرىمىز.

مىللىي ئەنئەنىنى قايسى ئاساستا ئۆگىنىشمۇ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە. درامىنىڭ ئۆزگىچە شەكلى بار. تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن قارىغاندا درامىدىن ئىبارەت بۇ شەكىلنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى ناھايىتى تېز، دەل ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. قەدىمكى دەۋرنىمۇ ۋە كېلەچەكنىمۇ ئەكس ئەتتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئالغاندا دراما باشقا تىياتىر تۈرلىرىگە قارىغاندا ئالاھىدە ئەۋزەللىككە ئىگە. بىزنىڭ دراما سەنئىتىمىزنىڭ ئاساسلىق ئىجادىيەت ئۇسۇلى سوتسىيالىستىك رېئالىزمدىن ئىبارەت. ياخشى ئەنئەنە دېگىنىمىز — ئۆزىمىزنىڭ ھەم چەت ئەلنىڭ، ھازىرقى ھەم قەدىمكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى بولۇپمۇ رېئالىزملىق تۈسىنى ئالغان ئەڭ ئېسىل ئەنئەنىلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ياخشى ئەنئەنە ستانىسلاۋىسكىي سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن، شۇنداقلا ئۇ ستانىسلاۋىسكىي سىستېمىسىغا تەسىر كۆرسەتكەن ھەم ئۇنى راۋاجلاندۇرغان.

دراما ژانىرى غەربتىن قوبۇل قىلىنغان، لېكىن بىر نەچچە يىللاردىن بۇيان ئۇ ئېلىمىز سەھنىلىرىدە بارا - بارا مىللىيلاشتى، خەلقمۇ ئۇنى ياقتۇرىدىغان بولدى. درامىدا

ئەنئەنىۋى نەرسىلەر كۆپ قوبۇل قىلىندى. شەكىلدىن مەزمۇنغىچە مىللىي تۈس قويۇقلاشتى، تاماشىبىنلارغا بولغان تەسىرى كۈچەيدى. دەرۋەقە دراما كلاسسىك ئەنئەنىلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈشتە بەزى ئەگرى - توقاي يوللارنىمۇ ماڭدى، يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولالمىدى. لېكىن بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، بۇنى دەپ مىللىي ئەنئەنىلەرنى قوبۇل قىلىشتىن ھەرگىز ۋاز كەچكىلى بولمايدۇ.

درامىدا ئەنئەنىنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقنى كونكرېت ئەسەر بەلگىلەيدۇ. بەزى ئەسەرلەرگە مىللىي شەكىل بەكمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ، بەزىلىرىگە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ. مەسىلەن: «مىڭلىغان تاغ - دەريالار»غا ئوخشاش. ئۇ مۇئەييەن ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئاساس قىلىش، ھەمدە درامىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە شەكلىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك. بەزى تىياتىرلاردا مىللىي شەكىلنى كۆپرەك قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن: «سەيۇدنجى»، «گۈەن خەنچىڭ»گە ئوخشاش درامىلاردىمۇ ھەر خىل شەكىل ۋە ئېقىملارنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق نەزەر دائىرىنى كېڭەيتىپ بىلىمنى ئاشۇرغىلى ھەمدە ئۆز ئارا ئەينەك قىلغىلى بولىدۇ.

مىللىي ئەنئەنىۋى مىراسلاردىن ئۆگىنىش ئۇسۇللىرى ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن: ھەرىكەت مەشىقى، قول ھەرىكىتى، ئات مىنىش، قىلىچۋازلىق، ئۇسسۇل، نەپەس ھەرىكەت قاتارلىقلار. بۇلار ئارتىسلارنىڭ ئاساسلىق بەدەن ھەرىكەت مەشىقى بولۇپ، بۇلارنى ئۆگىنىشنىڭ پايدىسى كۆپ. يۇقىرىقىلارنى ئۆگىنىشتىن باشلاپ بارا - بارا ئەنئەنىۋى مىراسلارنىڭ جەۋھىرىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشكە بولىدۇ. كۆپ ئىشلەش بىلەن كۆپ كۆرۈش ئوخشىمايدۇ. بەزى مەشقلەر نوقۇل تېخنىك خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۇلارنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن ئەنئەنىۋى مىراسلارنى تېخىمۇ ياخشى چۈشەنگىلى بولىدۇ. جۇڭگو، ۋيېتنام، ھىندىستان، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە - يوسۇن شەكلى بولۇپ ئۆزگىرىشچانلىقى ناھايىتى كۆپ. ئەنئەنىۋى مىراسلارنى ئۆگىنىشتە «يولۋاس بالىسىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۇۋىسىغا كىرىش كېرەك» دېگەندەك ئىرادە بولۇشى كېرەك. ئۆگىنىشتە ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى بىلىش كېرەك. درامىغا تەدبىقلىغاندا تۆۋەندىكىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك: ① تەكىتلەش ئۇسۇلى، درامىدا چىنلىقنى ئۆزلەشتۈرۈش ئاساسىدا تەكىتلەش كېرەك. مىللىي ئەنئەنىلەردە چىنلىق ئاساسىنى بۇزۇپ ئۆتۈپ ئاندىن تەكىتلىنىدۇ. سىزما رەسىملەردىمۇ شۇنداق. مەسىلەن: خې شيەنجيەن جۇڭگوچە تاغ - دەريا رەسىملىرىدە يۈك قەلەمنى بىرلا ئويىنىتىپ روھىي قىياپەتنى ناھايىتى ئېنىق چىقىرىدۇ. شىنجۇ تىياتىرلىرىدىمۇ روھىي ھالەت تەكىتلىنىدۇ. سەھنىدە قانداق تەكىتلەيمىز؟ بۇرۇن دراما ئارتىسلىرى باشتىن بىۋاستە ھېس قىلىشقا كۆپرەك ئېتىبار بەرگەن. شىنجۇ تىياتىرلىرىدا بولسا ئىپادىلەش بەكرەك تەكىتلىنىدۇ. فرانسىيىلىكلەر ئادەتتىكى تۇرمۇشتا ئۆزلىرى نېمە قىلماقچى بولغانلىقلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەيدۇ. جۇڭگولۇقلار بولسا ئۇنداق قىلالمايدۇ. كۆڭۈلدىكىنى بەكمۇ ئاشكارە ئىپادىلەپ كەتمەيدۇ. سەنئەت ناھايىتى كۈچلۈك ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىرلۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ جەھەتتە دراما شىنجۇ تىياتىرلىرىنى ئۆلگە قىلىشى كېرەك.

شىنجۇ تىياتىرلىرىدا پېرسوناژلارنىڭ ئۆز - ئارا ئالمىشىشى ۋە زىددىيەتلەر توقۇنۇشى

ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. پېرسوناژلار بىلەن مۇھىت (ماددىي ۋە مەنىۋى) ئوتتۇرىسىدىكى ئالمىشىش ۋە ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مۇھىتمۇ تەكىتلىنىدۇ. بۇنداق تەكىتلەشكە ئەسەردىكى ئاساسلىق زىددىيەت توقۇنۇشنى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا شىچۇ تىياتىرلىرىدا پېرسوناژلار خاراكتېرى، ئىدىيىسى ۋە پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ تەكىتلىنىدۇ. شۇنىڭدەك پۈتكۈل تىياتىرنىڭ رىتىمى يەنى ئىدىيىۋى ھەرىكەت رىتىمى، ئىچكى ھېسسىيات رىتىمى ۋە سىرتقى ھەرىكەت رىتىمى قاتارلىقلار ئوخشاشلا تەكىتلىنىدۇ.

② مەركەزلەشتۈرۈشنى تەكىتلەش: بۇ شەرق سەنئىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى. ئالدى بىلەن ناتۇرالىزمدىن ساقلىنىش كېرەك، دراما ئۇنىڭسىز شەكىللىۋازلىق، ناتۇرالىزملىق كېسەللىككە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ. شىچۇ تىياتىرلىرىدا بولسا، مەركەزلىك ھالدا سەنئەت چىنلىقى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى بىر كۆرۈنۈشتىلا ئىپادىلەپ بېرىش مۇمكىن ئەمەس، پېرسوناژنىڭ مەلۇم بىر كۆرۈنۈشتە ئاساسلىق خاراكتېرىنىڭ مەلۇم بىر تەرىپى ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن: بىرىنچى پەردىدە پېرسوناژلارنىڭ تەربىيە كۆرگەنلىكى ۋە سالماقلىقى ئىپادىلەنسە، ئىككىنچى پەردىدە ئۇنىڭ جەسۇرانە قىياپىتى ئىپادىلىنىدۇ. مېنىڭ مەقسىتىم شىچۇ تىياتىرلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئارتۇقچىلىقلىرىنى درامىدىكى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى يارىتىشقا تەدبىقلاشتىن ئىبارەت.

③ شىچۇ تىياتىرلىرىدىكى رومانتىك ئۇسۇل: شىچۇ تىياتىرى رومانتىزم بىلەن رېئالىزمنى بىرلەشتۈرۈشنىڭ ياخشى ئۈلگىسى. شىچۇ تىياتىرلىرىدا ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مۇھىتتىكى ئالاھىدە پېرسوناژلار ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مۇھىتتىكى ئالاھىدە پېرسوناژلارنىڭ قىلىش ئېھتىمالى بولغان ئىشلىرىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

شىچۇ تىياتىرلىرىدا يەنە تۇرمۇش گۈزەللەشتۈرۈلۈپ كۆرسىتىلىدۇ. ئۇنىڭدا سەھنىدىكى تۇرمۇش يۈكسەك گۈزەللىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. سەھنىدىكى تۇرمۇش ئەسلى تۇرمۇش، بىراق گۈزەللەشتۈرۈلگەن تۇرمۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مۇھىتلارنىڭ ھەممىسىدە پەقەت ئوبراز يارىتىشنىلا مەقسەت قىلغان بولىدۇ. بۇنىڭدا پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ئارقىلىق ئوبيېكتىپ دۇنيا ئىپادىلىنىدۇ.

دراما سەنئىتى بىر تەرەپتىن ئەنئەنىۋى مىراسلارنى ئۆگىنىشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئۆزگىچە شەكلىنى يارىتىشى كېرەك.

## 4 - تىياتىر ئۆمەكلىرى قانداق قىلغاندا ئۆزگىچە ئۇسلۇب يارىتالايدۇ؟

تىياتىر ئۆمىكى تىياتىر قويغاندا، سەھنە ئەسىرى ئاساس قىلىنىدۇ. بىراق بۇ تىياتىر ئۆمىكىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى تامامەن تىياتىر ئاپتورى يارىتىپ بېرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. ئۆزگىچە ئۇسلۇب ناھايىتى ئۇزۇن جەرياندا بارلىققا كېلىدۇ. بىرەر تىياتىرغا قاراپلا ئۇنىڭ قانداق ئۇسلۇب ياراتقانلىقىنى بەلگىلىگىلى بولمايدۇ. ھەر قانداق بىر ئۆمەكنىڭ

AltunOq

مۇئەييەن بىر خىل تەسەۋۋۇرى بولىدۇ. بۇ خىل تەسەۋۋۇر رېژىسسور، ئارتىس ھەم ئۆمەك رەھبەرلىكى بىرلىكتە كېڭىشىپ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئاستا ـ ئاستا ئەمەلگە ئاشىدۇ. رېژىسسورنىڭ ئۇسلۇبى پۈتكۈل ئۆمەكنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبى شەكىللىنىشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر.

رېپېتىتسىيە جەريانىدا رېژىسسور بىلەن ئارتىسلارنىڭ ئەسەرگە نىسبەتەن نۇرغۇنلىغان پىكىرلىرى تۇغۇلىدۇ. ئەسەرنىڭ بەزى جايلىرىنى ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرتىپ بارىدۇ. بۇ چاغدا رېژىسسور بىلەن ئارتىسلار ئەسەرگە ئاپتور سۈپىتىدە ئۆزگەرتىش كىرگۈزسە بولىۋېرىدۇ.

رېژىسسور بىلەن ئارتىسلار «بىرەر يازغۇچى ياكى دراماتورگ بولماي تۇرۇپ تىياتىرنى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ» دەپ قارىماسلىقى كېرەك. تىياتىرنى ئەلۋەتتە كوللېكتىپمۇ ئىجاد قىلالايدۇ. ئەسەرگە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئورتاق ئەجرى سىڭىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆمەكتىكىلەر رېپېتىتسىيە ئەمەلىيىتى، ئويۇن قويۇش جەريانىدا يازغۇچىلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى ئۆمەكنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبى يازغۇچىغا چوقۇم تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئەسەردە ئىپادىلەنگەن مەزمۇنمۇ ئۆمەك ئۇسلۇبىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر «جۇڭگو ياشلار بەدىئىي تىياتىر ئۆمىكى»نى ھازىرقى زامان تىياتىرلىرىنى ئوينىلاشقا ماھىر، «بېيجىڭ خەلق بەدىئىي تىياتىر ئۆمىكى»نى بولسا «4 ـ ماي»دىن بۇيانقى تىياتىرلارنى ئوينىلاشقا ماھىر، دەپ قارايدۇ. تىياتىر تۈرلىرىمۇ ئۆمەكنىڭ ئۇسلۇبىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. داڭلىق يازغۇچىلارمۇ ئۆمەككە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: «ماياكوۋىسكىي تىياتىر ئۆمىكى»نىڭ ئۇسلۇبى ماياكوۋىسكىينىڭ ئالاھىدە تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى.

بىرەر ئۆمەكنىڭ ئۇسلۇبى دراماتورگ، رېژىسسور، ئارتىس ھەم سەھنە گۈزەل سەنئىتىنى لايىھىلىگۈچى قاتارلىقلار ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. دېمەك ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشى ئارقىلىق بىرلىككە كەلگەن ئۇسلۇب شەكىللىنىدۇ.

ئادەتتە ئۆمەكنىڭ ئىجادىيەت ئۇسلۇبى بىرلىككە كەلگەن تەقدىردىمۇ، ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە خاس ئىپادىلەش ئۇسلۇبى ۋە ئوينىلاش ئۇسلۇبى بولىدۇ.

ئەدەبىياتتا نەزمىمۇ، نەسرىمۇ بار، نەزمە يەنە نۇرغۇن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ. (مەسىلەن: تارىخىي داستان، خەلق قوشىقى، لىرىك شېئىرلار، چاتما شېئىرلار قاتارلىقلار) تىياتىردىكى ئۇسلۇبمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش. مەسىلەن: «جۇڭگو ياشلار بەدىئىي تىياتىر ئۆمىكى»نىڭ ئوينىغان نومۇرلىرىدا سىياسىي قىزغىنلىق ئۈستۈن، ھېسسىيات جۇشقۇن بولۇپ ئاساسەن رېئاللىقنى ئىپادىلەيدۇ. «بېيجىڭ خەلق بەدىئىي تىياتىر ئۆمىكى» بولسا ھەر قانداق تىياتىرنى ناھايىتى ئىخلاسمەنلىك بىلەن نەپىس، ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئوينىلايدۇ. ئۇلاردا ئەنئەنىۋى مىللىي پۇراق ئىنتايىن كۈچلۈك. مانا بۇ ھەر ئىككى ئۆمەكنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبى بارلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تىياتىر ئۇسلۇبى ئاساسەن رېژىسسورغا باغلىق. ھەر بىر ئۆمەكنىڭ ۋە ھەر بىر رېژىسسورنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولىدۇ. لېكىن ئۇلاردا ئوخشاشلىقمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

تىياتىرلارنى بەدىئىي جەھەتتىن بىر تەرەپ قىلىشتا بەزى رېژىسسورلار ھەر بىر ھالقىنى ناھايىتى ئىنچىكىلەپ تۇتىدۇ. بەزى رېژىسسورلار بولسا پەقەت ئاساسىي چوڭ جەھەتتىنلا تۇتىدۇ.

ئۇسلۇب ئاساسەن رېژىسسورنىڭ ئەسەردىكى تۇرمۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئىپادىلىنىدۇ. قايسى خىلدىكى بەدىئىي ۋاستە ياكى ئۇسلۇبنى قوللىنىپ ئىپادىلەش — سەنئەتتىكى بەدىئىي ئۇسلۇب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇندىن باشقا سەھنە پائالىيىتى ۋە سەھنە گۈزەل سەنئىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇسۇلى جەھەتتىمۇ رېژىسسورنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولىدۇ. مەسىلەن، رەڭنى قېنىقراق قىلىش، ئوبرازنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەش جەھەتلەردە، بەزىلەر ئەسەرنىڭ مەلۇم قىسمىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈپ ئىپادىلەشكە دىققەت قىلىدۇ، بەزىلەر ئەسەرنىڭ ھەممىلا يېرىنى ئوخشاشلا كۈچەپ ئىپادىلەيدۇ.

رېژىسسورنىڭ ئېستېتىكىلىق قارىشىدىمۇ ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئىپادىلىنىدۇ. شۇنداقلا رېژىسسورنىڭ ئەسەر توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى پىكرىنى بەدىئىي جەھەتتىن بىر ياقلىق قىلىش جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. رېژىسسور توغرا ئېستېتىكىلىق قارىشىنى يېتىلدۈرۈشى، چوقۇم گۈزەل سەنئەتنى بىلىشى، ھەم ئۆگىنىشى كېرەك.

ئۇسلۇب تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە ئېلېمېنتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

① سەنئەت چىنلىقى: ھەر قانداق ئۇسلۇب چىنلىقتىن چەتنىگەن ھالدا ھېسسىياتنى، كەيپىياتنى، قىياپەت كۆرۈنۈشىنى قوغلىشىپ كەتسە بولمايدۇ، چىنلىقتىن ئايرىلغان ئۇسلۇب مەۋجۇت ئەمەس.

② توغرا ئېستېتىكا كۆز قارىشىدىن يارقىن ئېستېتىكىلىق ۋاستە پەيدا بولىدۇ، بۇ تاماشىبىنلارنى تەسىرلەندۈرەلەيدۇ.

③ ئىپادىلەش كۈچى يارقىن، رەڭلەر ئېنىق بولۇشى كېرەك. لېكىن ھەر بىر تىياتىردا ئوخشاشلا بۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ. ئىنتايىن يارقىن بولغان تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئاساسەن پېرسوناژلار ئارقىلىق كۆرسىتىلىشى كېرەك.

④ ئۇسلۇب — تىياتىرنىڭ رەڭدارلىقىغا ئىگە بولغان بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق كۈچلەندۈرۈلىدۇ. بۇ ئىلمىي ئەنئەنىنى، غەربنىڭ قەدىمكى كلاسسىك نەمۇنىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. رېئالىزم، ناتۇرالىزمنى قوبۇل قىلغان ھەم ئۇنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەن. مۇشۇ خىل شەكىل ئارقىلىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئۇسلۇبنى بارا - بارا شەكىللەندۈرۈش كېرەك. بۇ ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرىدىغان مۇھىم بىر تەرەپ.

⑤ ئارتىسنىڭ ئورۇنلاش جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ئۇسلۇب بىلەن بىردەك بولۇشى كېرەك. مەسىلەن: جۇلىس سەيۋېنجىنىڭ رولىنى «گۇلدۇرماما»دىكى لۇشىنفىڭنىڭ رولىنى ئوينىغاندەك ئوينىسا بولمايدۇ. چۈنكى «سەيۋېنجى» قەدىمكى كلاسسىك ئەسەر ...

⑥ رېژىسسور بىلەن ئارتىسنىڭ ئۇسلۇبى بىردەك بولۇشى كېرەك. بۇنداق بولۇش ئاسان ئەمەس. مۇھىمى ئۆز-ئارا ئۆگىنىش، كېڭىشىش ئارقىلىق ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ

كەم يەرلىرىنى تولۇقلىشى، ھەم ئۆزلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى رېپېتىتسىيە جەريانىدا شۇنداق قىلىشى كېرەك. رېژىسسور ئارتىسلارنى ئۆزلۈكسىز چۈشەندۈرۈپ بېرىشى ئۈچۈن ئارتىسلار بىلەن بىللە ئېتيۇدلارنى كۆپرەك ئىشلىشى كېرەك. ئېتيۇدنىڭ رولى ناھايىتى زور بولىدۇ. بىرى ماھارەت جەھەتتە ئۆزىنى چېنىقتۇرغىلى بولىدۇ. يەنە بىرى ئەسەرگە نىسبەتەن چۈشەنچە ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى بىر تەرەپتىن ھەر خىل مەشىق ئارقىلىق ئارتىس بىلەن رېژىسسورنىڭ تېخىمۇ ياخشى ھەمكارلىقى بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلار مۇشۇنداق قىلىپ ئەسەرگە، پېرسوناژلارغا بولغان ئوي - پىكرىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇپ بىرلىككە كېلىش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، ئېتيۇت ئىشلىگەندە رېژىسسور ئارتىسنىڭ ئىجادچانلىقىغا بەكمۇ كۆپ ئارىلىشىۋالماستىن، ئىلاجى بار ئارتىسنىڭ بەدىئىي جەھەتتە بىر تەرەپ قىلىشىغا ۋە ئۇلارنىڭ ئوي - پىكرىنى جارى قىلدۇرۇشىغا يول قويۇشى كېرەك. (ئېتيۇت ئىشلەش رېپېتىتسىيىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدا ياكى رېپېتىتسىيە باشلاشتىن بۇرۇن قىلىدىغان خىزمەت) ئەگەردە ئارتىسلارنىڭ ئىشلىگەن ئېتيۇتلىرى تۇرمۇش چىنلىقى ۋە تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن بولسا رېژىسسور ئارىلاشسا بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئارتىس كېيىنكى قېتىم ئېتيۇت ئىشلىگەندە تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولغان ئوي پىكىرلىرىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ئۇسلۇب ئارتىسلارنىڭ خاسلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. لېكىن ئەڭ مۇھىمى شۇ ئەسەرنىڭ ئۆزىدىكى ئۇسلۇبتۇر. ئۆمەكتىكى پۈتۈن ئىجادىيەت خادىملىرى ئۆز ئۇسلۇبلىرىنى ئەسەر ئۇسلۇبى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئۆمەكنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنى يارىتىش ئۈچۈن ئىشنى ئالدى بىلەن رېژىسسور بىلەن ئارتىستىن باشلاش لازىم. بولۇپمۇ رېژىسسور ئارتىسلارنىڭ ئورۇنلاش ئۇسلۇبىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشى لازىم. پېشقەدەملەر بىلەن ياش ئارتىسلار ئوخشىمايدۇ. ياش ئارتىسلارنىڭ تەجرىبىسى ئاز. شۇڭلاشقا پېشقەدەملەردىن كۆپرەك ئۆگىنىشى كېرەك. لېكىن پېشقەدەملەرنىڭ تەجرىبىسى باربولغىنى بىلەن يەنە بەزىبىر نۇقسانلىرىمۇ بولىدۇ. رېژىسسورمۇ ھەم شۇنداق. رېژىسسور بىلەن ئارتىسلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلىدا چىنلىققا سادىق بولۇش ئەڭ مۇھىم. ئاندىن قالسا بەدىئىيلىكىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. دېمەك ئۆمەكنىڭ ئۇسلۇبىنى يارىتىشتا رېژىسسور ھەل قىلغۇچ ئامىل. ئارتىسلارنىڭ ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئۆمەكنىڭ ئاسلۇبى بارلىققا كېلىدۇ. «جۇڭگو ياشلار بەدىئىي تىياتىر ئۆمىكى» بىلەن «بېيجىڭ خەلق بەدىئىي تىياتىر ئۆمىكى» چىنلىق — تۇرمۇش چىنلىقى بىلەن بەدىئىي چىنلىقنىڭ بىرلىكى ئاساسىدىكى چىنلىق ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان.

ئۇسلۇب بىلەن ژانىر بەزىدە بىرلىككە كېلىدۇ، بەزىدە بىرلىككە كەلمەيدۇ. يولداش لاۋشېنى ئالساق، مەيلى ھېكايە، ئېيتىشىش، ياكى سەھنە ئەسىرى يازسۇن، ھەممىسىنىڭ ئۇسلۇبى يۇمۇرىستىك تۈس ئالغان. ئۇ يازغان كومېدىيە ناھايىتى يەڭگىل، ئازادە، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇسلۇب بىلەن ژانىر بىرلىككە كەلگەن. ئەگەر ئۇ باشقا بىر خىل ژانىردىكى ئەسەر — تراگېدىيە يازسا ئۇنىڭ ئۇسلۇبىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كېلىدۇ. رېژىسسور بولغان كىشى پەقەت كومېدىيە ياكى تراگېدىيە ئىشلەيمەن دېمەستىن ھەر خىل ئوخشىمىغان ژانىر ۋە مەزمۇندىكى تىياتىرلارغا ماسلىشىشى كېرەك.

گومورۇ ئاساسەن تارىخىي ئەسەرلەرنى يازاتتى. ساۋيۈي بولسا تراگېدىيىلىك دراممىلارنى يېزىشقا كامىل. رېژىسسورمۇ ئۆز ئۇسلۇبىنى نامايەن قىلالايدىغان تىياتىرلارنى تاللاپ رېپېتىتسىيە قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالماستىن ئەلۋەتتە ئوخشىمىغان ژانىر ياكى ئوخشىمىغان مەزمۇندىكى تىياتىرلارنىمۇ رېپېتىتسىيە قىلىشى كېرەك.

رېژىسسورنىڭ ھەر خىل ژانىردىكى ئەسەرلەرنى بىر تەرەپ قىلالايدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى كومېدىيە ياكى تراگېدىيەلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلغانلىقىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ژانىر دېگىنىمىز سەھنە ئەسەرلىرىنىڭ يېزىلىشىدا كۆرۈلىدۇ. ئۇسلۇب دېگىنىمىز رېژىسسورنىڭ بەدىئىي جەھەتتە بىر تەرەپ قىلىشىدا كۆرۈلىدۇ.

دۇنيادىكى داڭلىق رېژىسسورلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بولىدۇ. بىز ئۇلارنى تەتقىق قىلىپ تەنقىدى ئاساستا قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

شېكىسپىر ئەسەرلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى بەزى جايلار ھازىرقى تاماشىبىنلارغا ئانچە ماس كەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ بەزى جايلىرىنى مۇۋاپىق قىرقىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن: «گۇلدۇرماما»دىكى تەكرار بولۇپ قالغان جايلارنى قىرقىپ تاشلاشقا بولىدۇ. شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرىدە تراگېدىيە ئاساس قىلىنغان بولۇپ، «ھاملىت» دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ قالدى.

جۇشېڭخاۋ تەرجىمە قىلغان «ھاملىت»تىن مەن رازى ئەمەسمەن. ئەسەرنىڭ تېكىستى تامامەن نەزمىلەشتۈرۈلگەن، بەكمۇ لېرىك بولۇپ كەتكەن. تەرجىمىدىكى ئاساسلىق كەمچىلىك شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇنىڭدا ئەسلىدىكى پۇراق قالمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن شېكىسپىرنىڭ ئەسەرلىرىنى رېپېتىتسىيە قىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئابزاسلارنى قىسقارتىشقا كۆپرەك باش قاتۇرىمەن.

— خەنزۇچىدىن **تىللاقىز ماموت** تەرجىمىسى

## شەن كوۋبەيخۇي قايتىدىن كىنو مۇنبىرىگە چىقتى

شەن كوۋبەيخۇي 1980 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنى سەنئەت ساھەسىدىن چېكىنگەن ئىدى. يېقىندا ئۇ توساتتىنلا بۇ يىل يەنە ئارتىسلىق ھاياتىنى قايتىدىن باشلايدىغانلىقىنى جاكارلىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ھەۋەسكارلىرىنى خۇشال قىلدى. ئۇلار قىن - قىنىغا پاتماي، ئۆزئارا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشتى.

شەن كوۋبەيخۇي رول ئالىدىغان بۇ فىلىم كۆرۈپپەسەندىكىلەر يوشۇرۇن ھالدا تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىمەكتە. ئۇ ياپونىيىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى چۇئېن ئېپېندىنىڭ «خەۋپلىك كېچىلەر» ناملىق ئىجتىمائىي مەسىلىلەر تېما قىلىنغان رومانىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن فىلىمدىكى ئاساسلىق ئايال پېرسوناژ فاڭزىنىڭ رولىنى ئالىدۇ. سەن پۇيىۋۇخې

# سەنئەت ئۇچۇرلىرى

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقامى ئىلمىي جەمئىيىتى مۇقامشۇناسى ئابلىز ھاشىموۋ بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى

11 - سىنتەبىر كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقامى ئىلمىي جەمئىيىتى توغقان يوقلاش ئۈچۈن كەلگەن تاشكەنت سەنئەت تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇئاۋىن تەتقىقاتچىسى ئابلىز ھاشىموۋ بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر مۇقامى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن مۇھەممەد ئىمىن يۈسۈپ، مۇھەممەد زۇنۇن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىمىن تۇرسۇن، ئەمەتجان ئەھمىدى، جۇجىڭباۋ، قاۋۇل تۇردىلار شۇنىڭدەك ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن جاڭجىڭۋۇ، مامۇت قاسىم، ئىبراھىم پەخىردىن، ھۈسەيىن كېرىملەر قاتناشتى.

يىغىندا مۇئاۋىن مۇدىر مەتىمىن يۈسۈپ، مۇھەممەد زۇنۇن قاتارلىقلار سۆز قىلىپ ئون ئىككى مۇقامنىڭ ئېلىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى تەتقىق قىلىنىش ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى ھەمدە ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن سوۋېت — جۇڭگو ئىككى دۆلەت مۇقامشۇناس خادىملىرىنىڭ مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىدى.

مۇقامشۇناس ئابلىز ھاشىموۋ يىغىندا تاشكەنت، قازاقىستانلاردىكى سەنئەت تەتقىقات ئورۇنلىرىنى، ناخشا - ئۇسسۇل ئانسامبىللىرىنى ۋە ئۇيغۇر مۇقام تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئۇيغۇر، ئۆزبېك، رۇس ئالىملىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

يىغىن ئاخىرىدا مەتىمىن يۈسۈپ ئابلىز ھاشىموۋغا «قۇتاتقۇ بىلىگ» نىڭ يېڭى نۇسخىسىنى، 1960 - يىلى بېيجىڭدە نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ئىككى مۇقام» ناملىق ئىككى توملۇق كىتابىنى ۋە ئۇيغۇر مۇقامى ئىلمىي جەمئىيىتى ئەزالىرىنىڭ خاتىرە سۈرىتىنى سوۋغا قىلدى. ئابلىز ھاشىموۋمۇ ئۆزىنىڭ ئىلمىي ماقالىسى بېسىلغان ئىككى توملۇق رۇسچە كىتابىنى ئۇيغۇر مۇقامى ئىلمىي جەمئىيىتىگە تەقدىم قىلدى.

ھۈسەيىن كېرىم

---

فائىزنىڭ سۆيگىنى شىدەينىڭ رولىنى ئالىدۇ. بۇ فىلىمدە «تاڭ نۇرى» كەمپىت زاۋۇتىنىڭ دىرېكتورى ماشىگىنىڭ قىزى فائىزى شۇەنىڭ مەلۇم گۇرۇھ بىلەن كۈرەش قىلغانلىقى ھەمدە بىر جۈپ ئاچا - سىڭىللارنىڭ شىدەي بىلەن شادلىق ۋە ھەسرەت ئىچىدىكى ۋىسال ھەم ھىجرانلىق سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن. فىلىمدە ياپونىيە كارخانىچىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى خىلمۇخىل رىقابەتلەر ئارقىلىق ھازىرقى زامان ياپون جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى نامايەن قىلغان.

AltunOq

# «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق ئومۇمى مۇندەرىجىسى

## سەھنە ئەسەرلىرى ۋە كىنو سىنارىيىلىرى


قانلىق ساۋاق (دراما) ........ سەيپىدىن ئەزىزى (1 - سان)

دۇنياۋى تىلسىمات (دراما) ........ تۇرسۇن يۇنۇس (2 - سان)

ۋىجدان سىرتى ئالدىدا (دراما) ........ جاپپار قاسىم (3 - سان)

ۋاللەيچى بالا (كىنو سىنارىيىسى) ........ ئابدۇكېرەم ھاشىم، زۇنۇن تاھىر (4 - سان)

گۈلسارە (كىنو سىنارىيىسى) ........ مۇتەللىپ سىيىت (5 - سان)


## تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش


«دوۋلا» ۋە «دولان» سۆزى توغرىسىدا ........ خۇباگجاۋ (1 - سان)

«دولان» ئاتالغۇسى «داۋلا» سۆزىدىن ئۆزگەرگەنمۇ ........ ئۆمەر ئىمىن (1 - سان)

كرىزىسقا ئۇچراۋاتقان ئورۇنداش سەنئىتىنى قانداق قىلىش كېرەك؟........لى چياڭ (1 - سان)

تىياتىرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە رېژىسسورنىڭ ۋەزىپىسى ........ نىجات ئەكبەر (1 - سان)

غەرب كىنو ساھەسىدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىم ........ (1 - سان)

سوۋېت ئۇيغۇر تىياتىرى (4) ........ ئەخمەتجان قادىروپ (1 - سان)

بەدىئىي ئۇتۇق، چوڭقۇر ئىزدىنىش ........مۇھەممەت ئەيسا (2 - سان)

ئورۇنداش سەنئىتىدىكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر توغرىسىدا ........ مەرىگۈل زۇنۇن (2 - سان)

كۆسەن غارلىرىدىكى ھايۋانات سۈرەتلىرى توغرىسىدا ........ ليۇزىگچى (2 - سان)

ئۇسسۇل سەنئىتى توغرىسىدا ........ئابلىجان ھېيىت (2 - سان)

دولان ۋە دولان مەشرەپ - مۇقاملىرى ھەققىدە ........ ئۆمەر ئىمىن (3-4-سان)

تىياتىر ئارتىسى سەھنىگە قانداق چىقىش كېرەك ........تۇرسۇنجان زۇنۇن (3 - سان)

ئاتۇش ئۇسسۇلى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى ........ تۇرغۇن ئوبۇل، ھۆرىگۈل زايىت (3 - سان)

ئوتتۇرا ئاسىيا مۇزىكا ئىلمىنىڭ ئويغىنىش دەۋرى ........ ت.س.ۋىزگود (3 - سان)

گۈزەل سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى يېڭى نامايەندە ........ ئەبەيدۇللا مۇھەممەت (3 - سان)

مودېرنىزىم رەسساملىقى ۋە مىللىي ئۇسلۇب توغرىسىدا ........مۇھەممەت ھېيىت (4 - سان)

نۇرنىڭ فوتوگرافىيىدىكى رولى ........ ئابلەت راخمان (4 - سان)

سەھنە ۋە ئېكراندا ئىجابىي ھەم سەلبىي روللارنى ئېلىشتىكى تەسىراتلىرىم
........ ئاپرېل سەمەت (4 - سان)

«توقۇز» نىڭ سىرى ۋە قارا چىراغ ئۇسسۇلى ............ ئەمەت جېلىل (4 ـ سان)
مىللىي چالغۇ ـــ ناغرا توغرىسىدا ...............س. كىبىرووۋا، ف. كىبىرووۋ (4 ـ سان)
ئاۋاز بەردىسىنى قانداق ئاسراش كېرەك؟ ......................... ئاتىكەم (4 ـ سان)
سوۋېت قىرغىز بالېت سەنئىتى توغرىسىدا (2) رو. ئۇزار كىسلىدىيېۋ (4 ـ سان)
يىغىلىش ۋە ئويلىنىش (ئەدەبىي ئاخبارات) ..........ئەخمەت ئىمىن (5 ـ سان)
مىللىي سەنئىتىمىزنىڭ هازىرقى هالىتى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتى توغرىسىدا
قايتا ئىزدىنەيلى (ماقالە) ............................ تاش مامۇت (5 ـ سان)
يولداش ئىمىن ئەخمىدىنىڭ مەكتەپ چاقىرىلغان «سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت
نەزەرىيىسى مۇهاكىمە يىغىنى» دا سۆزلىگەن يېيىلىش نۇتقى .................. (5 ـ سان)
شائىر، كومپوزىتور ۋە ناخشىچى .......................... ياسىن مۇخپۇل (5 ـ سان)
شىنجاڭنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ۋە تىياتىرچىلىق سەنئىتى توغرىسىدا ئەسلىمە
.................................................................... ئېلى ئىمىزىز (5 ـ سان)
شىنجاڭنىڭ تام رەسىم ئىجادىيىتىدىكى يېڭى نامايەندە ........... تۇردى ئىمىن (5 ـ سان)
سەنئەت پىسخىكىسى ۋە شەكىل ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ..........جىڭ شۆجى (5 ـ سان)
مەن ۋە هازىرقى زامان ئۇسسۇلى ............................. خۇجيالۇ (5 ـ سان)

## سەنئەت مۇنبىرىدىكى چولپانلار

پىشقەدەم دراماتورگ ـــ شۇكىر يالقىن ............ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم (1 ـ سان)
گۈللەرگە هۆسن بەرگۈچى ـــ يېشىل ياپراق .....................ئابلەت قېيۇم (1 ـ سان)
«پارىژ رەسساملىق ئېقىمى» نىڭ ۋەكىلى ـــ پاسكىن (1 ـ سان)
مۇقام سەھنىسىدىكى خۇشناۋا بۇلبۇل ......... مېھمانجان روزى، ئابدۇرېھىم ئابدۇللا (1 ـ سان)
ئىقتىدارلىق كومپوزىتور ـــ مۇهەممەت ئەزىز ............. مىجىت نىزامىدىن (2 ـ سان)
ئابستراكت رەسساملىق ئېقىمىنىڭ ۋەكىلى ـــ كاندىنسكى (2 ـ سان)
ئۆمىد ئۇنى ئەنە شۇنداق تاۋلىغان .................. ئابدۇسالام تىلىۋالدى (2 ـ سان)
تالانت يۈكسەك تىرىشچانلىقنىڭ مەهسۇلى ................. جۇرئەت سەيپۇل (3 ـ سان)
تىياتىر سەھنىسىدە ئۆتكەن 50 يىل ........................ ياسىن مەخسۇت (4 ـ سان)
سەنئەت گۈلزارىدىكى تۆھپىكار باغۋەن ................ ھەبىبۇللا ئوسمان (4 ـ سان)
سەنئەت ئۈچۈنلا بېغىشلانغان هايات .................. تۇرسۇنئاي يۇنۇس (4 ـ سان)
40 يىل سەھنىدىن چۈشمىگەن چۈۋەر ئارتىس .............. ئېرسىبېك ئاۋدقان (4 ـ سان)
ئامېرىكا مودېرنىزملىق تراگېدىيىسىنىڭ ئىجاتكارى .................. چېن يۈەن (4 ـ سان)
ئونىل ۋە ئىپادىچىلىك ................................................ (4 ـ سان)
مەشھۇر رەسسام گويا ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ........................................ (4 ـ سان)

تەلەپچان ئارتىس ......................... ئەركال (5 - سان)
ئېكراندىن سەھنىگىچە ......................... ئۆمەر ئىمىن (5 - سان)

## ناخشا تېكىستى ۋە مەرسىيەلەر

گۈل بويى، قارا قاش ......................... تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن (1 - سان)
ھۈسەن ياخشى كۆڭلۈمنى، نېفىت ئىشقىدا ......................... ھەسەن تىلىۋالدى (1 - سان)
سايە كۆردۈم، ئاق ئەتىرگۈل جىلۋىسى، يۈيۈۋەتتىم چاي بىلەن ... تۇراپ دايىم (1 - سان)
ئەل بۇلبۇلى (مەرسىيە) ......................... تېيىپجان ئېلىيوپ (1 - سان)
ناخشا ھايات، داۋۇتجان ھايات (مەرسىيە) ......................... توختاش بەكرى (1 - سان)
ئەلۋىدا بۇلبۇل (مەرسىيە) ......................... جالالىدىن ئابدۇماناپ (1 - سان)
كۆزۈڭنى بىر ئاچقىنە ناخشا بىلەن (مەرسىيە) ...ماخمۇت مۇھەممەت (1 - سان)
داۋۇتجانغا مەرسىيە ......................... قەييۇم سوپى (1 - سان)
يارىڭ بولسا، گۈل، دەرد-ئەلەم يامان، پىراق ئوتى، دەريابويىدا...مامۇت زايىت (2 - سان)
پەرىزات قوشىقى، سۆيگۈ ۋەدىسى ......................... ماخمۇت مۇھەممەت (2 - سان)
گۈلخان بولۇپ ياندى جۇپ يۈرەك ......................... ئەخمەتجان قۇربان (2 - سان)
چولپان، ھىجران (نەسىر) ......................... ياسىن ئىمىن (2 - سان)
مەردان يىگىتلەر، بۇ مۇھەببەت، بۇ ياشلىق سېغىنغاندا ... ئابدۇللا سۇلايمان (3 - سان)
ھەسرەت، ھىجران قولىدا ......................... ئابلىجان ھېيت (3 - سان)
خاكچىغا ......................... ئاۋۇت ساۋۇت (3 - سان)
خۇشلۇشۇش، پىغان ......................... ئابابەكرى تۇيغۇن (3 - سان)
توت ناخشا ......................... مۇھەممەت ئىلى زۇنۇن (3 - سان)
بارىم ۋاپادار بولسا، شۇندىن باشلاپ، بىر جۇپ ئىز، ئۆتەي ھەر - بىر سىناقتىن،
قىزلار گۈلگە ئوخشايدۇ ......................... ھەسەن تىلىۋالدى (4 - سان)
قىز قوشىقى، ھىجران، باھاردىكى چۈش ......................... قۇربان مامۇت (4 - سان)

## ناخشا - مۇزىكا

ئانار ......................... سۆزى ۋە مۇزىكىسى ياسىن مۇخپۇلنىڭ (1 - سان)
ياردىن خەۋەر كېلىدۇ...تېكىستى ئابلىكىم باقىنىڭ، مۇزىكىسى ئابدۇقادىر قايۇتۇپنىڭ (2 - سان)
پادىچىنىڭ شادلىقى (مۇزىكا) ......................... مەتروزى تۇرسۇن (3 - سان)

— ئۆمەر ئىمىن رەتلىگەن

# يۈرەك ياشلىرى

سۆزى: تېيىپجان ئېلىيېۋنىڭ

مۇزىكىسى: ئەبەيدۇللام ئىبراھىمنىڭ

2/4 F=1





◀ تۆمۇرچى

كاتۇ (شىبە) فوتوسى

▼ قوشماقلار

غوپۇر قادىر فوتوسى





شىنجاڭ سەنئىتى

新疆艺术（维文双月刊） XINJIANG ART

«شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى (ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32-قورو).
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
مۇقاۋىدىكى رەسىملەر شىنجاڭ ماركا مەتبەئە، بېزەش شىركىتى باسما زاۋۇتىدا سېنكىغا ئېلىندى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى
پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ ۋە پارچە سېتىلىدۇ.
جۇڭگو نەشرىياتچىلىق تاشقى سودا باش شىركىتى تەرىپىدىن چەتئەللەرگە تارقىتىلىدۇ.
(بېيجىڭ 614-نومۇرلۇق خەت ساندۇقى). تاق ئايلارنىڭ 15-كۈنى نەشردىن چىقىدۇ.
باسما تاۋاق: 8. ژۇرنال نومۇرى: 7—58. تىزىم نومۇرى: 358. مەملىكەت بويىچە بىرلىككە
كەلگەن نومۇرى: CN65—1045/J تېلېفون نومۇرى: 70259. پارچە باھاسى: 1.35 يۈەن.